2005.5 天尔塔格 TANGRITAG

# تەڭرىتاغ



زەينەپ

قارا ئوت

دولانلار پارىژدا

ئاپتاپلىق يامغۇر

مەدەنىيەتنىڭ بىر قانىتى

ئەدەبىياتىمىزدىكى كەم يەرلەر

ISSN 1004-1745

INTERNATIONAL GRAND BAZAAR

# سىزنىڭ كىشىلىك ھاياتىڭىزدا چوقۇم كېلىدىغان جاي

## مىڭ كىشىلىك رېستۇرانسىمان تىياتىرخانا




ئۇرغۇيا بىرلەشكەن زىبايەت بىلەن سەنئەت ، تەملىك نازۇ نېمەتلەر ، چىن ھېسسىياتقا تويۇنغان ناخشا ـ ئۇسسۇللار ، خەتەرلىك دارۋازلىق ماھارىتى ، جۇشقۇن ۋە مەردانە دولان مۇقامى سىزنى ئۆزىگە كۈچلۈك رام قىلىۋالىدۇ .

{ئۇزۇن يىللار مەخپىي ساقلانغان دورا ماتېرىياللىرى خەزىنىسى تۈرلىرى تولۇق ۋە نۇسخىلىرى سەرخىل گىلەملەر شاھەرچىسى}

خەلقئارا چوڭ بازارنىڭ تىجارەت تۈرلىرى كۆپ ، كۆلىمى چوڭ ، كۆرۈنىشى ھەيۋەت ۋە كۆركەم : بۇ يەردە رېستۇرانسىمان تىياتىرخانا ، مىللىيچە ئالاھىدىلىككە ئىگە گىلەملەر شاھەرچىسى ، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ، كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل دورا ـ دەرمەكلەر ، داڭلىق ماركىلىق كىيىم ـ كېچەكلەر ، ئوتتۇرا ـ غەربىي ئاسىيا تاۋارلىرى ، تۈرلۈك ئېسىل ماللار ، ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملار ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ھەممىسى تەل.

[ئۆكتەبىردىكى سوۋغات]

يېپەك يولى ئېكولوگىيىلىك باغچىسى خەلقئارالىق مۇز تېيىلىش مەيدانىنىڭ 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى تىجارەت باشلىشىغا يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن ، ئۆكتەبىر مەزگىلىدە رېستۇرانسىمان تىياتىرخانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ئىستىمالچى مېھمانلارغا مۇز تېيىلىش مەيدانىنىڭ بېلىتى ھەدىيە قىلىنىدۇ .



تەپسىلاتىنى تىياتىرخانىمىزدىكى ئېلاندىن كۆرۈڭ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز !

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 50 يىللىق تويى بولۇۋاتقان خۇشاللىق كۈنلەردە ، ئۆتكەننى ئەسلەپ ، بۈگۈنكى تەرەققىياتىمىزغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئادەمنى خۇشاللىققا ، ئىپتىخارغا چۆمدۈرىدۇ . رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەينىكى بولغان ئەدەبىياتىمىز 50 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىمىز بىلەن ياندىشىپ ، تارىختىكى يۈكسەك پەللىگە يەتتى . ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى . ئەدەبىياتچىلارنىڭ سورۇنى بولغان ژۇرنىلىمىز دەۋر قەدىمىگە يېتىشىپ مېڭىشى كېرەك . 50 يىللىق تويغا ئۇلگۇرۇپ قولىمىزغا تەگكەن بۇ سان ئاپتورلارنى دەۋر رىتىمىغا يېقىنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ، سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئاساسىدا تەييارلاندى . تەرەققىيات مېۋىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ياشلىرىمىز رىقابەت ئېلىپ كەلگەن خىرىسلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ، ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش كېرەك . 50 يىللىق تويغا مەخسۇس ئاتالغان «ياشلار ۋە يېزا» ناملىق ئەسەردە بۇ روھ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . 50 يىل ئۇزۇن مۇساپە ، ئۆتكەن تارىخنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىدۇر . 50 يىلدىن بۇيان ئەدەبىياتىمىز بۇرۇنقى شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان ئەدەبىياتتىن بۈگۈنكى كۆپ خىل ژانىرلار تەڭ تەرەققىي قىلغان ، مەزمۇن جەھەتتىن تېرەنلىككە ، شەكىل جەھەتتىن رەڭدارلىققا يۈزلەنگەن ئۆزگىچە جۇشقۇن قىياپىتى بىلەن جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى خاس ئورۇنغا چىقتى . بىز ئەدەبىياتىمىزدىكى نەتىجىلىرىمىزدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلغان چېغىمىزدا ، يەنە ئەدەبىياتچىلارغا قويۇلغان تەلەپ ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز . «ئەدەبىيات ۋە مائارىپ» سەھىپىسىدىكى «ئەدەبىياتىمىزدىكى كەم يەرلەر» ناملىق ئەسەردە بۇ تەلەپ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلدى . ئىجادىيەت مەركىزى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ ، «مەدەنىيەت ۋە بازار» ناملىق سەھىپىمىزگە بېرىلگەن «دولانلار پارىژدا» ، «مەدەنىيەتنىڭ بىر قانىتى» ناملىق بۇ ئەسەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت بازىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بازارلار بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ ، مەدەنىيەت سودىگەرلىرىمىزنى قىممەتلىك ئۇچۇر ، تەجرىبە - ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەپ ، ئەقلىگە ئەقىل قوشىدۇ . ئىشىنىمىزكى ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدىبلىرى قول تۇتۇشۇپ ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىرلىكتە كۈرەش قىلسىلا ، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز تېخىمۇ پارلاق تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ.

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

## 2005.5

(ئومۇمىي 112- سان)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

# تەڭرىتاغ

## مۇندەرىجە

### مەرھابا، 50 يىل


4 شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ 50 يىلى (ماقالە) ........ ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
15 ياشلىق ۋە يېزا (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ ئىمىرھەسەن مەخمۇت
28 ئانا يەر (شېئىر) ........ ھەسەن تىلىۋالدى


### مەدەنىيەت ۋە بازار


30 مەدەنىيەتنىڭ بىر قانىتى (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ مۇسا ئەھەد، ئىمىرھەسەن مەخمۇت


### «ئاقيول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر


28 ھەسەن ـ ھۈسەن (شېئىر) ........ ئابدۇرېھىم ئابدۇللا
29 ئىككى شېئىر ........ مەتسەيدى مەتقاسىم
75 شېئىرلار ........ شاھىپ ئابدۇسالام نۇربەگ
76 ئىككى شېئىر ........ قەيسەر تۇرسۇن
77 ئۈچ شېئىر ........ چىمەنگۈل ئاۋۇت
77 ئاپتاپلىق يامغۇر (شېئىر) ........ ئەخەت كەلپىن ئىنسانىي
79 ئاچا يول (شېئىر) ........ مۇسا ئەھەد
81 قايتىپ كەلگىدىم سەھراغا (شېئىر) ........ غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت
81 شېئىرلار ........ ئەخمەتجان لوسمان (تۇغراق)
82 ئىككى شېئىر ........ ئابلەت ئەخمەت
83 سېنى كۆرمىسەم (شېئىر) ........ ئەخمەت كەلپىن ئەلتۇرك
83 تىرىلەركەن ئەركەكنىڭ روھى (شېئىر) ........ ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك
106 «ئاقيول»نىڭ تۇنجى جۇلاسى (ماقالە) ........ ئەخمەتجان قۇربان سابىرى



مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
بۇ سانىنىڭ جاۋابكار مۇھەررىرلىرى: ئەركىن نۇر، ئەكبەر سالىھ، ئىمىرھەسەن مەخمۇت
ئىجادىيەت مەركىزى خادىملىرى: مۇسا ئەھەت (ئەكلىپلىك)، ئىمىرھەسەن مەخمۇت، ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
ئىشخانا خادىمى: سەنەۋەر تۆمەر، ئالىم خالىدىن
ئېلان ۋە تارقىتىش خادىملىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت، شاۋكەت شۆھرەت

نەشرىيات باشلىقى:
ھەبىبۇللا مۇھەممەت
باش مۇھەررىر:
پولات ھېۋزۇللا

主管：乌鲁木齐市文联　主办：《天尔塔格》杂志社

2005 ـ يىللىق 5 ـ سان (ئومۇمىي 112 ـ سان)

## تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

52 قارا ئۇت (hېكايە) ........................................ تۇرغۇن مىجىت
84 زەينەپ (hېكايە) ........................................ ئابدۇكېرىم قادىر

## چەت ئەل نەزىرىدىكى بىز

63 دولانلار پارىژدا (ئەدەبىي خاتىرە) ........................................ مۇقەددەس مىجىت

## ئەدەبىيات ۋە مائارىپ

95 ئەدەبىياتىمىزدىكى كەم يەرلەر (سۆھبەت خاتىرىسى) ........................................ ئالىم خالىدىن رەتلىگەن

## ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭ

104 بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرى ۋە باشقىلار (ماقالە) ........................................ شىن ۋېي
103 مۇختار بۇغرا شېئىرلىرىدىكى ھالقىش (ماقالە) ........................................ بوغدا ئابدۇللا

## جۇڭگو ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نامايەندىلەر

109 شىن ۋېي شېئىرلىرى ........................................ ئەيۇ ياقۇپ تەرجىمىسى

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : «پارىژدىكى ئۇيغۇر قىزىنىڭ بايانى» ، «دولانلار پارىژدا» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى مۇقەددەس مىجىت

ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي شىخۇڭ يولى 52 ـ نومۇر
地址: 乌鲁木齐市西虹东路 52 号
تور ئادرېسى: http:// www.tangtitagh.net E - mail: editor@ tangritagh.net
تېلېفون: 4658897 ، 4696807 ـ 0991 پوچتا نومۇرى: 830063
ئۈرۈمچى لۇيگېندا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 ـ خەت ساندۇقى)
خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: ISS1004- I745
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 10012/ I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 ـ 58 پارچە سېتىلىشى: 6.00 يۈەن

# شنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ 50 يىلى

## ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىلىمىزدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭ تارىخىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچقان بولسا، شىنجاڭدا 1955 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن يەنە بىر زور تارىخىي ۋەقە بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت ۋە قۇلايلىق ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشتى. خۇسۇسەن ئەدەبىيات ئىشلىرىمۇ ئوخشاشلا گۈللەندى ۋە راۋاجلاندى.

دەرۋەقە بۇ 50 يىلدا شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى بىر تۈز سىزىق بويىچە تەكشى بولغان ئەمەس. ئۇنىڭدا نەتىجىلەرمۇ، ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلارمۇ بار. گۈللىنىش، كۆتۈرۈلۈشمۇ ۋە تېڭىرقاش، پۇتلىشىشلارمۇ تەڭلا مەۋجۇت. لېكىن، شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش ئۇنىڭ يۈزلىنىشى ۋە ئاساسىي ئېقىمىدۇر. بىز نەزىرىمىزنى بۇ 50 يىللىق تارىخنى ھەربىر قەدەم باسقۇچلىرىغا ئاغدۇرىدىغان بولساق، بۇ يۈزلىنىش ۋە ئاساسىي ئېقىمنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان چاغدا شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ يېڭى تەلەپ ۋە ئېھتىياجلىرىغا خېلىلا ماسلىشىپ قالغان، ئۆزىگە تۇشلۇق ئەدىبلەر قوشۇنىغا ۋە ئىجادىيەت بازىسىغا ئىگە بولغان مەزگىل ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىمىزدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوف، ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز نازىرى قاتارلىق ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىجادىيەت سېپىنىڭ ئالدىدا ماڭغان پىشقان قەلەم ئىگىلىرى تۇرمۇشنى يېڭىچە نەزەر بىلەن كۆزىتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزغىن ئىشتىراك قىلغانىدى. ياش شائىرلاردىن مۇھەممەتجان سادىق، رەخىم قاسىم، مىركامىل ياقۇپ، مىرزائىد كېرىم، مەمتىلى زۇنۇن، يازغۇچىلاردىن قەييۇم تۇردى، مالىك كېۋىر، ئەخەت ھاشىم قاتارلىق يېڭى كۆچلەر بولسا 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى①، قازاق ئەدەبىياتىدىكى ئەھۋالمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاسقار تاتاناي، نىغمەت مىڭجانى، قۇرمانالى ئوسمان قاتارلىق يازغۇچىلار سەپنىڭ بېشىدا ماڭدى②. قىرغىز ئەدەبىياتىدا ئامانتۇر بايزاق، سەكەن ئۆمۈر③ قاتارلىقلار، موڭغۇل ئەدەبىياتىدا سى. ئۆلزەبات، توختۇق④، خۇيزۇ ئەدەبىياتىدا بەي لىيەن، ياڭ فىڭ⑤، تاجىك ئەدەبىياتىدا تابىلدى ھوشۇر، مۇھەممەت روزى⑥، ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا نۇرمۇھەممەت ئېركى، ساپاخان بولات⑦، شىبە ئەدەبىياتىدا جاۋ لىڭخۇ، جۇڭ لۇ ⑧ قاتارلىق ئەدىبلەر ئازادلىقتىن كېيىنكى مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە ئىجادىيەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئۈلگە بولدى. مانا مۇشۇنداق بىر قەدەر پىشىپ يېتىلگەن قوشۇنغا ئىگە مىللىي ئەدەبىياتنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى باشلىنىش نۇقتىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئوتتۇرا سەۋىيىدىن يۇقىرى بولۇپ، جۇڭگو ئەدەبىيات سەھنىسىدە شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس سىماسى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلانغانىدى. يەنى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچى ـ شائىرلىرى مەملىكەت ئىچىدە خېلىلا كەڭ دائىرىدە تەسىر قوزغاشقا ۋە



تونۇلۇشقا قادىر بولالىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەدەبىـ
يات ـ سەنئەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى ، ئەدەبىي
ژۇرنال ، نەشرىيات ، گېزىت قاتارلىق نەشر ئەپكارلىرىنىڭ
رەسمىي قۇرۇلۇشى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تېز يۈكسىلىـ
شىگە پۇختا ئاساس سالدى . مەسىلەن ، ئۇيغۇر ، خەنزۇ ،
قازاق يېزىقلىرىدا چىقىدىغان «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ
سەنئىتى» ژۇرنىلى (كېيىنچە مىللىي تىلدىكىلىرى
«تارىم» ، «شۇغىلا» دەپ ئۆزگەرتىلگەن)نىڭ تەسىس
قىلىنىشى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر ، قازاق ،
قىرغىز ، موڭغۇل ، شىبە بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە
«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇر ، قازاق ، موڭغۇل يېزىـ
قىدا چىقىرىلىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
تۇرمۇش ۋە خىزمەتلىرىگە قۇلايلىق يارىتىش بىلەن بىللە
ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتىغا زور ئىلھام بەخش ئەتتى .
بۇنداق ئىجادىيەت بازىلىرىنىڭ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىلـ
لەت يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىـ
رىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش خېلىلا مۇشكۈل . چۈنكى
تاكى XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە بولغان ۋاقىتقىـ
چە بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئاغزاكى شەـ
كىلنى بىردىنبىر تارقىلىش ۋاسىتىسى قىلىپ كەلگەنىـ
دى ياكى قوليازما شەكلىدە خەلق ئارىسىدا تارقالغانىدى .
بۇنداق ھالەت ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئاـ
رىسىغا تارقىلىشىنى چەكلەپ ، خەلقنىڭ مەنىۋى تەشـ
نالىقى تولۇق قاندۇرۇلمىغاندىن باشقا ، ئەدەبىياتنىڭ تەـ
رەققىياتىنى چەكلەپ كەلگەنىدى . ھەرقايسى مىللەتلەر
ئەدەبىياتىنىڭ ئارىسىدا پەرق خېلىلا چوڭ بولغاچقا ،
بۇنداق پەرقنى قىسقارتىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىجادىـ
يەت بازىلىرىنى قۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئىدى .
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن مانا
مۇشۇ خىزمەتلەر قولغا ئېلىنىپ ، ساقلانغان چوڭ توـ
سالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلاندى . بۇ شىنجاڭ مىللىي ئەدەـ
بىياتىنىڭ XX ئەسىردە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ ئۇـ
تۇقى ھېسابلىنىدۇ.

50 ـ يىللار شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنىڭ
يېڭىچە زامانغا لايىقلىشىش ، ژانىرلار جەھەتتە كۆپ
خىللىشىش ، زامانىۋى ژانىرلارنى دەسلەپكى قەدەمدە
ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۆزئارا تەسىر قوبۇل قىلىش باسقۇچى
بولدى . بۇ دەۋردە شېئىر ئىجادىيىتىدە شائىرلار تولۇپ
تاشقان قىزغىنلىقى ۋە يېڭىچە ئىلھامى بىلەن مەزمۇن
جەھەتتىن يېڭى زامانغا بولغان مەدھىيىنى ئاساس ، شەـ
كىل جەھەتتىن ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى داۋام
قىلدى . يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۇستىدە ئىزـ
دەندى . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، قەلەم ئىگىلىرى
ئاڭلىق رەۋىشتە كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ھاسىلاتلىرى
ئاساسىدا مىللىي ئەدەبىياتقا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتـ
تىكى يېڭى تۈسلەرنى قوشۇشقا تىرىشتى . مانا بۇ دەۋر
سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ بىخلىنىش دەۋرى ئىدى.

مىللىي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئىجادىيەت ئىشلىرى
1957 ـ يىلىغا كەلگەندە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى . ئىـ
جادىيەت ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ، ئەدەبىـ
يات سىياسىتىدىن روھلانغان ھەر مىللەت ئەدىبلىرى
يېڭى زاماندا ئويغانغان تۇيغۇلىرىنى ساددا ھالدا بايان
قىلىشتىن يېڭى تۇرمۇشنى ، يېڭى كىشىلەرنى خېلى
مۇرەككەپلىكى بويىچە يېزىشقا تىرىشتى . تىلغا ئېلىشقا
ئەرزىيدىغان بىر يېڭىلىق شۇكى ، تۇرمۇشنىڭ ئاچـ
چىق ـ چۈچۈكلىرى ھەققىدە ، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل
كەيپىيات ۋە ئىللەتلەر ھەققىدە ئۆزگىچە پىكىرلەرنىمۇ
ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر تۈركۈم ئەسەرلەر دۇنياغا كەلدى .
بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن تېيىپجان ئېلىـ
يوفنىڭ «ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» ، مۆمىن سەپىرىـ
نىڭ «قۇلۇپلانغان كابىنەت» ، رەخىم قاسىمنىڭ «باشلىق
چۈشكەن پايىدا» قاتارلىق ساتىرالىرىنىڭ دەل مۇشۇ
مەزگىلدە يورۇقلۇققا چىققانلىقىدىنمۇ بىز ئىجادىيەتتىـ
كى ئەركىن كەيپىياتنى ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تۇرـ
مۇشقا يېقىنلىشىشۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز . بىزگە
مەلۇمكى ، مەدھىيە ئاساسىدا لايىقىدا بېرىلگەن تەنقىدـ
نىڭ ئۆزىمۇ بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلىش
دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى . ئۇ ئىـ
جادىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالالايدۇ .
دېمەك ، بۇ مەزگىلدە ئىجادىيەتتە كۆرۈلگەن ئەسەر مەزـ
مۇنى جەھەتتىكى بۇنداق ئىچكىرىلەش شەكىل جەھەتـ
تىكى يېڭىچە ئىزدىنىش بىلەن بىرلىشىپ⑨ ، مىللىي
ئەدەبىياتنىڭ رەڭدارلىقىنى خېلىلا ئاشۇردى . بۇ ھال
شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر تارىخىي
دەۋردىكى دەسلەپكى ، شۇنداقلا ئۇتۇقلۇق باسقان قەدىـ
مى ھېسابلىنىدۇ.

50 ـ ، 60 ـ يىللاردىكى شېئىرىيەتنىڭ ئاساسلىق يەنە
بىر مۇۋەپپەقىيىتى بۈگۈنكى دەۋر داستانچىلىقىنىڭ
شەكىللەنگەنلىكى بولدى . بۇ يىللاردىكى داستانچىلىق
شىنجاڭ ھەر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك داستانـ
چىلىقنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە
خەنزۇ ۋە چەت ئەل داستانچىلىقىنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل
قىلىپ ، ئىجادىيەت يولىنى كېڭەيتتى.

لېكىن ، ياخشى ۋەزىيەت ئۇزۇنغا بارماستىنلا ، شۇ
يىللىرى قوزغالغان «ئوڭچىل»لىققا قارشى تۇرۇش ۋە
ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا باشلانغان «يەرلىك مىللەتچى»لىككە
قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى ئەدەبىي

ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى خېلىلا بوغۇپ قويدى . يۇمران نوتىدەك يېتىلىۋاتقان ئىجادىيەت قوشۇنى ۋە نەشر ئورۇنلىرى ۋاقىتسىز تەگكەن ئۈششۈكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى . بىر مەزگىللىك «سولچىل»لىقنىڭ كۈچىيىشىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان سىياسەت جەھەتتىكى تەڭشەش ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرىدىكى تەرتىپكە سېلىشلار ئىجادىيەتكە ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى . مانا مۇشۇنداق تەرتىپكە سېلىشنىڭ نەتىجىسىدە «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» (تېيىپجان ئېلىيوف) ، «تارىم قىزى» (نىمشېھىت) ، «باھار شاۋقۇنى» (مۇھەممەت رېھىم) ، «جەننەت نەدە دېسەڭلار» (ئابدۇكېرىم خوجا) ، «سايرام رىۋايىتى» (سۇلتان ماجىت) ، «غوجاخۇننىڭ ھاياتى» (ئامانتۇر بايزاق) ، «چاقماق تەڭرى» (تۇرغاناي قىلىچبەك) قاتارلىق ئەسەرلەر مۇشۇ مەزگىلدە يورۇقلۇققا چىقتى . كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغىنى ، ئۇبېيىكتىپ جەھەتتىكى ۋە باشقا تەرەپلەردىكى ئاز بولمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، بۇ چاغدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولالمىدى . يەنى تەرەققىيات سەۋىيىسى ، تەرەققىيات سۈرئىتى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولدى . مەسىلەن ، 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ قىرغىز يېزىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولغاچقا ، بۇ ھال قىرغىز تىل ـ يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەدەبىي ئىجادىيەتكە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى . لېكىن ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى ، ئىجادىيەت شۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىرغىز يازغۇچىلار ئۇيغۇر تىلىدا ، شىمالىي شىنجاڭدىكىلىرى قازاق تىلىدا يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى . ئالايلى ، سەكەن ئۆمەرنىڭ ئالدى بىلەن «تارىم»دا ئېلان قىلىنىپ ، ئاندىن كېيىن خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنغان ، مەملىكەت ئىچىدە خېلىلا تەسىر قوزغىغان «قايتا ياشارغان ئادەم» ھېكايىسى مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان . بۇنداق ئەھۋال تاجىك ئەدەبىياتىدىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ ، تاجىك ئەدىبلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەرلەر يېزىپ ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۈزۈپ قويمىدى . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، ئەڭ قىيىن شارائىتتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتى بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ ، تەڭ گۈللىنىش ، تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان . بۇ مەزگىلدە شېئىر ۋە ئاز ساندىكى ھېكايىلەردىن باشلانغان بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىز تەدرىجىي ھالدا دراملار ، فېلىيەتونلار ، كىنو سېنارىيىلىرى ، ئوچېركلار ، ھەتتا پوۋېستلاردىن ئىبارەت خىلمۇخىل ژانىر ۋە شەكىللەر بىلەن بېيىپ باردى . مىللىي يازغۇچىلار خەلقىنىڭ خۇشاللىق تەنتەنىلىرى ، بەختىيار تۇرمۇش ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈردى . گەرچە نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىش ھەققىدە كونكرېت رامكىلار بار بولسىمۇ ، ئەدىبلىرىمىز ئەدەبىياتقا ۋە تۇرمۇشقا سادىق ۋىجدانى بىلەن ئەسەر يېزىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا ، مۇھەببەت تېمىسىدا ، ئەمگەك تېمىسىدا ، ئەخلاق تېمىسىدا بىرقەدەر ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى . بۇلار بىرىنچى باسقۇچتىكى شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا باش كۆتۈرگەن «سولچىل» خاھىش 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا تەدرىجىي كۈچىيىپ ، 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا ئۇلانغاندىن كېيىن ، بۇ ئېغىر پاجىئە شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىغا زور ئاپەتلەرنى كەلتۈردى . بىراق بۇنىڭلىق بىلەن يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئىرادىسى سۇنۇپ قالمىدى ، ئەمگەك مەيدانلىرىدا ، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ئەركىنلىك ، ئادالەتكە تەشنا بولغان ئۇتلۇق شېئىرلارنى يازدى ، ئۇ ئەسەرلەر قوليازما سۈپىتىدە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغاندى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كەلتۈرگەن ئېغىر زىيان تۈپەيلىدىن ، ئەدەبىيات گۈلزارىمىز بىر مەزگىل پايخان قىلىنغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ تۈپەيلى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتمىدى . جەسۇر ئەدىبلىرىمىز ئەدەبىياتقا سادىق قەلبى بىلەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بولمىغان ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئۈمىدۋار ياشىدى ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىجاد قىلدى.

1979 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشلانغان «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پەرۋاز قىلدۇرغان ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى . ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قايتا قۇرۇشنىڭ دولقۇنى قوزغالدى . بىراق ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيانقى نامراتلىقتىن ، بېكىنمىچىلىكتىن شەكىللەنگەن مەنىۋى گادايلىق ، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن سىغىشالمايدىغان قاشاڭلىق ۋە قالاق ئىقتىسادىي قاراشلار تەرەققىياتىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولۇشقا باشلىدى . كونىلىقتا تۇرۇش بىلەن ئىسلاھات ، نامراتلىق بىلەن روناق تېپىش ، نادانلىق بىلەن ئىلىم ـ پەن ، قاتماللىق بىلەن ئىجادىيلىق ، زامانىۋى ئىقتىساد قارىشى بىلەن ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنىڭ زىددىيەتلىرى

كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بىراقلا ئاشكارىلاندى . ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپلىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى دولقۇنىنى تەقەززا قىلدى . دەل مۇشۇ تەقەززالىق شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىنى ئۆز ئۇستىدە ئويلىنىشقا ، ئۆزىنى قايتا تونۇشقا مەجبۇرلىدى . بۇ تەقەززالىق تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تونۇيالايدىغان بىر تۈركۈم پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئىجادىيىتىدە يېڭى بىر سەھىپىنى ئاچتى . بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ئۆسۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە زور بۇرۇلۇش ياسىدى . دەل مۇشۇ تەقەززالىق بىر ئەۋلاد يازغۇچىلارنى ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىقاردى.

بۇ باسقۇچتا ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ جىپسىلاشتى ، يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ئويغىنىپ ، بەدىئىي جەھەتتىكى ئىزدىنىش ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك كەيپىياتقا ئايلاندى . «چەكلەنگەن رايون»لار بۇزۇپ تاشلىنىپ ، رېئال تۇرمۇشتىكى ھەممە ساھە ، ھەممە تەرەپلەر ئەسەرلەرنىڭ تېمىسىغا ئايلاندى . مىللىي ئەدەبىيات ژانىر ، مەزمۇن ، شەكىل جەھەتتىن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپ خىللاشتى.

ئۈنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەت ـ ئوبلاستلىق ئەدەبىي ژۇرناللار ، نەشرىياتلار كەينى ـ كەينىدىن ئەسلىگە كېلىپ ۋە يېڭىدىن قۇرۇلۇپ ، قەلەم ئىگىلىرىگە كەڭ ـ كۇشادە سورۇن ھازىرلاندى . ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ۋە باشقا نازارەتلەردە ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، موڭغۇل يېزىقلىرىدا «تارىم» ، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ، «شۇغىلا» ، «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى» ، «چولپان» قاتارلىق ژۇرناللار چىقىرىلغان بولسا ، يەرلىك ئورۇنلاردا «ئىلى دەرياسى» ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ، «يېڭى قاشتېشى» ، «تۇرپان ئەدەبىياتى» ، «بوستان» ، «تارىم غۇنچىلىرى» ، «تەڭرىتاغ» ، «ئىلى ئايدىنى» ، «ئالتاي ئاياسى» ، «چالغىن» ، «قۇمۇل ئالقابى» ، «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» ، «بايىنغولىن» ، «بورتالا» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللار ، مىللىي يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مەخسۇس خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرىدىغان «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى مەيدانغا كەلدى . ئۇيغۇر ، قازاق يېزىقلىرىدا كىتاب چىقىرىدىغان نەشرىيات ئورۇنلىرىلا كۆپىيىپ قالماستىن ، موڭغۇل ، قىرغىز ، شىبە تىللىرىدا كىتاب چىقىرىدىغان نەشر ئورگانلىرىمۇ قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلدى . ھەتتا ناھىيە ، شەھەرلەردە ، بەزى يېزا ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە شاپىگرافتا بېسىلغان ژۇرنال ، تام گېزىتلەر چىقىرىلىشقا باشلاپ ، ئەدەبىياتقا كۆڭۈل بۆلۈش بىر خىل ئاممىۋى كەيپىياتقا ئايلاندى.

1986 ـ يىلىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان يازغۇچىلار 53 نەپەرگە ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 605 نەپەرگە يەتكەن . ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەر مىللەت ھەۋەسكار ـ ئاپتورلىرىنىڭ سانى 4 مىڭ ئەتراپىدا بولغان⑩. 2005 ـ يىلىدىكى ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانساق ، ھازىر 147 نەپەر ئەدىب جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 1840 نەپەرگە يەتكەن . ژۇرناللارنىڭ تىراژى شىددەت بىلەن ئۆسۈپ ، ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇش قىزغىنلىقى ئەۋج ئالدى . ھازىرغىچە مەملىكەتلىك «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ سانى 104 پارچىغا يەتتى . پروزا ، شېئىرىيەت ، دراماتورگىيە ، ئەدەبىي تەنقىد قاتارلىق ژانىرلار بويىچە مەملىكەت دەرىجىلىك مۇكاپات ئالغان ئەدىبلەرنىڭ سانىمۇ بىرقەدەر كۆپ بولدى . ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە جەمئىي 145 ئەسەر ، 147 ئەدىب شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى . ئاپتونوم رايونىمىزدا 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان قەرەللىك بىلەن ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان «باللار ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش پائالىيىتىدە جەمئىي 100 دىن ئارتۇق ئەسەر مۇكاپاتلاندى . ئۇنىڭدىن باشقا ، «يېڭى دەۋر مۇنەۋۋەر ئەسەر ، مۇنەۋۋەر ئەدىب» مۇكاپاتى ، «ئەدەبىي تەرجىمە» مۇكاپاتى ، «تەڭرىتاغ» ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى قاتارلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ سانى 80 دىن ئاشىدۇ . بۇ قاتاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە يىلدا بىر قېتىم تارقىتىلىۋاتقان «خانتەڭرى ئەدەبىيات» مۇكاپاتى» ، قازاق ـ قىرغىز ئاپتورلار ئۈچۈن «دۇلدۇل» مۇكاپاتى ۋە يەرلىك مۇكاپاتلارمۇ بار . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، يۇقىرىقىدەك نادىر ئەسەرلەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى ، مۇكاپاتلىنىشى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇش تەشنالىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان مىللىي ئەدەبىياتنىڭ بۇ گۈللىنىش مەزگىلىدە شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى ژانىرلارنىڭ تۆرىدە

تۇرۇپ كەلگەن شېئىرىيەت يەنىلا باشلامچىلىقنى قولدىن بەرمىدى . شائىرلار ئىككىنچى قېتىملىق هايات ئاتا قىلغان دەۋرنى ، ئىسلاھاتنى ، يۈكسىلىۋاتقان مىللىي روھنى زوق ــ شوقى بىلەن كۈيلىدى . ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن رەخىم قاسىمنىڭ «يەر — ئۇلۇغ ئانا» ، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرنىڭ «شارقىراتما» ، مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ «مەن كېلىمەن ئىككى كۆزۈم ياش» ، ئارسلاننىڭ «ئاھ مېنىڭ خەلقىم» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلىرى يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىغا تولۇق ۋەكىللىك قىلىدۇ . بۇ مەزگىلدىكى شېئىرىيەت شېئىر ، باللادا ، داستان ، شېئىرىي رومان قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر بويىچە تېز راۋاجلاندى . بۇنداق ئەھۋال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس ، قازاق ، قىرغىز ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى . يەنى ماغاز رازدانىنىڭ «سىرىق داۋان» ، نىغمەت مىڭجانىنىڭ «قارلىغاچ» ناملىق شېئىرىي رومانلىرى يېڭى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولدى . قىرغىز شېئىرىيىتىدە بولسا م . ئەرگى يېڭى تۈر ھېسابلانغان باللادا ژانىرىدا قايسى تىلغا تەرجىمە قىلسا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولغان «ئادالەت گۈلى» ، «ئەرمەك» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى . موڭغۇل شائىرى س . بازىرنىڭ «رېئاللىقتا ئايلانغان چۈش» ، خۇيزۇ شائىرى شى گېنىڭ «سۆيىمەن سېنى شىنجاڭ» ، تاجىك شائىرى مۇنى تابىلدىنىڭ «پامىردا توي» ، شىبە شائىرى گو شياۋلياڭنىڭ «يۇرتۇم» ، ئۆزبېك شائىر تەلئەت ناسىرىنىڭ «مەن ئۆزبېك ئوغلىمەن» قاتارلىق شېئىرلىرى يېڭى دەۋر شىنجاڭ ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن دېرەك بېرەلەيدىغان ئەسەرلەر جۈملىسىدىندۇر . بۇ باسقۇچتىكى شائىرلار قوشۇنىغا قارايدىغان بولساق ، مۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتىمىز: بۇ باسقۇچتا ئالدىنقى 17 يىللىق ئەدەبىيات باسقۇچىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ياكى بۇ ساھەگە يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن شائىرلار قايتىدىن ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلدى . شىنجاڭ بۈگۈنكى زامان مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋالىرى بولغان ئەھمەد زىيائى ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، تېيىپجان ئېلىيوف ، ئومارغازى ئايتان ، قۇرمانالى ئوسمان ، شاكەن ئوڭالباي قاتارلىق شائىرلار قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ ، پىشقان ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ئۆز خەلقىگە تەقدىم قىلغان بولسا ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ قۇربان بارات ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ، م . ئەرگى قاتارلىق 50 ــ يىللىرى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن شائىرلار يېڭى دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ۋەكىللىرىدىن بولۇپ قالدى . بۇ دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ ، رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلارمۇ ، سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن لىرىكىلارمۇ ، تەبىئەت تەسۋىرلەنگەن قەسىدىلەرمۇ ، ئىنسان ئۇلۇغلىنىدىغان لىرىكىلارمۇ يېزىلدى . بەزى شېئىرلاردا خەلق تەقدىرى ھەققىدىكى چۇقانلار ئىپادىلەنسە ، يەنە بەزى شېئىرلاردا پەلسەپىۋى تۈس ئالغان مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى . شېئىرىيەت پىكىردىكى ئاددىيلىقتىن ، يالىڭاچلىقتىن ، تەكرارلىنىشتىن بارغانسېرى قۇتۇلۇپ باردى . يەنە بىر تەرەپتىن ، شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ئۇسۇل ، ماھارەتلەرمۇ كۈنسېرى يېڭىلىنىپ ، ئۆزگىرىپ باردى ، قەلب مونولوگى ، ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى ، ناتونۇشلاشتۇرۇش ، تۇيغۇنى يېزىش ، سىمۋوللاشتۇرۇشقا ئوخشاش ئۇسۇللار شېئىرىيەتتە كۆپلەپ قوللىنىلىشقا باشلىدى . لىرىكىلىقنىڭ كۈچىيىشى ، شېئىر قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بېيىغانلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى روشەن نامايان قىلدى.

شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىكى پروزا ئىجادىيىتى بولسا 80 ــ يىللاردىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلىپ ، ئۆزىنىڭ مول ھوسۇللۇق مەۋسۇمىنى باشلىدى . پروزىمىزدا يېزا تېمىسى ، سانائەت تېمىسى ، شەھەر تۇرمۇش تېمىسى ، مۇھەببەت تېمىسى ، ئىسلاھات تېمىسى ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى تېمىسى ، ئاياللار تېمىسى ، تارىخىي تېما قاتارلىق نۇرغۇن تېمىلار تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى . يازغۇچىلار ھېكايە ، پوۋېست ئىجادىيىتىدىن باشقا رومان ساھەسىگە ئىچكىرىلەپ كىردى ۋە دەسلەپتىلا زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى . چۈنكى ، شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتى ئازادلىقنىڭ ئالدى ــ كەينىدىلا رومان چۈشەشكە باشلىغانىدى ، ھەتتا رومانىنىڭ دەسلەپكى ئورگىناللىرى يېزىلىپمۇ قالغان . شۇڭا ، ئۇيغۇر يازغۇچىسى مەمتىمىن توختايوپنىڭ «قانلىق يەر» رومانىنىڭ ئازادلىقنىڭ ئالدىدا يېزىلىپ ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىلا خەنزۇچە ئەدەبىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغانلىقىنى ھەرگىز تاسادىپىيلىق دېيىشكە بولمايدۇ . 70 ــ يىللاردىن كېيىن ، يازغۇچىلارنىڭ رومان يېزىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى . بىز 1976 ــ يىلى ئېلان قىلىنغان «قىزىلتاغ باتۇرلىرى»نى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ بىر مەزگىللىك ئۈزۈكچىلىكتىن كېيىنكى نامايەندىسى دەپ قارايدىغان بولساق ، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى پۈتۈن شىنجاڭ ئەدەبىياتىدىكى بىر بۆسۈش دەپ ھېسابلايمىز . بۇ رومان ئېپىك ئەدەبىياتقا خاس بولغان

سىھرىي كۈچنى تولۇق ھازىرلىغانلىقتىن ، كەڭلىك ۋە تېرەنلىك جەھەتتىن ئېستېتىك چاڭقاقلىقا شىپاھ بولۇپ ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش سەۋىيىسىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى . ھەتتا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ جانلىنىشىغىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى . ئەدەبىي تەنقىدچىلەرلا ئەمەس ، ئوقۇرمەنلەرمۇ «ئەلا زادى قانداق ئوبراز؟ رىقىپ زادى كىم؟» دېگەن سوئاللار ھەققىدە باش قاتۇردى . بۇ ئەلۋەتتە رومانىنىڭ ئېستېتىك كۈچىنى دېرەكلەيدىغان پاكىتتۇر . ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئېلان قىلىنغان «ئۆچمەس ئىزلار» ، «ئىز» ، «ئىلى دولقۇنلىرى» قاتارلىق تارىخىي رومانلار بولسا ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ پىشىپ ـ يېتىلگەنلىكىنى نامايان قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات تېخىمۇ ئوكۇشلۇق بولدى . «ئويغانغان زېمىن» ، «ئۇنتۇلغان كىشلەر» ، «قىساس» ، «تۇندىكى چاقماق» ، «قاينام ئۆركىشى» ، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ، «مەھمۇت قەشقەرى» قاتارلىق تارىخىي رومانلارنىڭ نەشردىن چىقىشى بىلەن ئۇزۇندىن بۇيان چەكلىنىپ كەلگەن تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىش توسۇقى بۇزۇپ تاشلاندى . باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ رومانچىلىق ئالدى ـ كەينى بولۇپ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى . قازاق ئەدەبىياتىدا جاقىپ مىرزاقانىنىڭ «ئارمان قىياسىدا» ناملىق رومانى 1979 ـ يىلى قازاق رومانچىلىقىدىكى تۇنجى رومان سۈپىتىدە ئېلان قىلىنغان بولسا ، جۇماباي بىلالنىڭ «تاغ بېشىدىكى ئىشلار» ، ئورازقان ئاخمەتنىڭ «ئۆزگەرگەن دىيار» قاتارلىق رومانلىرى ، موڭغۇل ئەدەبىياتىدا ئۇچچىرنىڭ «يېشىل باياۋان» رومانى قاتارلىقلار 80 ـ يىللاردىكى پروزىنىڭ نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلدى.

بۇ مەزگىلدىكى پروزا ئىجادىيىتىدە ھېكايىچىلىق پىشىپ يېتىلىپ ، پوۋېست بىلەن رومان ئىجادىيىتى ئەدىبلەرنىڭ ئېستېتىك ئىزدىنىش نۇقتىسىغا ئايلاندى . ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە يازغۇچىلىرىمىز رېئالىزمنىڭ چەكسىز ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ ، تۇرمۇشنى مېخانىك ھالدا ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ماھىيەتنى يېزىش باسقۇچىغا ئۆتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتىمۇ بىر خىللىق بۇزۇپ تاشلىنىپ ، پروزا تىلى ، پروزا قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىچە بايان شەكىللىرى قوللىنىلدى . بۇ دەۋردە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى رومان يېزىشتا تارىخىي تېمىلارغا كۆپرەك مايىل بولغان بولسىمۇ ، يېزا تۇرمۇشىنى ، دېھقانلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ، ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە يەنىلا ھېكايە ، پوۋېست ژانىرلىرىغا كۆپرەك مۇراجىئەت قىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە زوردۇن سابىرنىڭ سەھرا ھېكايىلىرى («قەرزدار» ، «دولان ياشلىرى» ، «قوشنىلار» ، «ئېھ ، توپىلىق يول») ، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ رېئالىستىك ساتىرالىرى («بۇرۇت ماجىراسى» ، «مۇساپىرلار قاۋاقخانىسى» ، «ئايخان») ، ئەخەت تۇردىنىڭ تۇرمۇشقا يېقىن ھېكايىلىرى («خەير ـ خوش توققۇز كۆنلۈك ماكان») ، مۇھەممەت باغراشنىڭ يېڭى دەۋر ئەپسانىلىرى («ئاقساق بۇغا» ، «كەلكۈن») ، ئەختەم ئۆمەرنىڭ تەنقىدىي رېئالىزمى («زېمىن ، قارا ئادەملىرىڭگە» ، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل») ، خالىدە ئىسرائىلنىڭ نەسرىي لىرىكىلىرى («ھاڭگىرت كۆلى» ، «قۇملۇقنىڭ چۈشى») ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ رەڭدارلىقىنى شەكىللەندۈردى . بۇلارنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى . بۇنىڭدا يەنە ئابدۇللا ساۋۇت ، نۇرمۇھەممەت توختى ، توختى ئايۇپ ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ، قادىر ئارسلان ، سەمەت دۇگايلى ، ئالىمجان ئىسمائىل ، ئابدۇللا ساۋۇت قاتارلىق ئىستېداتلىق يازغۇچىلارمۇ ئاكتىپ رول ئوينىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزگىچىلىكى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ، ئۆزگىچىلىكى بىلەن تونۇلغان ، ئۆزگىچە تەئەللۇق ئوقۇرمەنلەر توپىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ چوڭ قوشۇنى تۈزۈلدى . پۈتۈن ئەدەبىيات سەھنىسىدە ئۈچ ئەۋلاد يازغۇچىلارنىڭ سىماسى تەڭ كۆرۈندى.

باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ ئەدىبلەر قوشۇنى ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن زورايدى . قازاق ئەدەبىياتىدا ياش يازغۇچى ئەكبەر مىجىت «نۇرمان بوۋاي ۋە ئوۋ ئىتى بارىس» ، «ئېھ ، 15 ياشلىق خالىدە» ناملىق ھېكايىلەرنى خەنزۇ تىلىدا ئېلان قىلىپ ، مەملىكەت ئىچىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى . ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ ئەكبەر مىجىتنىڭ پروزا ئىجادىيىتىگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەنىدى . فىزىكا ئالىمى سۇلتان جانبولات دەسلەپكى فانتازىيە ھېكايىلىرى بىلەن پروزا ئىجادىيىتىگە يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەن بولسا ، كېيىن قازاق تارىخىي رومانچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلانغان «ئېلجاۋ كۆنبىي» ئەسىرى بىلەن مەملىكەت ئىچىدە بىرقەدەر زور داغدۇغا قوزغىدى . كۆنگەي مۇقاجان ، ئومارغازى ئايتان ، جۇماباي بىلال قاتارلىق يازغۇچىلار قازاق پروزىسىنىڭ گۈللىنىشىگە پۇختا ئاساس سالدى . قىرغىز يازغۇچىلاردىن سەكەن ئۆمۈر ، مۆمىن تۇردى ، موڭغۇل يازغۇچىسى بادەي ، شىبە يازغۇچىسى گو جىنەن قاتار-

لىقلار 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۆز رومانلىرىنى ئېلان قىلىشقا مۇيەسسەر بولدى.

رومانلاردىن «ئىز» ، «ئويغانغان زېمىن» (ئا . ئۆتكۈر) ، «ئانا يۇرت» (ز . سابىر) ، «سۇتۇق بۇغراخان» (س . ئەزىزى) ، «مەھمۇت قەشقەرى» (پ . جىلان) ، «قۇم باسقان شەھەر» (م . هوشۇر) ، «سىرلىق ئارال» (ئە . ئۆمەر) ، «بۆرە ئانا» ( ت . ئايۇپ) ، «سەرسان روھ» (ئە . تۇردى) ، «جاللات خېنىم» (ي . سادىق) ، «جانبېك باتىر» (ش . قۇمار) ، «ئېلجاۋ كۈنبېي» (س . جانبولات) ، «روھ» (ئا . ئىسمائىل) ، «ئۆركەشلىگەن كەيدۇ دەرياسى (خ . بادەي) ، «ئۆچمەس تۆھپە» (گو جىنەن) ، «قۇياشقا يېقىن كىشلەر» (ئا . زەمىرى) قاتارلىقلارنى بۈگۈنكى شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىدا ۋەكىللىك ئەسەرلەر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . بۇ تىزىملىككە يەنە يۈزلىگەن ھېكايە ، پوۋېستلارنى ، شېئىر ـ داستان ، ئوچېرك ، نەسرلەرنى قوشۇشقا بولاتتى . بىز سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلى ، بۇلارنى بىرمۇبىر ساناپ ئولتۇرمىدۇق.

ئەگەر بىز نەزىرىمىزنى بۇ جەھەتتىكى ستاتىستىكىغا ئاغدۇرىدىغان بولساق ، تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇرلارنى كۆرىمىز: 50 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان رومانلارنىڭ سانى مۆلچەر بىلەن 150 دىن ئاشقان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە تارىخىي رومانلار 60 ئەتراپىدا . ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي توپلاملارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولغانلىقتىن ، تولۇق سانىنى ئىسپاتلاپ چىقىش بىر قەدەر مۈشكۈل . باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتلىرىدىكى سانلىق ئۇچۇرلار تۆۋەندىكىچە: قازاق ئەدەبىياتىدا 1979 ـ يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان رومان 60 ئەتراپىدا . كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ شېئىرلار توپلىمى 300 ، پوۋېست ، ھېكايىلەر توپلىمى 200 ئەتراپىدا . قىرغىز ئەدەبىياتىدا رومان 7 ، شېئىرلار توپلىمى 85 ، ھېكايە ، پوۋېستلار توپلىمى 40 ، موڭغۇل ئەدەبىياتىدا رومان 6 ، شېئىرلار توپلىمى 80 ، ھېكايە ، پوۋېست توپلىمى 35 ، شىبە ئەدەبىياتىدا رومان 4 ، شېئىرلار توپلىمى 12 ، ھېكايە ، پوۋېستلار توپلىمى 18 ئەتراپىدا . ئەلۋەتتە ، بۇنىڭغا ئەدەبىي ژۇرناللاردا ، گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان يەككە ئەسەرلەرنىڭ سانى قوشۇلمىدى . بىز 2000 ـ يىلى ئىشلەنگەن بىر تەتقىقات تۈرىدە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغاندىن بۇيانقى 478 سانىدىكى ، «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ 444 سانىدىكى شېئىرىي ئەسەرلەرنى ستاتىستىكا قىلساق ، نەتىجىدە «تارىم»دا 18 مىڭ پارچە شېئىر ، «شۇغىلا»دا 16 مىڭ پارچە شېئىرنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى مەلۇم بولدى . بۇنىڭغا ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلارنى قوشىدىغان بولساق ، بىزنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىمىزدە 100 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىي ئەسەر بار دېگەنلىكتۇر.

80 ـ يىللاردىن كېيىنكى بىر يېڭىلىق شۇكى ، ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس ئەدەبىيات كەسپى بىلەن سىستېمىلىق تەربىيىلەنگەن ياشلار ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قوشۇلدى . ئۇلار تىل جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇچۇرلارنى كەڭ قوبۇل قىلغانلىقى ، ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپ كۆرگەنلىكى ، تەربىيىلىنىش ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋەجىدىن ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن كېيىن مىللىي ئەدەبىياتقا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىشكە تىرىشتى ۋە بۇ جەھەتتە بەزى بىر ئۇتۇقلەرگىمۇ ئېرىشتى . مىللىي ئەدەبىياتنىڭ بۇ ياش كۈچلىرى ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، موڭغۇل ، تاجىك ، ئۆزبېك ئەدەبىياتلىرىدا دەسلەپتە زاپاس قوشۇن قاتارىدا كۆزگە كۆرۈنگەن بولسا ، 90 ـ يىللاردىن كېيىن مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئايلىنىپ ، جاي ـ جايلاردا ئۆز رولىنى تولۇق كۆرسىتىشكە باشلىدى . مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئېغىرىنى قولدىن ، يەڭگىلىنى يەردىن ئالالايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

80 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن «گۇڭگا شېئىر ئىجادىيەت ھادىسىسى» پۈتكۈل پوئېزىيە ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان سەھىپىدۇر . خېلى ئۇزۇندىن بېرى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات قارىشىمىزدا مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەدەبىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتى نۇقتىسىدىن باھا بېرىلمەي ، بىر تەرەپ ئارتۇقچە تەكىتلىنىپ ، بىر تەرەپ بېقىندى ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلگەندى . بۇ خىل ئىجادىيەت ھادىسىسى ئىجادىيىتىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان قاتماللىق ، ماغدۇرسىزلىققا سوئال تاشلىدى . ئەنئەنىنى ئۆزگەرمەس مىزان قاتارىدا كۆرۈپ ، تەرەققىياتنى ، يېڭىلىقنى چەكلەيدىغان ھالەتكە جەڭ ئېلان قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتىكى چوڭ مۇنازىرە تەبىئىي شەكىللەندى . بۇنداق مۇنازىرە ۋە ئىلمىي ئىزدىنىشلەر گۇڭگا شېئىر ئىجادىيەت ھادىسىسىنى جەزملەشتۈرۈشتىنمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ يېڭى پەردىسىنى ئاچتى . شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، گۇڭگا شېئىر ئىجادىيەت ھادىسىسىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭدا بىر قىسىم خېلى ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ئىجاد قىلىنغانلىقىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇ پۈتكۈل مىللىي شېئىرىيەتتە جانلىنىش ، ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش

پەيدا قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ . گۇڭگا شېئىر ئىجادىيەت دولقۇنى قازاق ، قىرغىز ، موڭغۇل ئەدەبىياتلىرىغىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر قىلدى . بۇ خىل ئىجادىيەتتە ئۇتۇق قازانغان شائىرلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن مۇختار مەخسۇت ، ئابدۇقادىر جالالىدىن ، باتۇر روزى ، پەرھات ئىلياس ، پولات ھېۋزۇللا ، ئەركىن نۇر ، دۇكەن ماسىمقان ، چالقار ، تىلەۋالدى قارىمشاق ، نامجىلا قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ . شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىكى بۇنداق ئىزدىنىشلەر ئەدەبىيات ساھەسىدە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشتى . چۈنكى ، «گۇڭگا ـ گۈزەللىك» سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەر ۋە ئىزدىنىشلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىمۇ بار ئىدى . بۇ ئەنئەنىگە بۈگۈنكى دەۋر شائىرلىرىدىن بوغدا ئابدۇللا ، ئىمىن ئەھمىدى ، شاكەن ئوڭالباي ، ئومارغازى ئايتان قاتارلىقلار بۇرۇنلا ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق خېلىلا چوڭ ئۇتۇق قازاندى . بۇلارنىڭ يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتىگە باشلامچىلىق قىلىشى ۋە ئىزدىنىشى شېئىر ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ ، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى . ئاتاقلىق شائىر جۇ تاۋ مۇشۇ خىلدىكى شېئىرلارنى كۆرگەندىن كېيىن: «شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ، بۇ شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسى دۆلەت ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەنزۇچە يېڭى شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» [11] دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

ئەگەر يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ نەتىجىلىرىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە ، ئالدى بىلەن شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ پوئېزىيە ساھەسىدە پېشقەدەم ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىرلاردىن بولۇپ خېلى زور شائىرلار قوشۇنىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىش كېرەك . بۇ مەزگىلدە مول ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە ئىگە پېشقەدەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقتى ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىرلار بولسا نەزىرىنىڭ كەڭلىكى ، مەزمۇن ـ پىكىرلىرىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن شېئىر ئىجادىيىتىنى جانلاندۇردى . بۇ مەزگىلدە شېئىرلارنىڭ تېمىسى ، مەركىزىي ئىدىيىسى ، شېئىر تىلى ۋە شېئىر شەكلى قاتارلىقلاردا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى . شېئىرىي پىكىر بىلەن شېئىرىي ھېسسىياتتا نازۇكلىشىش ، غۇۋالىشىش ، لىرىكىلىشىش ئەمەلگە ئاشتى . شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپلەشتى ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بېيىدى.

شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى بۇ خىل ئىزدىنىشلەرنى پروزىدىكى يېڭىلىقلاردىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ . «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» (مۇھەممەت باغراش) ناملىق پوۋېستنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن باشلانغان مودېرنىزم ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى سىناق قىلىش قىزغىنلىقى دوراش ۋە تەقلىد قىلىشتىن ئىجاد قىلىشقا ئۆسۈپ ، ئۇيغۇر پروزىسىدا ئىزلەنمە ھېكايە ۋە يېڭى ھېكايىچىلىق دەپ ئاتالغان يېڭى بىر ئىجادىيەت ھادىسىسىنى بارلىققا كەلتۈردى . باشتىن ـ ئاخىر ياشلارنىڭ ئىجادىيەت يۈزلىنىشىنى يېتەكلەپ كېلىۋاتقان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى مۇشۇنداق يېڭى ئىزدىنىشلەرگە كەڭ سورۇن ھازىرلاپ بەردى . ھېكايىچىلىقتىن باشلانغان بۇ قەدەم پوۋېست ، رومانلارغىچە كېڭىيىپ ، جەمئىيەتنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى . بۇ خىل ئىزدىنىش كەيپىياتى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەيدا بولدى.

بۇ 50 يىلدا نەسر ئىجادىيىتى سالماق قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى . شېئىر بىلەن پروزىنىڭ ئۆتۈشۈش ھالقىسىدا نەسر ژانىرى نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلدى . ئۇ لىرىكىلىق ۋە ئېپىكلىق ئالاھىدىلىكىنى تەڭ ئىپادىلىگەن بولسىمۇ ، لېكىن لىرىك نەسرلەر يەنىلا زور سالماقنى ئىگىلىدى . خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى نەسرچىلىككە قارىتا ئېيتقاندا ، بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل ئۆزگىچىلىك بولالايدۇ . ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان ئا . ئۆتكۈر «شېئىر ۋە شائىر» ، «قاشتېشىغا مەدھىيە» قاتارلىق نەسرلەرنى يېزىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرچىلىكنىڭ گۈللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ئەخمەت ئىمىننىڭ «قەلب سادالىرى» ، «تىرىك يېتىمنىڭ ئاتىسىغا» ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» ، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» قاتارلىق نەسرلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . بۇ ساھەدە ئەخمەت ئىمىندەك نەسر ئىجادىيىتى بىلەن سىجىل شۇغۇللانغان ھەم «سادا»دەك ئەسەرلىرى بىلەن چوڭ تەسىر قوزغىغان نەسرچىلەر يېتىشىپ چىقتى . نەسر ئىجادىيىتىنىڭ تەركىبىدىكى ئوچېرك ، يەنى ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىدىمۇ نەتىجىلەر ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى . نۇرغۇن ئەسەرلەر رېئال ۋەقە ۋە رېئال شەخسلەرنى بەدىئىي جەھەتتىن قايتىدىن پىششىقلاپ چىقىش ئارقىلىق ھەم قويۇق تۇرمۇش چىنلىقىغا ، ھەم ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان ئىجادىيەت يۈكسەكلىكىنى ياراتتى . ئاتاقلىق

يازغۇچىلارنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا قىلغان ساياهەت خاتىرىلىرى ، ئىشلەپچىقىرىش ، ئىجتىمائىي خىزمەت ، ئىلىم ـ پەن ، تەنتەربىيە ، مائارىپ ساهەلىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى يېزىلغان ئەدەبىي خاتىرىلەر يېقىنقى يىللاردا سان جەهەتتە كۆپىيىپلا قالماي ، سۈپەت جەهەتتىمۇ ئۆستى.

شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىدا بالىلار ئەدەبىيات ئىجادىيىتىمۇ مول مېۋە بەرگەن ساهەلەرنىڭ بىرسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ . بۇ ساهەدە مەخسۇس بالىلار هېكايىلىرى ، بالىلار شېئىرى ، بالىلار چۆچەكلىرى ، بالىلار تېلېۋىزىيە تىياتىرى يازىدىغان ئەدىبلەر قوشۇنى شەكىللەنگەن بولۇپ ، بۇ قاتارغا ئۆسمۈر هەۋەسكارلارنى قوشقاندا ئادەم سانى جەهەتتىن خېلىلا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا توختاش بەكرى ، تۇرسۇنمۇهەممەت پەخرىدىن ، تۇرسۇنئاي هۇسەيىن ، مۇهەممەت روزى يارقىن ، ئابلىكىم هەسەن ، قازاق ئەدەبىياتىدا تۆلەۋباي دوشىق ، قانكەي ئەلجان ، قىرغىز ئەدەبىياتىدا ئۇشۇر مامەبەت ، ئابدۇراخمان ئىسمايىل قاتارلىق ئەدىبلەر بالىلار ئەدەبىياتى بويىچە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئالىي مەكتەپلەردە بالىلار ئەدەبىياتى دەرس تەسىس قىلىنىپ ، نەزەرىيە تەتقىقاتى چوڭقۇرلاشتى . بالىلار ئەدەبىياتى هەققىدە نەزەرىيىۋى كىتابلار ، ئوبزورلار ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىدا ئايال يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىمۇ ئالاهىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان نەتىجىلەر جۈملىسىدىندۇر . تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ، ئاياللار ئىجادىيەت ساهەسىگە كەمدىن ـ كەم ئىشتىراك قىلاتتى . 50 يىلدىن بۇيان ئاياللار ئىجادىيەت سېپىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ ، ئۆزلىرىگە خاس ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى بېرىشكە باشلىدى . بولۇپمۇ يېڭى تارىخىي باسقۇچتا ئايشەم ئەخمەت ، تۇرسۇنئاي هۇسەيىن ، خالىدە ئىسرائىل ، قايشا ، ئىركىش قۇرمانبېك ، گۇلايىم ماتىلى ، ما يۈمېي ، ئاتىكەم زەمبىرى قاتارلىق پىشقان ئايال ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان يېڭى بىر ئەۋلاد يازغۇچى ـ شائىرلاردىن رىزۋانگۈل يۈسۈپ ، چىمەنگۈل ئاۋۇت ، باهارگۈل ساۋۇت ، ئايسىمە ئىدرىس قاتارلىقلار شىنجاڭ ئەدەبىيات سەهنىسىدە ، هەتتا مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا تەسىرگە ئىگە ئەدىبلەردىن بولۇپ قالدى.

شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىدا دراماتورگىيە ژانىرىغا ئازادلىقتىن بۇرۇنلا زۇنۇن قادىر ، شۈكۈر يالقىن قاتارلىق ئەدىبلەر ئاساس سالغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ «غۇنچەم» ، «گۈلنىسا» ، «توي» ، «كۈرەش» ، «شاڭخەي كېچىسى» ناملىق دراملىرى ، ئەمەت ئۆمەرنىڭ «پەرهاد ـ شېرىن» ، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «شانلىق غەلىبە» دراملىرى بىخ هالىتىدە تۇرۇۋاتقان دراما سەنئىتىمىزنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەنىدى . 80 ـ يىللاردىن كېيىن دراماتورگىيە خېلىلا جانلاندى . تۇرسۇن يۇنۇس ، مەمتىلى زۇنۇن ، تۇرسۇنجان لېتىپ ، ئابلەت قېيۇم ، سەمەت دۇگايلى ، جاپپار قاسىم ، ئالىمجان قاتبايەۋ ، ئابدۇقادىر توقتوروۋلارنىڭ دراما ئىجادىيىتى مول مېۋىلەرنى بەردى . بۇنىڭ ئىچىدە تارىخىي درامىلار بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن درامىلارنىڭ نەتىجىسى ئالاهىدە زور بولدى . بولۇپمۇ تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «قانلىق يىللار» ، مەمتىلى زۇنۇننىڭ «مۇقام ئۇستازى» ، تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ «قېرى يىگىتنىڭ تويى» ، ئالىمجان قاتبايەۋنىڭ «ئاققۇلار نەگە بارار» ، م . ئەرگېنىڭ «قۇلمىرزا بىلەن ئاقساتقىن» ناملىق ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ مەزمۇن ئالاهىدىلىكى ۋە بەدىئىي جەلپكارلىقى بىلەن شىنجاڭ مىللىي دراما سەنئىتىنىڭ هاياتىي كۈچىنى كۆرسەتتى . كېيىنكى مەزگىللەردە «قېرى يىگىتنىڭ تويى» ، «دۇنياۋى تىلسىمات» قاتارلىق ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە يېڭىچە قۇرۇلما شەكلىگە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت يولىغا نىسبەتەن يېڭىلىق بولۇپ ، شىنجاڭ دراما سەنئىتىگە هاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى.

ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى ئالىدىغان بولساق ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 500 دەك ئادەم بۇ ساهەدە قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ ، 50 يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئوبزور ماقالىلىرى 2500 پارچىدىن ئېشىشى مۇمكىن . ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى 70 ئەتراپىدا بولغان . قازاق ئەدەبىياتىدا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى 1000 ، قىرغىز ئەدەبىياتىدا 400 ، موڭغۇل ئەدەبىياتىدا 380 ئەتراپىدا بولۇشنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ . بۇ سانلىق مەلۇماتلار مەلۇم جەهەتتىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ئەڭ مۇهىمى ، مۇشۇ 50 يىلدا مىللىي ئەدەبىيات ساهەسىدە نوپۇزلۇق ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ۋە بىر تۈركۈم ياش ئىز باسارلار يېتىشىپ چىقتى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇهەممەت پولات ، ئەنۋەر ئابدۇرېهىم ، ماخمۇتجان ئىسلام ؛ قازاق ئەدەبىياتىدا ئابدەنباي باجاي ، ئاۋۇلقان قالىي ، قاۋسىلقان قامىجان ، بۇلانتاي دوسجان؛ قىرغىز ئەدەبىياتىدا مامبەت تۇردى ؛ تاجىك ئەدەبىياتىدا شېرىن قۇربان قاتارلىقلار شىنجاڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ

تىكلىنىشىگە تارىخىي ئاساس سالدى . 80 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شىنجاڭ ھەر مىللەت ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۆز يولىنى تېپىش ، ئۆز ئوبرازىنى يارىتىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى . بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىجادىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئەگىشىپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە يېڭى ئۇسۇل ، يېڭى پىكىر بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر تۈركۈم ياشلار يېتىشىپ چىقتى . مىللىي ئەدەبىياتتا تەنقىدىي روھنىڭ يېتىلىشى مۇشۇ باسقۇچتا شەكىللەندى . ئوخشىمايدىغان نەزەرىيىۋى قاراشلار ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا مۇنازىرىلىشىشتىن باشلانغان مۇھاكىمە ئەدەبىي تەشەببۇسلار ۋە ئەدەبىي ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر ئىزدىنىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى . ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك باسقۇچلارغا بۆلۈندى . بۇنىڭ ئىچىدە ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلى ۋە مەۋقەسىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسى بىرقانچە تۈپكە بۆلۈنۈشنىڭ دەسلەپكى ھالەتلىرىنى كۆرسەتتى . بۇنىڭغا ئابدۇقادىر جالالىدىن ، يالقۇن روزىلار ۋەكىللىك قىلغان مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى ، كېرىمجان ئابدۇرېھىم ، ئەكبەر قادىرلارنىڭ ئىنستىتۇت تەنقىدچىلىكى ، سىناق قىلغان قۇرۇلما تەنقىدچىلىكى مىكرو تەنقىدچىلىكى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

مىللىي يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تەرجىمە ئارقىلىق تونۇشتۇرۇش جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا مەملىكەت ئىچىگە تونۇلغان شىنجاڭ ئەدەبىياتى 80 ـ يىللاردىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۆز ئوبرازى ، ئۆز ساداسى بىلەن تونۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى . بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە بىۋاسىتە خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ سانى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى . بولۇپمۇ بىر بۆلۈك تەتقىقاتچىلار مىللىي ئەدەبىيات ھەققىدە ئوبزور ، تەتقىقات ماقالىلىرىنى مەملىكەت ئىچىدىكى خەنزۇچە ، نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ ، شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى تونۇشتۇرۇش ، ماكرولۇق ۋە مىكرولۇق جەھەتتىن ئىچكىرىلەپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن يېڭى يۈزلىنىشىنى ئىلمىي نۇقتىدىن شەرھلەش جەھەتلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

خۇلاسە قىلغاندا ، شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتى 50 يىللىق تەرەققىياتى جەريانىدا ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ، تارىخ ئوچىقىدا تاۋلىنىپ ، ئۆزىدە نۇرغۇن ھاسىلاتلارنى جۇغلاپ ، نۇرغۇن بەدىئىي تەجرىبىلەرنى توپلاپ ، ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە دەۋرچانلىققا ئىگە ئەدەبىيات بوستانىغا ئايلاندى . لېكىن ، بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز زۆرۈركى ، يۇقىرىدىكى قەيت قىلىنغان نەتىجىلەر بىلەن بىرلىكتە بىرقىسىم مۇھىم مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا . شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى ، ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى تەلەپتىن تېخى خېلىلا تۆۋەن ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلەيدىغان يازغۇچىلىرىمىز ۋە دۇنياغا تونۇلغۇدەك ئەدىبلىرىمىزمۇ تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى . نادىر ئەسەرلەر ئاز . ئەسەرلىرىمىزدە ئاز بولمىغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى روشەن ئەمەس ، قېلىپ ، رامكىلاردىن تېخى تەلتۆكۈس خالاس بولۇپ ، ئىجادىيەتنىڭ ھەقىقىي ئەركىنلىكىدە پەرۋاز قىلالمايۋاتىمىز . مانا مۇشۇ ھالەتتە يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلدۇق . مانا ھازىر بازار ئىگىلىكىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىدىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇلۇشى ، تەسىر كۆرسىتىشى كۈندىن ـ كۈنگە تېزلىشىپ ، مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە ، ئىدىيە، ئەخلاق ، تەپەككۇر ئۇسۇللىرىغا ، تۇرمۇش شەكلىگە ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە قارىتا زەرەتلەش رولىنى ئوينىماقتا . بۇنىڭ ئىچىدە ئەدەبىياتنىڭ سىلكىنىشى تېخىمۇ چوڭ بولماقتا . بىز شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتى ھازىر تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەرگە دىققەت ـ ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك دەپ قارايمىز . ئالدى بىلەن ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ، يازغۇچىلىق بۇرچ بىلەن دەۋرنىڭ تەلىپى ، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تۈگۈنلىرىنى ھەل قىلىش؛ ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇزۇندىن بۇيان قولغا ئېلىنماي كېلىۋاتقان ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش ۋە بۈگۈنكى دەۋر مەنىسىدىكى ھەقىقىي ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىشلەپ چىقىش؛ يەنە ، يەر شارىلىشىش يۈزلىنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان رايون ، مىللەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات مەسىلىلىرىگە ۋاقتىدا ئىلمىي جاۋاب تېپىش ، باشقىلاردىن قوبۇل قىلىش بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈپ ، قارىغۇلارچە دوراش ، مودا قوغلىشىشتىن ساقلىنىش ھەم ۋاقتى ئۆتكەن كونا رامكىلاردىن قۇتۇلۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ مىللىي ئەدەبىي

ئىجادىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە ئېچىۋې-تىلگەن ، ئەنئەنىدىن ئۇزۇق ، يېڭىلىقتىن كۈچ ئالالاي-دىغان تەنقىدنى بەرپا قىلىش ۋەھاكازالار . يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ، خەلقىمىزنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان مەنىۋى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىش ئۈچۈن ، بىزنىڭ يەنە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، شىنجاڭ مىللىي ئەدەبى-ياتىنىڭ 50 يىللىق تەرەققىيات تارىخىدا يازغۇچىلىرىمىز دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە جور بولىدىغان ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈ-چۈن ، مەيلى مىللىي تۇرمۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىدە بولسۇن ، دەۋرنىڭ ئىلغار پىكىر ئېقىمىنى ، يۈزلىنى-شىنى ، زامانىۋى مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى ئەكس ئەت-تۇردى . ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر ۋە تۈرلىرى بو-يىچە ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن مۇرەك-كەپ ، رەڭدار تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ، جانلىق ئوبراز-لىرىغا ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى ، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى توغرىسىدىكى تەپەككۇرلىرىنى سىڭدۈردى . دەۋر ئاتا قىلغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى.

شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغاندەك: «قان ۋە ئۇستىخىنى بار جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ، خەلقنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىكى ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلپىنى ۋە تارىخنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەش ھەمدە خەلقنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش بىلەن بىرگە ، ئۇلارغا تىرىشىپ ئىلگىرىلەيدىغان ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىدىغان روھىي كۈچ ئاتا قىلىش»تىن ئىبارەت ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى . نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ، ئەدەبىيات ساھەسى ئۆزىنىڭ مەۋقەسىنى دەۋرگە ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتكە توغ-رىلاپ ، تىنماي ئۆگىنىپ ، توختىماي ئىزدىنىپ ، ئىجا-دىيەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشى-ۋېلىش ، شۇنىڭدەك دۇنيانىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يې-تىشىۋېلىش ئۈچۈن دادىللىق بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە . مانا بۇلار شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ يېرىم ئەسىر-لىك تەرەققىياتىنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ، كى-شىنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان تەسۋىرىدۇر.

**ئىزاھلار:**

①بۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەر: ت . ئېلىيوفنىڭ «يې-راقتىن خەت» (داستان) ، ئەلقەم ئەختەمنىڭ «سائادەتخان» (داستان) ، ئابلىز نازىرىنىڭ «خۇاڭخې دولقۇنى» (شېئىر) ، ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «سىناق» (پوۋېست) ، ئابلىمىت مەسئۇدى-نىڭ «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى» ، «ساراڭ ساقايدى» (ھېكايە) قاتارلىقلار . ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1997 ـ يىل ، 3 ـ بەت.

②بۇ دەۋردىكى قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر: ئومارغازى ئايتانىنىڭ «يولۇقۇش» (داستان) ، شاكەن ئوڭالباينىڭ «ئۆكتەبىر» (شېئىر) ، قاۋسىلقان قوزىباينىڭ «دەسلەپكى قەدەم» (ھېكايە) قاتارلىق ئەسەرلىرى.

③بۇ دەۋردىكى قىرغىز ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر: ئارىستان دۈيشەنبەكوۋنىڭ «بۇ كۈن» ، جۇماقۇن مام-بەتنىڭ «قەلەم» ، «تىيانشان» ، تۇرغانباي قىلىچبەكنىڭ «ياردار ئۆكۈز» (ھېكايە) قاتارلىق ئەسەرلىرى.

④بۇ دەۋردىكى موڭغۇل ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر: س . ئۆلزەباتنىڭ «ۋەتىنىم ــ ئالتۇن بۆشۈك» ، كەنزەنىڭ «پولاتتەك قەھرىمان» ، توختۇقنىڭ «بىزنىڭ بېيى-جىڭ» قاتارلىق ئەسەرلىرى.

⑤بەزى ماتېرىيال مەنبەلىرىگە قارايدىغان بولساق ، 50 ـ يىللاردا خۇيزۇ قەلەمكەشلىرى ئىجادىيەتكە زور ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەن بولسىمۇ ، بەي لىيەنىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «سىم تارتىش» 1964 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان.

⑥بۇ دەۋردىكى تاجىك ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر: تابىلدى ھوشۇرنىڭ ««ئىشچان يىگىت» ، مۇھەممەد روزىنىڭ «دىلدا ئارمان قالماس» قاتارلىق ئەسەرلىرى.

⑦بۇ دەۋردىكى ئۆزبېك ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر: نۇرمۇھەممەت ئېركىننىڭ «بىرىنچى خەت» ، «قەشقەرگە قاراپ» ، تەلئەت ناسىرىنىڭ «يۈرىكىمنىڭ كۆزى بار» ، «بېغىمە-دا» ، «ۋەتىنىم» قاتارلىق ئەسەرلىرى.


⑧بۇ دەۋردىكى شىبە ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر: جۇسانىنىڭ «هارپا كېچىسى» (شېئىرلار توپلىمى) ، جۇڭلۇنىڭ «يۇرتۇم كېلەچەككە قاراپ ئۇچماقتا» (ئوچېرك) ، «بايرام كۈنى» (ھېكايە) قاتارلىق ئەسەرلەر.

⑨بۇ ۋاقىتتا نەسرىي ئەسەرلەر خەلق چۆچەكلىرى ۋە قىس-سىلىرىدىكى ئەنئەنىۋى بايان ئۇسلۇبىدىن ھالقىپ چىقىپ ، ھەقىقىي يازما پروزىنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزلەش-تۈرگەن ، شېئىرىي ئەسەرلەر قاپىيە ، تۇراق ، كۇپلېت تەرەپلەردىن كۆپ خىللاشقان ۋە چاچما شەكىلدە يېزىش قايتىدىن جانلانغان.

⑩ ئابلىز نازىرى: «ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى باھارى ۋە مەن-زىلى» ، «كۆڭلۈم سەندىدۇر» (توپلام) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004 ـ يىل ، 305 ـ ، 307 ـ بەتلەر.

⑪ «قەشقەردىكى يەر شارى» (شېئىرلار توپلىمى) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل ، 40 ـ بەت.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**



# ياشلىق ۋە يېزا

( ئەدەبىي ئاخبارات )

ئىمىرھەسەن مەخمۇت

## مۇقەددىمە

شەھەر قوينىدىكى زىيادە تېز تۇرمۇش رىتىمى ۋە شەھەر ھاياتىنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭ ، ئىس ـ تۈتەكلىرىدە ياشاۋاتقان ماڭا ئوخشاش بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئۆزىنى ئاسمىنى كۆك ، سۈيى ئەلۋەك يېزا قوينىغا تاشلاپ ، سەمىمىي ئادەملەر توپى ئارىسىدا بىر مەزگىل ياشاشقا نائىل بولۇش كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان بىر پۇرسەت . 2004 ـ يىلى كەچ كۈز پەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا كادىرلارنى قىشلاققا چۈشۈرۈش كاماندىروپكىغا چىقىدىغانلار قاتارىدا مەنمۇ بەلگىلەندىم.

مەن ئۈچۈن سەپەرنىڭ خاسىيىتى شۇ ئىدىكى ، بىر تەرەپتىن ، جاي ـ جايلاردىكى پېشقەدەم ئۇستازلاردىن تەلىم ئېلىش ، ئەدەبىيات ساھەبلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە نائىل بولسام ، يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ يەرلەردە جاپالىق شارائىتلارغا باش ئەگمەي ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى تونۇتۇپ ، كېچە ـ كۈندۈز ئۆز خەلقىنىڭ غېمى بىلەن قىلچە تەمەسىز ، غەرەزسىز ھالدا ئۈن ـ تىنسىز ياشاۋاتقان ئەزىمەتلەرنىڭ رېئاللىق ۋە نەتىجىلىرى ماڭا باشقىچە چىدام ، يېڭىچە مەنزىل ئاتا قىلاتتى . ھەر قېتىم سەپەردىن قايتىپ كەلگىنىمدە دوستلار ئارائايدا بىر يىغىلىشىپ تۇرىدىغان ئۇچرىشىشلىرىمىزدا ئۇلار ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ ، ئارىمىزدىكى ئۆز خىزمىتىنى نارازىلىق ئىچىدە ئىشلەيدىغانلارنى ئۇبدانلا قايىل قىلىپ قوياتتىم.

بۇ نۆۋەت قەشقەردە كۆپرەك تۇرۇشنى پىلانلىغانىدۇق . ھەر بىر يۇرتنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدىلىكى ، خاسلىقى بولىدۇ . قەشقەر بويىچە يېگىسار ناھىيىسى كىشىلىرىنىڭ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان قەلبى ، ئۆزىنىڭ ئەركەكلىك ۋە ھالاللىقىنى ساقلاپ قالالىغان خىسلىتى ۋە يېقىملىق تۇيغۇلىرى بىلەن مەندىلا ئەمەس ، سەپەرداشلىرىمدىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇردى . شۇنداق بولغاچقا ، بۇ قېتىملىق سەپىرىمىزدە كۆپرەك تۇرغان جاي مانا بۇ يېگىسار بولدى . يېگىساردىكى كۈنلىرىمىزدە ئەمدىلا 30 نەچچە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان مەلۇم بىر ياشنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق ، سۆيۈندۇق . بۇ قېتىملىق سەپەردىن يانغىنىمدا دوستلىرىمغا ئۇ ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم.

## مۇئەللىم: سىلەرگە ئېيتىدىغان ئىككى كەلىمە سۆزۈم بار

ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئەقىللىق ياشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، يۈكسەك غايە ، نىشان ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش باسقۇچى . كىچىكىدىن مۇستەقىل قاراش بىلەن ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئەيساجان ئۈچۈن ئۆزى قىزىقىدىغان خىمىيە كەسپىدە نەتىجە قازىنىش كۆڭلىگە پۈكۈلگەن ئۇلۇغ غايە ئىدى.

1987 ـ يىلى ئەخەت ئاكا ئائىلىسىدە خۇشاللىنارلىق بىر ئىش بولدى ـــ ئەيساجان بۇ ئائىلىدىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن تۇنجى بالا بولۇپ قالدى . ئەخەت ئاكا ، پاتىگۈل ھەدە خۇشاللىقىنى ئىچىگە يوشۇرالماي ، خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قولۇم ـ قوشنىلارغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن چاقىرىق قەغىزىنى كۆرستىش بىلەن ھەلەك بولسا ، ئەيساجاننىڭ خىيالى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئازادە تەجرىبىخانىلىرىدا قانات قاقاتتى...

ـــ مانا ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلىگە ئاتلىنىش

ئالدىدا تۇرسەن ، ئوغلۇم ، چوڭ شەھەردە يول بەك كۆپ ، قايسى يولنى تاللاشنى دېمىسەممۇ ئۆزۈڭ بىلىسەن ، ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ سەندىن كۈتىدىغان ئارزۇيىمىز كېيىنكى بىر تۇغقانلىرىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ، ئۇلارغا ئۈلگە بولغۇدەك ياخشى ئوقۇغىن!... ــــ دېدى دادىسى ئۇنى ئالىي مەكتەپكە ئۇزىتىش ئالدىدا يۈرەكتىكى سۆزىنى ئېيتىپ.

دەرۋەقە ، ئۇ دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى .

ــــ ئەيساجان مۇشۇ ياتاقتىمۇ؟ ــــ يۇرتىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ هاۋالىسىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە بولسۇن ياكى باشقا مەكتەپلەردىن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەن يۇرتداش ، تەڭتۇشلىرىغا بولسۇن ، ياتاقداشلىرىنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن «ئەيساجان خىمىيە تەجرىبىخانىسىدىمىكىن...» دېگەن جاۋابى تەييارلا ئىدى . دېمىسىمۇ ئۇنى كۆپىنچە هاللاردا تەجرىبىخانىدىن ياكى بولمىسا مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن تاپقىلى بولاتتى . كۆپىنچە ساۋاقداشلىرى ھەپتىدە ، ئايدا بىر يۇرتلۇقلىرى ئارا بولۇپ تۇرىدىغان ئولتۇرۇش ـ سورۇنلاردا ئۆز ۋاقتىنى هاراق بىلەن بىهۇدە ئىسراپ قىلىۋەتسە ، ئەيساجان كۇتۇپخانا ، تەجرىبىخانىلاردا خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك تىنىمسىز هالدا ئىلىم شىرنىسىنى يىغاتتى . باشتا ساۋاقداش ، يۇرتداشلىرى ئۇنى خېلىغىچە «كىتاب خالتىسى» دەپ ئەيىبلەپ بېقىشتى . «بۇنچىۋالا ئۆگەنمىسەڭمۇ بەرىبىر خىزمەت بارغۇ» دېگۈچىلەرمۇ چىقتى . چۈنكى ، ئۇ يىللاردا ئۆزى خىزمەت تېپىش دەيدىغان گەپ تېخى يوق ئىدى . ياخشى ئوقۇسۇن ، ياكى يامان ئوقۇسۇن بەرىبىر ئوخشاشلا مەلۇم ئىدارە ـ ئورگانلارغا تەقسىم قىلىنىپ ، مەڭگۈ چېقىلماس تۆمۈر تاۋاققا ئېرىشەلەيتتى . «ئەخمەق ، ‹ چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە› دەپتىكەن ، ئۆزۈڭنى بۇنچە قىينىغۇچە سەنمۇ خەقتەك ئويناپ ، كۈلسەڭ بولمامدۇ؟! ئەتە ـ ئۆگۈن ئالىي مەكتەپتە قانغۇچە ئوينىۋالماپتىمەن دەپ هامان پۇشايمان يەيسەنغۇ ، ئاخىر» دېيىشەتتى بەزىلەر . ئەمما ، ئۇ كۈندە قاقپۇدا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ھەممىدىن كەچ يېتىپ تىنىماي ئۆگىنىۋەردى . بارا ـ بارا باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايدىغان بولۇشتى . ئەيساجاننىڭ ئۆگەنگەنچە ئۆگەنگۈسى ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلىگۈسى كېلەتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ياپونىيە تەبىئىي يەر دۇنياسىدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى سانىلاتتى . 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا يەتكۈچە تالاپەت تارتقان ياپونلارنىڭ شۇنچە تېز قەددىنى رۇسلىۋالالىشى ياپونلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن دەپ ئويلايتتى ۋە ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇشنى كۆڭلىگە پۈكەتتى . ياپونىيىدە ئوقۇپ خىمىيە كەسپىدە نەتىجە يارىتىش ئۈمىدى ئەيساجاننى ياپون تىلى ئۆگىنىشكە يېتەكلىدى . ئەمدىلىكتە ساۋاقداشلىرى ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلەرگە «ئەيساجان تەجرىبىخانا ياكى كۇتۇپخانىدا بولمىسا ، كۇرسلارغا چەت ئەل تىلى ئۆگەنگىلى كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن يېڭى بىر جاۋابنىمۇ قوشۇپ قويىدىغان بولۇشتى...

ئەخەت ئاكا بىردەم بىكار تۇرمايدىغان ، تىرىشچان ، تەدبىركار ، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى بولۇپلا قالماي ، يەنە رەھبەرلىك سەنئىتىگە ماهىر ئىدى . ياراملىق ئادەم بولۇشتا ئەيساجاننىڭ نەزىرىدىكى تۇنجى ئۇستاز ۋە ئۈلگە سانىلاتتى . دادىسىنىڭ باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئورۇنلۇق پىكرى ۋە سېھرىي كۈچى بىلەن قايىل قىلالايدىغان ھەمدە ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان «جاهىل» مىجەزى ئەيساجانغىمۇ سىڭگەنىدى . پاتىگۈل ھەدە ئوقۇتقۇچىغا خاس تەشكىلچانلىق خاراكتېرى ، ھېكمەتكە تولغان ھەر خىل تەربىيىلىرى ئارقىلىق باللارنى قائىدىلىك ، ئادىي ـ ساددا ، هالال ياشاشقا يېتەكلىدى.

ئادەم ياشلىقىدا ھەممە ئىشلارنى قىلىپ باققۇسى كېلىدۇ ، ياشلىقنىڭ ھەر دەقىقىسى قىزغىنلىققا ۋە ئىزلىنىش روهىغا تولغان بولىدۇ . ئەيساجان يېڭى دەۋر ياشلىرىغا خاس هالدا ئۆزىنى ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈپ باراتتى ، ئۆگىنىشتىن سىرت ، مۇنازىرە ، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشاتتى . سىنىپنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەيتتى . ۋاقىتنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ، مەنىلىك دەپ قارىغان ئىشلارغا سەرپ ئېتىشنى ئىستەيتتى . ئۇ بارا ـ بارا سىنىپىدىلا ئەمەس ، فاكۇلتېت ۋە مەكتەپتىكى باشقا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا باشلىدى.

ئەيساجان ئالىي مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغىنىدا ، ئەخەت ئاكىنىڭ سىماسى بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى . دادىسى ئۇنىڭغا مەكتەپنىڭ دەرسلىرى بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان تۇرمۇش ، ئائىلە ، نۇتۇق ، تەپەككۇر ، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگەتكەن ، مانا ئۇ ئاخىر ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈندى.

ــــ سىنىپىمىزدىن ئەيساجان فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدا مۇهىم ۋەزىپىگە قويۇلدى . بۇ سىنىپىمىز ئۈچۈن شەرەپ ، قېنى قىزغىن چاۋاكلىرىمىز بىلەن ئۇنى تەبرىكلەيلى، ــــ مۇئەللىمنىڭ سىنىپ يىغىنىدا ئۇچۇر يەتكۈزۈشى بىلەن تېخى بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قالغانلار سىنىپ يىغىنىدىن چۈشكەندە ئۇنى ئورىۋېلىشتى.

ــــ ھە ، بۈگۈن بىزنى مېهمان قىلارسىز ئەيساجان؟

ــــ ئەي بۇجاڭ ، ئەمەل دېگەن يامان نەرسە ، ئەمدى

ياپونىيىگە چىقماي ، تېخىمۇ يۇقىرىغا چىقىشقا تىرىشىدىغان بولدۇڭ ـ دە!

ـــ ئۇنداق دېمەڭلار ، ئۇ ياپونىيىگە چىقىپ ئوقۇپ كاتتا ئادەم بولسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ بەس ـ مۇنازىرىلىرى ئالدىدا ئالدىراپ ئۆز پىلانلىرىنى ئېيتىشنى لايىق تاپمىدى . ھەقىقەتەن خېلى ۋاقىت ئۆتسىمۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇنى باشقىلار ئىزدىگەندە بېرىدىغان جاۋابلىرى قىلچە ئۆزگەرمىدى . ئۆزگەرگىنى فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشىدىكى يېڭىلىقلار بولدى . ئۇ بۇرچىنى يەتكۈچە ئادا قىلغۇچى ، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى بۇ ۋەزىپىگە سايلىغانىكەن ، ئۇنىڭغا يېڭى بىر بۇرچ يۈكلەندى دېگەن گەپ . بۇرچنى ھەقىقىي ، تولۇق ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغاندىلا ئۇ ئۆزىگە ۋە باشقا ساۋاقداشلىرىغا يۈز كېلەلەيدۇ.

ئەيساجان كەچلىرى ئۇخلاشقا ياتقاندا ، يول ماڭغاندىلىرىدا خىزمەتنى قانداق ياخشى ئىشلەش ھەققىدە ئويلىناتتى ، يېڭى ـ يېڭى پىلانلارنى تۈزۈپ چىقاتتى ، ئويلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن ھەريان چاپاتتى . ئىلگىرى بۇ خىزمەتنى ئىشلىگەن چوڭلاردىن مەسلىھەت ئالاتتى . نۇتۇق ، ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىلمىگە ئائىت ھەر خىل خەنزۇچە كىتابلارنى كۆرەتتى...

ئايدا بىر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان قىزغىن مۇنازىرىلەر ، يېتىلگەن كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلىنىدىغان نۇتۇقلىرى ، كەسىپكە ئائىت ۋە كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرلىك تۈرلۈك مۇسابىقىلەردىن ساۋاقداشلىرى ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ئەينى چاغدا ئەيساجانغا قويغان سوئاللىرىنىڭ جاۋابلىرىنى تېپىشقاندەك بولۇشتى...

ئالىي مەكتەپ قوينى مۇھەببەتكە تولغان ، قىزغىنلىققا چۆمگەن . بۇ يەردە ئۆتكەن ھايات مەيلى لاغايلاپ يۈرگەنلەرگە بولسۇن ، مەيلى بىلىم ، ئۆز مەنزىلى يولىدا ئوت بولۇپ يانغانلارغا بولسۇن ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش پەيتى يېتىپ كېلىش بىلەن گويا بىر چۈشتەكلا بىلىنىدۇ . مانا ئەيساجان ۋە سىنىپتىكى بارلىق ساۋاقداشلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشقا پەقەتلا قىيمايۋاتاتتى . توپ ـ توپ بولۇشۇپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشەتتى ، قولمۇ قول ئۆتكۈزۈشۈپ ئايرىلىش خاتىرىلىرى يېزىشاتتى . بەش يىل ئوخشىمىغان رىتىمدا سوقفان يۈرەكلەر مانا ھازىر تامامەن بىرلىشىپ ، بىرلا يۈرەككە ئايلانغاندى.

ـــ ساۋاقداشلار ، ئايرىلىش دەقىقىلىرى بارغانسېرى بىزگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ . ئۇستاز بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەممىڭلاردىن پەخىرلىنىمەن ، سۆيۈنىمەن ۋە مۇشۇ مىنۇتلاردا ئىككى كەلىمە سۆزنى سىلەرگە يادىكار ئورنىدا سۇنىمەن . بىرى ، مەيلى قەيەرگىلا بېرىڭلار ، قانداق ئورۇندا ئىشلەڭلار ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىڭلارنى ئىپادىلەپ ياشاڭلار؛ يەنە بىرى ، سىلەرگە نان بەرگەن خەلقىڭلارغا سىلەرمۇ نان بېرىشنى بۇرچ بىلىڭلار ـــ سىنىپ مەسئۇلىنىڭ تىترەك ئاۋازدا ئېيتقان سۆزىدىن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى مەنزىلىنى ھەم ئۇستازلىرىنىڭ قىيماسلىق ھېسسىياتىنى كۆرگەندەك بولۇشۇپ بىر پەس سۈكۈتكە چۆمۈشتى . ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردا ھەممىنىڭ قەلبىدە ئۆزى ھەققىدىكى ئويلىنىشنىڭ غۇۋا يالقۇنلىرى ئۇچقۇندايتتى.

ھەپتە ئۆتۈپ فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ئەيساجاننى ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىش ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى . ساۋاقداشلار تۇشمۇ تۇشتىن ئۇنى تەبرىكلىشەتتى.

ـــ مانا ئاخىر ياپونىيىگە چىقىپ ئوقۇشنىڭ كۆۋرۈكىنى سالدىڭ ، ئاداش.

ـــ ئەيساجان ، ياپونىيىگە چىقىپ كاتتا ئادەم بولغاندا بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ...

ـــ مۇبارەك بولسۇن...

ـــ رەھمەت ساۋاقداشلار ، رەھمەت، ـــ بۇ پۇرسەتتە ئەيساجانمۇ ئۆز خۇشاللىقىنى پەقەت رەھمەت ئېيتىش بىلەنلا ئىپادىلەيتتى.

ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ ، ئەيساجان ئائىلىسىدىن كەلگەن جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى . «ئوغلۇم ، ئېرىشكەن شەرىپىڭدىن سۆيۈندۇق ، سېنىڭدىن پەخىرلىنىمىز ، بىز ئائىلىدە كېڭەش قىلدۇق . ئاناڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئاخىرقى قارارى شۇ بولدىكى: ‹كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول› دەپتىكەن كونىلار . قايتىپ كەلگىن ، قالغان ئىنى ـ سىڭىللىرىڭنى بىرلىكتە ئوقۇتايلى ، بىزنىڭ ئائىلىمىز ، شۇنداقلا بۇ يەردىكى كىشىلەر ساڭا بەكمۇ موھتاج!...»

ئاپتوبۇسنى بىر ئالغان گاھى كۈلكە ـ چاقچاقلار ، گاھى گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشىلار ئەيساجاننىڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا ئىككىلا نەرسە مەۋجۇت ئىدى . بىر تەرەپتىن ، ئاتىسىنىڭ خەتتىكى بايانلىرى قۇلاق تۈۋىدە تىنماي جاراڭلىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ساۋاقداشلىرىنىڭ بەس ـ بەستە ئەيىبلەشلىرى يادىغا يېتىپ ئازابلىناتتى...

## ئېگىز يەردىكى بالا كادىر

ئاددىيغىنە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان كىچىك ياتاق دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي يورۇقىدا ئۆزگىچە تۇسكە كىرگەنىدى . تالاي كۈن ئىشلەك تۆۋىدە كىرپىك قاقماي ئايغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئەيساجانغا ھاردۇق يەتتىمۇ ، بۈگۈن بېشى ياستۇققا تەگكەنىدى . ئەمما خىيال يەنىلا ئۇنى ئارام ئالغۇزمىدى . «ئاتا ـ ئانام مېنى قايتىپ كەل دەپ خەت يېزىپ تۇرۇۋاتقان بولسا ، ياكى مەنمۇ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قارىتا ئۇدا ئۈچ قېتىملا ئەمەس ، تاكى ئۇلارنى كۆندۈرگۈچە خەت يېزىۋەرگەن بولسام ، بەلكىم بۈگۈنكى قىسمەتكىمۇ دۇچار بولۇپ يۈرمىگەن ، بۇنداق جاپاغا قالمىغان بولاتتىم...» ئۇ بەزىدە ئەنە شۇنداق ئويلايتتى ۋە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاغرىنغاندەك بولاتتى . بۇنداق چاغلاردا ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئالىي مەكتەپنىڭ دەرس مۇنبىرى ، ساۋاقداشلىرىنىڭ سىماسى ، ياپونىيىدىكى ئالىي مەكتەپ ، تەتقىقات ئورۇنلىرى بىر ـ بىرلەپ كېلەتتى . خىيال دۇنياسىنىڭ دولقۇنلىرى ئەڭ يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلاردىن باشلىنىپ ، ئاخىرى نامراتلىق باسقان يېزا قويندا ئاخىرلىشاتتى . بۈگۈنمۇ يەنە شۇنداق بولدى.

— مۇئەللىم! مۇئەللىم! بۇ سىزمۇ؟ ئەجەب تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدىڭىز!

— يېڭىسارغا كەلگەن ، سىزنى مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كېلىشىم.

— يەتكۈچە جاپا چېكىپسىز ، مۇئەللىم ، بۇ يەرنىڭ يوللىرى بەك ئەسكى ، توپا ـ تۇمان...

— مېنىڭ جاپا چېكىشىم ھېچگەپ ئەمەس ، ئەيساجان ، مۇھىمى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش پەيتىدە سىلەرگە ئېيتقان سۆزۈم يادىڭىزدىمۇ؟ ئەمدى سىز ئۇلار ئۈچۈن ئىشلەڭ ، جاپا چېكىڭ! ئۇلار سىلەردەك ئالىي مەلۇماتلىقلارغا تەلپۈنۈۋاتىدۇ ، راستىنى ئېيتسام ، سىز مۇشۇ چەت جايدىمۇ نەتىجە يارىتىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇرالايسىز ، بۇ يەردىمۇ نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەر بولۇشى مۇمكىن ، گەپ شۇ ئەۋزەللىكنى سىزنىڭ بايقاش ـ بايقىيالماسلىقىڭىزدا...



ئەيساجان ئۈچۈن بۇ گەپلەر مۇئەللىم تولا سۆزلەيدىغان سۇنئىي چاقىرىق بولماستىن ، ئۇنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سۆزى ئىدى.

ئەيساجان خىجىللىق ئىچىدە مۇئەللىمىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— سىز چوقۇم شۇنداق قىلالايسىز؟

— رەھمەت ، مۇئەللىم . ماڭا ئۆزۈمنى قايتىدىن تونۇتتىڭىز...

— خوش ، مەن قايتاي.

— مۇئەللىم! مۇئەللىم!...

ئەيساجان چۈشىدىن ئويغانغاندا شەپەق ئاللىبۇرۇن كۆتۈرۈلگەنىدى.

ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىرادىسىگە باقتى . مەكتەپ رەھبەرلىكى مۇزاكىرىلىشىپ ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تاللاپ ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلىرى قاتارىدا تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بەردى . ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئۆز يۇرتى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئەمەس ، قەشقەر ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلىندى . قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە بىرىم يىل تەربىيىلەندى . كېيىن بۇ يېزىغا تەقسىم قىلىندى.

يېڭىسار ناھىيىسىدىن 30 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ، دېڭىز يۈزىدىن خېلىلا ئېگىز بولغان ، «ئېگىز يەر» يېزىسى ناھىيىنىڭ ئەڭ چەت ۋە ئەڭ نامرات جايلىرىدىن بىرى سانىلاتتى . بۇ يېزىنىڭ يولىغا ماي ياتقۇزۇلمىغانىنى ئاز دەپ ، يەنە تېخىچە توكمۇ تولۇق تارتىلمىغانىدى . ناھىيىدىن بۇ يېزىغا چىقىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە يېرىم كۈن ماشىنا ساقلاشقا توغرا كېلەتتى . كۆمۈر ياكى خىش ـ كېسەك باسقان ماشىنا ، تراكتورلاردا 2 ـ 3 سائەتلەپ ئولتۇرۇپ ، توپا ـ تۇمانغا مىلىنىپ ، مەنزىلگە يېتىۋالغانلار تېخى ئامەتلىك سانىلاتتى . گاھىدا ئات ـ ئېشەك ھارۋىلىرىدا ئولتۇرۇشقا ، پەقەت بولمىغاندا شۇنچە ئۇزۇن يولنى پىيادە بېسىشقا توغرا كېلەتتى . بۇ يەرگە خىزمەتكە تەقسىملەنگەنلەر ئۆزىنى ناھىيە تەرىپىدىن پالانغاندەك ھېس قىلىشىپ ، بىر ـ ئىككى ئاي ئىشلە ـ ئىشلىمەيلا بۇ يەردىن يۆتكىلىشكە چاپاتتى.

ئەيساجاندىكى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ھەممىنى ھەيران قالدۇردى . نۇرغۇن ياشلار غەمسىز ، رومانتىك ، قاينام ـ

تاشقىنلىق مەكتەپ تۇرمۇشىدىن بىراقلا ھەممە نەرسە ئۆزىگە تاشلاپ بېرىلگەن رىقابەتلىك ، رەھىمسىز ، زېرىكىشلىك خىزمەت مۇھىتىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ . ئەيساجان ئۈچۈن مۇھىت تويۇقسىز ئۆزگەرگەن ، ئالىي مەكتەپتە قېلىشتىن بۇ يەرگە كېلىپ ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەشتەك بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مۇھىت ئىچىدە ئۇنىڭغا بىللە خىزمەتكە چۈشكەن تەڭتۇشلىرىدەك چۈشكۈنلۈك ۋەھىمىسىمۇ ماراپ تۇراتتى . تەڭتۇشلىرى جاپالىق شارائىتتىن رەنجىپ ھاراققا بېرىلگەن ، ئۇلار ئاساسىي قاتلام خىزمىتى جەريانىدا ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى ئەمەس ، بىكار تەلەپلىكنىڭ ئېقىتىشىغا ئۆزىنى قويۇپ بېرىپ ، يېزىدىكى بىر توپ سورۇنپەز كىشىلەرنىڭ قېتىغا چۆكۈپ كېتىشكەندى . بۇ ياشلار بۇ يەرگە ئامالسىز كەلگەن ، ئەسلىدە قاينام ـ تاشقىنلىق شەھەردە ئىشلەشنى كۈتۈشكەندى . ئۇلار يېزىنى پەس كۆرەتتى ، ئۆزلىرىنى شەھەرگە لايىق دەپ قارايتتى ، ئۇلار ئۆز تەقدىرىدىن رەنجىيتتى ، ئۆزىنىڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغىنىنى شارائىتتىن كۆرەتتى . «بىز بۇ يەرنىڭ ئادىمى ئەمەس ، بۇ يەر مۇتەئەسسىپلىك ، قالاقلىق بىلەن تولغان ، بىزدەك ئىقتىدارلىقلارنى كۆمۈۋېتىدۇ» دەپ ئويلايتتى . بۇ قاراش جەمئىيەتتە ئەڭ ئومۇملاشقان قاراش ئىدى ، ھېچكىم ئاشۇ ئىقتىدارلىقلارنى كۆمۈۋېتىدىغان شارائىتنى ئۆزگەرتىشكە ھەسسە قوشۇشنى ئويلاشمايتتى ، «بىز شەھەرگە ئالماشقاندىن كېيىن ، ئاندىن چوڭ ئىشلارنى قىلىمىز» ، بۇ قاراشلار ئەيساجانغىمۇ تەسىر قىلاتتى ، «مەن ئۈرۈمچىدە ، مېنى ئېلىپ قالغان ئانا مەكتىپىمدە قېلىپ قالغان بولسام ، ياپون تىلىنى ھازىرقىدەك ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرغان بولاتتىم» ، دەپ ئويلايتتىيۇ ، تېزلا بۇ قارىشىنى سۈپۈرۈپ تاشلايتتى . «باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىش ئاجىزلىقنىڭ ، كارغا يارىماس ، ھۇرۇن ئادەملەرنىڭ ئىشى» دېگەن قاراش كاللىسىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتەتتى.

ئەيساجان ئەتراپىدىكى نادانلىقلارغا بېقىنمايدىغان مىجەزى بويىچە سورۇنلارنى رەت قىلىپ ، يېڭى خىزمەت مۇھىتىنى تەتقىق قىلدى ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن مىجەزى ، خاسلىقى بويىچە ئۆزى ئويلىغان لايىھىلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ ، يېزا مەسئۇللىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىماقتا ئىدى.

— ئاتىكاچىلىق قىلما ئۇكا ، باشلىقلار رەنجىپ قالىدۇ ، بۇ يەردە باشلىقلار تەدبىر بەلگىلەيدۇ ، تۆۋەندىكىلەر توغرا ـ خاتا بولسۇن ، قارىغۇلارچە ئىجرا قىلسىلا بولىدۇ ، مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا سەندەك ئاتىكاچىلىق قىلىپ بۇرنۇمغا يەپ ، مانا كۆرگەن كۈنۈم مۇشۇ ، يېزىدا ئادەتتىكى كادىر بولۇپ ئۆسەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— ھەممىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتمەڭ ، ئاكا ، ئۇسۇلغا دىققەت قىلساقلا ، خىزمەتنى ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

يېڭى كەلگەن ياشلارنى ئەڭ ئاۋۋال يېنىغا تارتىدىغىنى خىزمەت ئەمەس ، سورۇن ئىكەن ، ئۇنى ھاراققا زورلايدىغانلار كۆپىيىپ قالدى.

— ساددىسەن ـ دە ، بالا! يېزا دېگەن سېنىڭ مەكتىپىڭگە ئوخشىمايدۇ ، مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلمىساڭ بولمايدۇ ، بۇ يەردە ھاراقنى كىم بەك كۆتۈرەلىسە ، كىم تۆۋەننى بېسىپ ، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلسا شۇ ئۆسىدۇ . كىم پارا يېمىسە ، شۇ موللاق ئاتىدۇ . كىم خەلقنىڭ غېمىنى دېسە ، ئۆز پۇتىغا پالتا چاپىدۇ... — دېدى يېزىدىكى بىر كادىر.

ئۇ ئاستا ـ ئاستا بۇ يەردە ئىككى خىل يولنىڭ سوزۇلۇپ ياتقىنىنى كۆرۈشكە باشلىدى . بەزىلەر ياۋاش دېھقانلار ئالدىدا كۆرەڭلىك قىلىپ ئۇلارنى بوزەك قىلىشقا ، چوڭچىلىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن . ئۇلارچە ئۆزى بولسىلا بولدى ، باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەش ئەخمەقلىق . بەزىلەر ئۈچىسىدىن توپا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان مۇشۇ ساددا ، ئاق كۆڭۈل دېھقانلارنى باي قىلىۋەتكۈسى ، ئۇلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بەرگۈسى كېلىدۇ ، ئەمما ئىشنى نەدىن باشلاشقا كەلگەندە گاڭگىرايدۇ.

ئەيساجاننىڭ دېھقانلار بىلەن پاراڭلاشقاندا كۆڭلى ئازادە بولۇپ قالاتتى ، ئەي ئاق كۆڭۈل ، ساددا خەلق ، يېزىنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ ، يامان تەرىپىمۇ بار ـ دە!

ئۇ شەھەرلىكنىڭ ۋەكىلى ، دېھقانلار ئۇنىڭدىن يېڭىلىقنى ، ئۆزلىرىنى بېيىتىپ ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى كۈتىدۇ . ئۇ بۇ يېزىغا باشقا ياخشى كادىرلار قاتارى يېڭىدىن ـ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىشى كېرەك . پارتىيە كادىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوقۇم پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى بۇ يەردە توغرا ئىجرا قىلىشى ، كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىشى كېرەك.

ئۇ يېزىغا كەلگەندىن بۇيان ، ئالىي مەلۇماتلىق سانىلىپ ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى بىردەك ھۆرمەت قىلىدىغان ، ئەيمىنىدىغان ئادەمگە ئايلانغان بولسىمۇ ، بىراق دەسلەپكى كۈنلەردە كىشىلەر ئۇنىڭدىن كۈتكەنلىرىگە ئېرىشەلمەي ، ئارقىدىن خىلمۇ خىل پەرەزلەرنى قىلىشقانىدى . مانا بۈگۈن يەنە باشقىچە پاراڭلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا ئىدى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ تۇغقانلار ، ھېلىقى داشۆسىك بالا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولۇپ ، يېزىمىزنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى بىر باشقا ئىلىپ چىقماقچى بوپتۇ.

— يائاللا ، ئاخىر بۇ ئىستانسىمۇ پۈتىدىغان بوپتۇ ـ دە! — بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلىكى دېھقاننىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتەتتى.

— ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمەڭلار! خېلى بولدىغۇ سىلەرمۇ توك كۆرىسىلەر دېگىلى ، قېنى شۇ توك؟ كىچىككىنە بالىنىڭ قولىدىن ئەمدى نېمە ئىش كەلمەكچى...

— ئۇنداق دېمىسىلە ، بۇ بالا يامان چىقىدىغاندەك قىلىدۇ ، تىنماي ، ئارامۇ ئالماستىن مۇشۇ ئىشنىڭ پېيىدا بولۇۋاتقۇدەك...

ئېتىز بېشى ، مەھەللە ، ئىشقىلىپ يېزا تەۋەسىدە ئەمدىلىكتە ئەيساجاننىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنى تىرىلدۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدىكى پاراڭ قىزىماقتا ئىدى . «ئېگىز يەر»گە ئاللىبۇرۇن توك تارتىلىپ بىرقىسىم كىشىلەر يورۇقلۇققا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، بىرقىسىملار يەنىلا جىنچىراغلاردا ئۆتمۈش تۇرمۇشىدا ياشىماقتا ئىدى . مانا بۈگۈن توكسىز ياشاپ كېلىۋاتقان كىشىلەر خىلمۇ خىل پەرەز ، بەس ـ مۇنازىرە ئىچىدە ئىستانسىنىڭ تېزرەك پۈتۈپ ، يورۇقلۇققا ئېرىشىشنى كۈتۈۋاتاتتى.



مۇئەللىمنىڭ سۆزى ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي قۇدرىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى . تۇنجى بېسىلغان بۇ جاپالىق مۇساپىلەر مانا بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە ئۇلۇغ ، شۇنچە راھەت بىلىنەتتى . ئۇ سەل بوشىشىپ قالغۇدەك بولسا ، ئۆز ـ ئۆزىنى ۋىجدان سوتىغا تارتاتتى: «قېنى مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى روھىم؟ قېنى ئۇستازىمغا بەرگەن ۋەدەم؟ مەن نېمە ئۈچۈن ئۆگەندىم ، نېمە ئۈچۈن ئوقۇدۇم؟...»

ئۇنىڭ تاشلىنىپ قالغىلى ئالتە يىل بولغان ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا كىرىشىپ ، قاراڭغۇدا قالغان دېھقانلارغا توك يەتكۈزۈش ئىرادىسى يېزىلىق پارتكومنىڭ ئۇنى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل قىلىشى بىلەن تازىمۇ ماس كەلگەنىدى.

ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ شۇنچە يىلدىن بۇيان تاشلىنىپ قېلىشىدا ئىلگىرىكى مەسئۇل خادىملارنىڭ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىلا ئەمەس ، مۇھىمى بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالىغۇدەك مۇكەممەل ، تەجرىبىلىك ئادەمنىڭ بولمىغانلىقى ئاساسىي سەۋەب ئىدى.

تۇنجى قەدەمدىلا ئەيساجاننىڭ ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى ، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ئىشلەپ ئېرىشكەن باشقۇرۇش ، رەھبەرلىك قابىلىيىتى بۇ ئىشتا ئوبدانلا ئەسقاتتى . ئۆگىنىش ھاياتىدىكى جاسارەت ، چىدامچانلىق بۈگۈنكى كۈندە خىزمەتتىكى جاسارەت ، چىدامچانلىققا ئايلاندى.

ئاخىر ئۇنىڭ تۆت ئايلىق جاپالىق بەدىلى مېۋە بەردى . مانا ، «ئېگىز يەر»دىكى توك كۆرمەي كېلىۋاتقان ئاممىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئەمەلگە ئاشمىغان ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشتى . توكسىز قالغانلارمۇ توك كۆردى.

— توك كەلدى!

— توك كەلدى!

— توك كەلدى!...

ئىلگىرى باشقىلارنىڭ يورۇق ئۆيلىرىگە ھەۋەس قىلىپ بويۇن قىسىپ كېلىۋاتقان ، يورۇقلۇققا ، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تېزرەك پۈتۈشىگە تۆت كۆز بىلەن تەلمۈرۈپ كەلگەن بالىلار ئەڭ ئالدى بىلەن خۇشاللىقىنى باسالماي قېلىشتى . چوڭلار ، ھەتتا قېرى ـ چۈرىلەرمۇ خۇشاللىقتىن ئۆزلىرىنى باسالماي ۋارقىراشتى... شۇ كۈنى ئەل ئۆمرىدە ئۆز ئۆيىگە توك تارقىتىلىشنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمىغان بوۋاي ـ مومايلارمۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى . ئەيساجان ھەقىقەتەن چوڭ ھەم ئىنتايىن خاسىيەتلىك بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغانىدى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆز ئىشخانىسىدا ئولتۇراتتى ، نەۋرىسىنى يېتىلىۋالغان ناتونۇش بىر موماي ئۇنى ئىزدەپ كىرىپ كەلدى:

— «تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر ، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەندەك ، بىز سىلىگە ئۆز ئۆيىمىزنىڭ يەرلىك توخۇسى تۇغقان تۇخۇم ئالغاچ كەلدۇق، — دېدى موماي.

— بۇ... بۇنداق قىلساق بولمايدۇ...

ئەيساجان مومايغا پۇل سۇندى . موماي رەللە بولۇپ ئۇنىڭ قولىنى قىقىۋەتتى:

ــــ ئاپاسىلا نېرى!... مەن سىلىگە تۇخۇم ساتقىلى كەلمىدىم ، رەھمەت ئېيتقىلى كەلدىم . كەمبەغەلنىڭ چېپىي چىشقا دورا دەيدۇ ، بۇمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز... توك يېقىلىپ قالتىس ئىش بولدى . ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى قوبۇل قىلمىسىلا ، بىز بۇ يەردىن كەتمەيمىز!...

ئەيساجان ئاددىي ، ئەمما سەممىي ئېيتىلغان بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىلا ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن قالتىس خاسىيەتلىك بىر ئىشنى قىلغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى...

ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ، نەچچە ئايغىچە ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىپ ئىشخانىسىغا كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى...

ــــ قانداق ئىكەن بۇرادەر ، بۇ بالا بوش ئەمەستەك قىلىدۇ دېسەك ، ئالدىراپلا بەل قويۇۋېتكەنتىڭلا ،ــــ ئەيساجانغا ئىشەنگەن ، ئۇنى قوللىغان دېھقانلار توك تارتىلىپ ، يورۇقلۇققا ئېرىشكىنىدە خۇشاللىقىنى باسالماي قېلىشقاندى.

ــــ بولدى ، مېنى خىجىل قىلماڭلا ،ــــ ئىلگىرى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەيساجانغا تازا ئىشەنمىگەن ھېلىقى كىشى بۇنىڭدىن ئارتۇق بىرنېمە دېيەلمەيتتى.

ــــ بىچارە بالا ، كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي ئىشلەپتۇ . پۇت ـ قوللىرى قاپىرىپ ، جۇدەپ بىر ئۇستىخانلا بولۇپ قاپتۇ.

ــــ تېخى ، بۇ توت ئاي ئىچىدە ئۆيىگىمۇ قايتالماپتۇ . ئاتا ـ ئانىسىنى قانچە سېغىنغاندۇ ئۇ بالا . ئۇنى يوقلاپ تۇرايلى ، قېرىنداشلار.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئەيساجاننىڭ ھۆرمىتى پۈتۈن «ئېگىز يەر»لىكلەرنىڭ قەلبىگە چېكىلدى . كوچا ـ كوي ، ئۆي ـ مەھەللىلەردە ئۇ ھەقتىكى پاراڭ بېسىقمايۋاتاتتى.

ــــ ئەيساجان ھەقىقىي بىر پارتىيە ئەزاسىغا مۇناسىپ قالتىس ئىش قىلدىلا ، نەگىلا بارسا سىلى ھەققىدىكى پاراڭ ، ناھىيە رەھبەرلىرىمۇ خىزمەتلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىۋاتىدۇ ،ــــ يېزا مەسئۇللىرىمۇ ئۇنىڭغا قايىل بولۇشقانىدى.

ــــ بۇ يالغۇز مېنىڭ تۆھپەم ئەمەس . ھەرقايسىلىرىنىڭ قوللىشى ، شارائىت يارىتىپ بېرىشلىرىدىن ، مۇھىمى تەشكىلنىڭ ماڭا ئىشەنگەنلىكىدىن بولىدى . سىلەرگە رەھمەت ،ــــ ئۇ بۇ ئىشتا ئۆزىنى قوللىغان يېزا رەھبەرلىرىدىن بەكلا رازى ئىدى.

ئەيساجان يېزا ، ناھىيە مەسئۇللىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى . بولۇپمۇ ئۇچرىغانلا دېھقاننىڭ ئېگىلىپ تۇرۇپ قىلغان سالىمىدىن ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىكى بىر خىل خۇشاللىقتىن ، پات ـ پاتلا ياتىقىغا كېلىپ ئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈۋاتقان دېھقانلاردىن ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولۇۋاتاتتى.

ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىدىن كېيىن ئۇ ئاردىلىقتا ئۆيىگە بىرنەچچە كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قايتتى . ئوغلىنىڭ ئۈتۈقلۇق بېسىلغان تۇنجى قەدىمىدىن شادلانغان ئەخەت ئاكا ، پاتىگۇل ھەدە ئۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ چوڭقۇر مېھرى بىلەن باغرىغا بېسىشتى.

ــــ ئوغلۇم ، دېھقانلار سەندىن قانچىكى شادلانسا ، بىزمۇ شۇنچىكى رازى . بۇ قېتىم قالتىس ياخشى ئىش قىلدىڭ ،ــــ ئەخەت ئاكا تاماقتىن كېيىن ئوغلى بىلەن سۆھبەتكە چۈشكەنىدى . ئۇلارنىڭ پارىڭىغا داخىل بولغاچ ئوغلىغا زەن سېلىپ ئولتۇرغان پاتىگۇل ھەدىنىڭ ئوغلىنىڭ قارىدىغان يۈزى ، ھارغىن چىرايىغا قارىغانچە ئىچى سىيرىلاتتى . پاراڭ بىر يەرگە بارغاندا پاتىگۇل ھەدە ئۇلارنىڭ بالدۇرراق ئارام ئېلىشىنى جېكىلەپ چىقىپ كەتتى.

ــــ ئوغلۇم ، ئەمدى يەنە قانداق پىلانىڭ بار؟ ــــ دېدى ئەخەت ئاكا پاراڭ ئاخىرىدا.

ــــ ئەمدى ئىشنى نەدىن باشلاشتا كونكرېت پىلانىم يوق دادا ، ئەمما يەنە كۆپ ئىش قىلىشقا ئىرادەم بار . يول بويى ئاپتوبۇستا ئويلاندىم ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن «ئېگىز يەر»نى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشتىن ئىش باشلىسام ، ئاندىن كېيىنكى قەدەمنى باسسامىكىن دەيمەن.

ــــ ياراپسەن ئوغلۇم . مۇشۇ سۆزۈڭنىڭ ئۆزى غەلىبىلىك تۈزۈلگەن پىلان . بولسا پېشقەدەملەردىن ، ئۇ يەرگە كونا دېھقانلاردىن كۆپرەك تەلىم ئېلىشنى ئۇنتۇما.

ــــ سىزنىڭ كۆرسەتمىڭىزگە موھتاجمەن دادا.

پاراڭ خېلى چاغقىچە داۋاملاشتى . ئەيساجاننىڭ كۆڭلى ئاتا كۆرسەتمىلىرىدىن پاللىدە يورىغاندەك بولۇپ ، ئۆز مەنزىلىگە يۈكسەك ئىشەنچ باغلىدى.

ئۇنىڭ بىر مەزگىللىك كۆزىتىشلىرى ئاخىر ئۇنى يېڭى مەنزىلگە باشلىدى . بايلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ يېزا ۋە دېھقانلارنىڭ مەلۇم جەھەتتىن ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى . بۇ يولدىكى قەدەمنى يېزىدا گەچ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇشتىن باشلىدى . زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشتە ئالدى بىلەن قەشقەر ، ئاتۇش ، پوسكام ، يېڭىشەھەر قاتارلىق جايلاردىكى زاۋۇتلارغا بېرىپ ئۇ يەردىكى خەنزۇ

تېخنىكلاردىن تېخنىك ئۆگىنىشكە كىرىشتى . بۇ نۆۋەت ئالىي مەكتەپتە يېتىشتۈرگەن خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ناھايىتى ئەسقاتتى . تىرىشچانلىق بەدىلىگە «ئېگىز يەر»دە يەنە بىر يېڭىلىق بارلىققا كەلدى . زاۋۇت گەرچە كىچىك كۆلەمدە بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭدا تۇنجى قەدەمدە بور ، ئۆي بېزىشتە ئىشلىتىلىدىغان نەقىشلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ چىقىرىلىشى بۇ زاۋۇتنىڭ كەلگۈسىدىن خۇشاللىنارلىق شەپە بەرمەكتە ئىدى . ھەر بىر نەتىجە ، غەلىبىنى خاتىرىلەپ مېڭىش ، ئۇنىڭ ئىلھامىدا ئەتىكى مەنزىل ئۈچۈن ئاتلىنىش ئەيساجاننىڭ ئالىي مەكتەپتىن باشلاپلا داۋام ئېتىۋاتقان ئادىتى ئىدى . خىزمەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىككىنچى ئىش ھەققىدىكى خاتىرىسىنى يېزىپ تۈگەتكىنىدە ، ۋاقىت خېلى يەرگە بېرىپ قالغانىدى .

— ئەيساجان ئۇكام ، سىز بەكلا جاپا چېكىۋاتىسىز، — بىر كۈنى يېزا باشلىقى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشتى . يېزا باشلىقى تاماكىنى قاتتىق بىر شورىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۈمىدلىك بىر باقتى ـ دە ، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى .

— كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، بۇ مانا مۇشۇنداق نامراتلىق باسقان بىر جاي ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت دەل مۇشۇ نامراتلىقنى قەدەممۇ قەدەم ئۆزگەرتىشنى بىزلەرگە تاپشۇرغان ، بىز بولساق سىلەردەك ئالىي مەلۇماتلىق ، خەلقنى ئويلايدىغان پارتىيىنىڭ ھەققىي كادىرلىرىغا موھتاج . خەلق خۇش بولسا پارتىيە ، ھۆكۈمەتمۇ بىزدىن ، خىزمىتىمىزدىن رازى بولىدۇ ، — ئۇ تاماكىنى قاتتىق بىر شوراپ يەرگە تاشلىغاندىن كېيىن ، يەنە سۆزىنى داۋام ئەتتى .

— بەكلا ياداپ كېتىۋاتىسىز ، سالامەتلىككە دىققەت قىلىڭ ، بۇ نۆۋەت سۇنغان دوكلاتىڭىزنى كۆرۈپ بەكلا خۇش بولدۇم . ئەمما ، بۇ ئىشقىمۇ ئاز كۈچ كەتمەيدۇ.

— بىلىمەن شاڭجاڭ ، رەھمەت . مەن چوقۇم قىلىپ كېتەلەيمەن.

بۇ نۆۋەت ئۇ قەدىمىنى باشقىچە ئالدى . سەھەردىلا كەنتمۇكەنت ئارىلاپ دېھقانلار بىلەن سۆھبەتلەشكەنچە خېلى كەچ ياتاققا قايتىپ كېلەتتى . ھەپتە داۋاملاشقان خىزمەت ئۇنىڭغا «ئېگىز يەر»دە يەنە ياغ ، تاغ ، باغدىن ئىبارەت ئۈچ ئىش ياخشى ئىشلەنسە ، دېھقانلار تۇرمۇشىغا مەلۇم دائىرىدە ياخشىلىنىش ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تونۇتتى . «ئېگىز يەر» تاغلىرىدا سېمونت ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارغا يېتەرلىك ھەر خىل تاش ۋە باشقا ماتېرىياللار كۆپ تېپىلاتتى ، تاشلارنى خام ماتېرىيال ئورنىدا سېمونت زاۋۇتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارغا ئۆتكۈزسە مەلۇم



نىسبەتتە كىرىم ياراتقىلى بولاتتى . تۇپرىقى بولسا خاس باغۋەنچىلىككە ماس كېلەتتى . چارۋىچىلىق ۋە مايلىق دان زىرائىتى ئارقىلىق يەنە باغ بىنا قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى.

ئەيساجاننىڭ ئىشخانىسى ، ياتىقى ، تەبىئىيلا ئالدىنقى سەپ ئىشخانىسىغا ئايلاندى . بۇ يەرنى ئەيساجانغا قارىغاندا مۇكەممەل چۈشىنىدىغان يېزا مەسئۇللىرى ، كادىرلىرى ئەيساجانغا ئۆز ئويلىرى بويىچە يول كۆرسىتەتتى . ئاقساقال ، كۆپنى كۆرگەن چوڭلار ئەيساجانغا «ئېگىز يەر» ھەققىدە زاغرا تىلدا ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ ، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ئازراق بولسىمۇ ئۆز ياردىمىنى قىلىشنى ئويلايتتى . يەنە گاھىلىرى ئۆز ئويلىرىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئېيتاتتى.

— باشلىق ، بۇ پىلانلىرىڭىز قالتىس بوپتۇ ، ئەمما مەبلەغ بولمىسا بىز نېمىمۇ قىلالايمىز، — بىرقىسىم دېھقانلار قەلبىدە ئۇ ئاللىبۇرۇن بىر قابىل رەھبەرگە ئايلانغانىدى.

— بۇ ئىشتا مەبلەغنى يوقلارغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىدىغانغا يېزا مەسئۇللىرى بىلەن سۆزلىشىپ قويىدۇم.

دېھقانلار نېمىگە قىزىقسا ، شۇنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك . دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قىزىقىشى ، ئىقتىدارىغا ئاساسەن كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق بىر يىل ئىچىدىلا بەدەلنىڭ مېۋىسى كۆرۈلدى . يانچۇقى پۇل كۆرگەن دېھقانلار ئەيساجانغا ئالاھىدە رەھمەتلەرنى ئېيتىشتى . جاپالىق ئەمگەكلەر بەدىلىگە ئۇ پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ تەشكىلنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى-

گە ئېرىشتى ھەمدە سايلام ئارقىلىق يېزىلىق پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى.

## تەشكىلات بۆلۈمىدىكى كۈنلەر

— ئەيساجان ئۇكام ، سىلى كەتمىسىلە بولاتتى.

— شۇنداق ، بىزگە سىلى بولمىسىلا...

— ئۇكام ، تەشكىلگە بىر گەپ قىلىپ باقايلىمۇ يا؟

ئەيساجاننىڭ «ئېگىز يەر»دىن كېتىدىغانلىق خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە دېھقانلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندى ، تۇشمۇتۇشتىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

— توۋا، — دەيتتى ئىشنىڭ تېگىگە تېخى يەتمىگەنلىرى، — بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان بالىنى كەتكۈزۈۋەتكۈدەك نېمىش قىپتىكەن شۇنچە؟

— ئاللا ، نېمە دەيدىغاندۇ ئەمدى ، يۇقىرىغا ئۆستۈرۈپتۇ دەيدۇ ئۇ بالىنى . چوڭ باشلىق بولىدىكەن دېسىلە.

— باشلىق بولسا بىزنى ئۇنتۇپ قالارمۇ؟

— ئۇنداق دېمەيلى جامائەت ، شۇنچە يىل بىزنى ئۇنتۇماي بىز ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بەرمىدى . ھەرگىز بىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ئەيساجان ئۆزىنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن بىكىتىلگەن ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇنىدا يېنىغا قويۇلغان دېھقانلارنىڭ ئۆزىنى ئۇزىتىشقا ئېلىپ كەلگەن مېۋە ـ چېۋە قاچىلانغان سېۋەتلەرگە ، نان ـ توقاچلار چىگىلگەن داستىخانلارغا قارىغانچە ئۆتكەن كۈنلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى . دېمىسىمۇ ، بەش يىللىق ھاياتى ئۆتكەن «ئېگىز يەر»دىن ، «ئېگىز يەر» دېھقانلىرىدىن ئايرىلىش خۇددى ئالىي مەكتەپتىكى ئۇستاز ، ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلغاندەكلا ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەندى . دېھقانلار كۆز يېشى بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قالدى...

1996 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئەيساجاننى تەشكىلات بۆلۈمىگە يۆتكىدى . «ئېگىز يەر»دىكى خىزمەت ھاياتى ئۇنى چېنىقتۇرغان ، ھەممىگە ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققاندى.

مانا ئەمدى كەچكى ۋاقىتلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ خەنزۇ تىلىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشنى داۋاملاشتۇردى . خىزمەت شەكلى ، خىزمەتچىلەر يېزىدىن پەرقلىنىدىغان بۇ يەردە خەنزۇ تىلىنى ياخشى بىلىش مۇھىم ئىدى . ئۇ ئۆگەنگەنلىرىگە ئەمەلىيىتىنى ، خىزمەتكە بىرلەشتۈرەلىدى . ئۇنىڭ خىزمەتنى ئەستايىدىل ، سۈپەتلىك ئىشلەش خاسلىقى تېزلا تەشكىلنىڭ كۆزىگە ئېلىندى . 2000 ـ يىلى تەشكىل ئۇنى ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى . مانا بوگۈن ئۇ «ئېگىز يەر» دېھقانلىرى ئېيتقاندەك باشلىق بولدى . شۇ كۈنلا ئۇ دادىسىغا تېلېفون بەردى.

— ئوغلۇم، — دېدى ئەخەت ئاكا ئەيساجاننىڭ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ قىلغان سۆزىگە رەددىيە بېرىپ، — ئادىل نىيەت يۇرەككىدە بولسۇن . پاكلىق ، دىيانەت خىسلىتىڭ بولسۇن . مەغرۇرلانما ، خەلقنى ئېسىڭدىن چىقارما ، پارتىيىنىڭ ھەقىقىي بىر كادىرىغا خاس ئىشلە . ئەنە شۇندىلا يولۇڭ راۋان بولىدۇ.

ئەيساجان ئەخەت ئاكىنىڭ تېلېفوندا ئېيتقانلىرىنى خاتىرە دەپتىرىگە كۆچۈرۈۋېتىپ ، ئايرىلغىلى توققۇز يىل بولغان سىنىپ مەسئۇلىنىڭ «مەيلى قەيەردىلا بولۇڭلار ، ئۆزۈڭلارنى ئىپادىلەپ ياشاڭلار» دېگەن ھېكمىتىنى قايتا ئېسىگە ئالدى ـ دە ، بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى.

ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتنى تەرتىپكە سېلىش ، مەركەزلىك تۈزەپ تەرتىپكە سېلىش ئەيساجان يېڭى ئورۇندا قاتناشقان ئاساسلىق خىزمەت ئىدى . مەيلى تەرتىپكە سېلىش ياكى مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىدە بولسۇن ، ئۇ ئەمەلىيەتنى ئۇنىڭدىن يارالغان ھەقىقەتنى مەشئەل قىلىپ كۆتۈردى . كادىرلار قوشۇنى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە كۆپ زېھىن ، نۇرغۇن كۈچ چىقاردى . خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى . پارتىيە كادىرىغا خاس خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي ئىشلەشنى بۇ يەردىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى . «ئېگىز يەر»دىكى چاغلىرىدا كەنتلەرنى ئارىلىغان بولسا ، ئەمدىلىكتە يېزىمۇ يېزا يۈردى.

«نىشانىم — خەلقنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىشتۇر . مەن ئاۋامنىڭ چاڭ قونمىغان قەلبىگە پاك قولۇمنى سۇنۇپ ، مۇھەببەتكە تولغان كۆزلىرىم بىلەن ئۇلارغا باقتىم . ئەلنىڭ سۆيگەن ئوغلىغا ، پارتىيىنىڭ ياراملىق بىر كادىرىغا ئايلىنىش ئۈچۈن تىرىشتىم ، بۇ جەرياندا پارتىيىنىڭ نېمە ئۈچۈن پاكلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم» — ئەيساجان يەنە ۋەزىپە بويىچە يۆتكىلىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغىنىدا ، ئۆزىنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە بىر يىللىق خىزمىتىنى خۇلاسىلاپ شۇنداق يازدى.

## يېڭى يەردىكى يېڭى ئىشلار

— ئەگەر دېھقانىنىڭ قورسىقى توق ، كىيىمى پۈتۈن بولمىسا ، ئاقىۋىتى نېمە بولار؟ ئىشنى ئەمدى نەدىن باشلىغۇلۇق؟

ناھىيىدىن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان 11 مىڭ نوپۇسقا ئىگە ، تېرىلغۇ يېرى ئاز ، نوپۇسى كۆپ ، سۇ قىس ، شۇ يىللاردا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت ۋەجى ئاشلىقىمۇ كاپالەتلىك قىلالمىغان يېڭىيەر يېزىسى يېزىلىق پارتكومىنىڭ بۇ يېڭى شۇجىسىغا سوئال قويدى.

ئەيساجان سوئال ئالدىدا كۆپ ئىككىلەنمىدى . تەشكىلات بۆلۈمدە ئىشلەش جەريانىدا ، ئۇنى ئىزلەيدىغانلار كۆپەيگەن ، مۇناسىۋەت دائىرىسىمۇ بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە كېڭەيگەنىدى . ئۇ تېزدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، قۇتقۇزۇش تارماقلىرىدىن 50 توننا ئۇن ھەل قىلىپ ، پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا تارقاتتى ، ئارقىدىنلا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن 30 توننىدىن ئارتۇق ئاشلىق ئۆتنە ئېلىپ پۈتۈن دېھقانلارغا تارقاتتى . يېڭىيەر دېھقانلىرى ئۆزىدىن بۇرۇن بۇ يېڭى شۇجىنىڭ نامى ، خىسلىتى بىلەن ئۇچراشتى.

— بۇ يېڭى شۇجى باشقىچە ئادەمدەك قىلىدۇ جۇمۇ؟

— ھېلىتىن غەيۋەتكە ماتېرىيال تويلاپ بولدۇم دەڭلا ، بۇرادەر، — يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرىنىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا ئارىدىن بىرەيلەن گەپ ئارىلىدى.

— نېمە دەيدىغانسەن ئاداش ، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم — ئۇ بۈگۈن ھەممە كادىرغا يىغىن ئېچىپ ، كۆپچىلىكنىڭ بىردەك ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ھەربىر كادىرغا يېرىمىنى ھۆكۈمەت ، يېرىمىنى ئۆزىمىز چىقىرىدىغانغا موتو سەپلەپ بېرىدىغان بولدى . ئۇنىدىن باشقا يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ چۈشلۈك تاماق يەيدىغان ئاشخانا ۋە چۈشتە ئاز ـ تولا ئارام ئالىدىغانغا ياتاق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىمىز، — دېدى.

ئارىدىن ئەيساجان ھەققىدە خېلى كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە بىرەيلەن ئېغىز ئاچتى.

— ئۇ دېگەن كاتتا مەكتەپتە ئوقۇغان ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىق پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ يېزىغا كەلگەنىكەن . تېخى ياپونلارنىڭ تىلىنىمۇ بىلىدۇ دەيدۇ.

— ھەقىقەتەن ئادەم ئىشلىتىشكە ماھىر باشلىقكەن . ئالدى بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاپتۇ مانا . خۇددى ھەر ئىشنى ئائىلىدىن باشلىغاندەكلا ئىش بوپتۇ.

ئارىدا باشقىلارنىڭ سۆزىنى زەن قويۇپ ئاڭلاۋاتقان بىرەيلەن گەپ قوشتى.

— يېزىغا كېلىپلا دېھقانلارنىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى ماھىرلىق بىلەن ھەل قىلىشىدىن ، ئارقىدىن يېزىدىكى كادىرلارنىڭ تارقىتىلمىغان تۆت ئايلىق ئىش ھەققىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەل قىلغىنىدىن ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ . يېڭىيەردە نەگىلا بارساڭلا ، دېھقانىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئاغزىدا ئۇ ھەققىدىكى گەپ ، — ئۇنىڭ بۇ سۆزى بىلەن گەپ ئەيساجان ھەققىدىن باشقا ياققا يۆتكەلدى.

يېڭى موتسىكلىتلارغا ئېرىشكەن يېزا كادىرلىرى ئۇنىڭ راھىتىنىمۇ كۆردى . مانا ئەمدى جاپاسىنىمۇ تارتىشقا باشلىدى . تەقسىمات بويىچە نەچچىسى دوختۇرخانا بىناسىنى يېڭىلاش ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا چاپسا ، نەچچىسى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە يېڭىدىن ئوقۇتۇش بىناسى سالدۇرۇش ئىشىغا چاپتى . ھەممە تەرەپ ـ تەرەپتە دەسلەپتىلا تۇتۇلغان بۇ ئىككى چوڭ قۇرۇلۇش بىلەن ھەلەك ئىدى.


دوختۇرخانا بىناسىنىڭ پۈتۈپ ھەمكارلىشىپ داۋالاشنىڭ يولغا قويۇلۇشى دېھقانلارنى خۇش قىلسا ، ئىككى قەۋەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ بىناسىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈنگەنلىك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە دەسلەپكى قەدەمدە كومپيۇتېرنىڭ سەپلىنىشى ھەممىسىنى قايىل قىلدى.

ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلار ھەققىدىكى سىياسەتلىرىنىڭ ھەر يېزىدا ئەمەلىيلىشىش قەدىمى ئوخشىمايدۇ . يېڭىيەر دېھقانلىرى تېخىچە ئۆز قىزغىنلىقى بويىچە يەرگە خالىغانىنى تېرىش سىياسىتىگە نائىل بولالمىغانلىقتىن ، يىل بويى پىلان ئىچىدىكى ئەمگەكتىن باش كۆتۈرەلمىگەچكە دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق قىزغىنلىقى تۆۋەن ، نارازىلىق كەيپىياتى ئېغىر ئىدى.

ئەيساجان دېھقانلار بىلەن كۆپ پاراڭلاشتى . پېشقەدەملەردىن تەلىم ئالدى . ئىشنى ئالدى بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتىن باشلىدى . ئىزدىنىش ئاخىر ئەيساجانغا ئىشنى تاۋار قوغۇن تېرىشتىن باشلاشتەك ئىقتىسادىي تەپەككۇر يولىنى تونۇتتى.

— بىز ئاتا ـ بوۋىمىزدىن نەچچە ئەۋلادقىچە دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەن خەق . قانداق يەرگە قايسى زىرائەتنى تېرىشنى ئوبدان بىلىمىز . سىلەر نەدىكى بىر

بۇزۇلغان ، كېرەكسىز ئۇرۇقلارنى تېپىپ كېلىپلا مەجبۇرىي
تېرىيسەن ، دەپ بىزنى زىيانغا ئۇچراتساڭلار ، يىل ئا-
خىرىدا ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ، بىز
دېگەن بويىچە ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرمىغان دەپ سە-
ۋەنلىكنى ئۆزىمىزگە ئارتىپ قويۇپ قۇتۇلساڭلار ، ئۇنداق
يەرنى كىم تېرىسا تېرىۋالسۇن! — دېهقان بوۋاينىڭ



خۇددى ئۆز ئوغلىغا ئېيتقاندەك ئەيىبلىگەن سەمىمىي
بايانلىرى ئۇنىڭ ئۇچۇن پىشاڭ ۋە ھەقىقىي تەلىم ئىدى.
ئۇ بۇ ھەقتە مەخسۇس يىغىن ئاچتى:
— ھۆكۈمەتنىڭ دېهقانلار ھەققىدىكى سىياسەتلى-
رىنىڭ ھەر يېزىدا ئەمەلىيلىشىش قەدىمى ئوخشىمايدۇ .
بېگىيەر دېهقانلىرى تېخىچە ئۆز قىزغىنلىقى بويىچە
يەرگە خالىغانىنى تېرىش سىياستىگە نائىل بولالمىغان-
لىقتىن ، يىل بويى پىلان ئىچىدىكى ئەمگەكتىن باش
كۆتۈرەلمىگەچكە دېهقانلارنىڭ نارازىلىقى كۆپ ، ئاك-
تىپچانلىقى تۆۋەن ئىكەن . بۇندىن كېيىن بىز تەشۋى-
قاتنى كۈچەيتىپ ، دېهقانلارنى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى
تەڭشەشكە يېتەكلەيلى . بىر تۇتاش ماشىنا ئارقىلىق
مەشغۇلات قىلىش ، باشقۇرۇشقا قۇلايلىق شەرتى ئاستىدا
ئۇلارغىمۇ تېرىش ئەركىنلىكى بېرەيلى . ھۆكۈمەتنىڭ
يېزىلارغا قاراتقان سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، دېھ-
قانلارنى ياخشى كۈنگە باشلاش بىزنىڭ زىممىمىزدە .
مائاش ئۇچۇنلا دەرس مۇنبىرىگە چىققان ئوقۇتقۇچى لا-
ياقەتلىك ئوقۇتقۇچى ھېسابلانمىغاندەك ، پەقەت ئۆز
كۈنى ئۇچۇنلا ياشىغان يېزا كادىرى ھەرگىزمۇ پارتىيە ،
ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى كادىرى ئەمەس . بېگىيەر خۇددى
بىر چوڭ ئالىي مەكتەپكە ئوخشايدۇ . ئوقۇتقۇچىنىڭ
پەرۋانە روھى ، ساپاسى ئاقىۋەتتە ئوقۇغۇچىنىڭ كەلگۈسى ،
مەكتەپنىڭ نىشانىنى بەلگىلىگەندەك ، بىزنىڭ دېهقان
ئۇچۇن ئاتالغان چىن كۆڭلىمىز ، ساپايىمىز بېگىيەر
خەلقىنىڭ كەلگۈسى ، بېگىيەرنىڭ ناھىيىمىزدىكى
ئورنىنى بەلگىلەيدۇ . ھەممىدە دېهقانىنىڭ مەنپەئىتىنى
چىقىش قىلايلى ، دېهقانلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالايلى ،
پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرايلى .
بۇنىڭدىن كېيىن ئورتاق خىزمەت مىزانىنى بەلگىلەپ شۇ
بويىچە تۇتىمىز . ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش
چىقىرىپ ، بىرلىكتە تىرىشايلى...

ھەپتە ئۆتمەي ئەيساجان شۇجىنىڭ يېزا
يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھى بېگىيەر
يېزىلىق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى
ماددىلىق خىزمەت مىزانى تەييارلىنىپ خىزمەت
بىناسىنىڭ كارىدورىدا پەيدا بولۇشى بىلەن ئە-
مەلىيلەشتى . بۇ ھەرگىزمۇ شەكىلۋازلىق بول-
ماستىن ، خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى قوبۇل قىلىش
بولۇپ ، ياخشى ئىشلىگەنلەرنى قەرەللىك ئا-
ساستا شەرەپ مۇنبىرىدە ئاشكارا ئېلان قىلىپ ،
تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش
ئۇچۇن قوللىنىلغان ياخشى چارە ئىدى . بولۇپمۇ ئىش
ھەققى بىلەن ئىش ئۈنۈمىنى چېتىلدۇرۇش تۈزۈمى يېزا
كادىرلىرىغا يېڭىچە يول ، تەلەپ ئېلىپ كەلگەنىدى.

دېهقانلارنى ئۆز قىزغىنلىقى بويىچە يەر تېرىشقا
سەپەرۋەرلىك باشلاندى . دېهقانلار بۇنىڭدىن قەۋەتلا سۆ-
يۈنۈپ كېتىشتى . شۇ تاپتا ھەممە ئۆزىگە تەقسىملەنگەن
ئىش بىلەن ھەلەك ئىدى . ئەيساجان بىر تەرەپتىن ، نا-
ھىيىدىكى يېزا خىزمىتى ھەققىدە چاقىرىلغان تۈرلۈك
يىغىنلارغا قاتنىشىش بىلەن ئالدىراش بولسا ، يەنە بىر
تەرەپتىن ، كەنتمۇ كەنت چېپىپ يېزا كادىرلىرى ، دېھ-
قانلار بىلەن بىرلىكتە ئىش قايىنىمىغا چۆكەتتى...

— ئەيساجان شۇجى قايسى كۈنى مېنى ئىشخانىدىن
ماتېرىيال ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى . ماتېرىيال ئىزدەۋې-
تىپ ئۈستىلى ئۈستىگە تىزىلغان كىتابلارغا كۆزۈم
چۈشتى.

— نېمە كىتابلار ئىكەن؟

— ساپلا يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت كىتابلاردەك قى-
لىدۇ، — كاتىپنىڭ سۆزى يېنىدا بىرگە كېتىۋاتقان
ھەمراھىغا خۇشياقمىدى بولغاي ، چىرايى بىردىنلا ئۆز-
گىرىپ ئارقىدىن تېزلا ئىنكاس قايتۇردى.

— قارىغاندا بۇ شۇجى يەنە بىر ئىشنى كۆزلەۋاتامدۇ
نېمە؟ يەنە ئارامچىلىق يوقكەن ـ دە؟



# ئانا يەر

**هەسەن تىلىۋالدى**

( شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويىغا بېغىشلايمەن )

ئۆمرۈم قامۇسى سەندە پۈتۈلگەن ،
كىندىكىم قېنى ساڭا تۆكۈلگەن .
كۆز ئېچىپ دەسلەپ كۆردۈم مەن سېنى ،
ئەزىز ئانامسەن ماڭا كۆيۈنگەن .

پەرۋىشىڭ بىلەن ئۆسۈپ قوينىڭدا ،
مۈدۈرمەي باغرىڭدا مېڭىشنى بىلدىم .
ئەقىل ، ئىدراكىم سەندە نۇرلىنىپ ،
ئەجرىدىن هوسۇل ئېلىشنى بىلدىم .

ئاي گۇۋاھ ئاڭا ، يۇلتۇزلار گۇۋاھ ،
تۇغۇلغان كۈنۈم بولغاچ ئاشۇلا .
تارىم ، ئېرتىش بەردى ئۇغۇز سۈت ،
تەنگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بولدى ساپ هاۋا .

ئۆتتى سېنىڭدە گۆدەكلىك چېغىم ،
ياشلىق دەرياسى ياسىدى قىيان .

ئۆستۈم ئالەمچە شەپقىتىڭ بىلەن
سادىق ئوغلۇڭمەن ئەمەسمەن مېهمان .

كەچكۈز كەلسە خوشلاشقان قۇشلار ،
باهار كەلسە كېلىدۇ ئۇچۇپ .
مەن كەتمەيمەن بىراق ئىللىق باغرىڭدىن ،
ياشايمەن سەندە شان ـ زەپەر قۇچۇپ .

قېرىتىسمۇ يىللار كارۋىنى ،
قونغاندىمۇ قىرو بېشىمغا .
ئەتەم ئۈچۈن ئۈمىد بېغىشلاپ ،
تۇردۇڭ ئانا يەر هەربىر ئىشىمغا .

قەرزدارمەن شۇڭا ساڭا بىر ئۆمۈر ، ·
قۇچىقىڭ سۆيۈملۈك ئانام .
مۇبارەكلەپ مەن ئەللىك يېشىڭنى ،
چىن هۆرمەت بىلەن قىلىمەن سالام .

## ئىككى شېئىر

**مەتسەيدى مەتقاسىم**

### چۆل ئوغلى

تۇغۇلۇپ ئايىندىم دەشتلەرنى كېزىپ
ئەتلەستەك تارىمنىڭ ئېتەكلىرىدە .
ئالقىشلار ياڭراتسا توغراق شاخلىرى
يۇلغۇنلار يەلپۈدى چېچەكلىرىدە .
شاش روهىم بۇركۈتتەك ئەيلىدى پەرۋاز ،
بۇ قەدىم تۇپراقنىڭ تىلەكلىرىدە .

توپىغا مىلەنگەن شېئىر مەن گويا
روهىممۇ قۇم كەبى تەنها قاغجىراق .
بىخ يېرىپ كۆكلەيمەن هەتتا چۆلدىمۇ
چۇڭگۇل① دەك ئەتراپقا چېچىپ خۇش پۇراق
سۇسىراپ چۇشسەم دەريا دولقۇنى
لەۋ ياقتى مەڭزىمگە چۆلدىكى يانتاق .

مىنگىشىپ قۇشلارنىڭ قاناتلىرىغا
قىيغىتتىم بۇغا هەم ماراللار بىلەن .
مىسالى تۆگىلەر بوتلىقى سىمان
بوراندىن خۇي ئېلىپ شوخ ـ تېمەن .

① چۇڭگۇل — تارىم ۋادىسىدىكى بولغانمىغان رايونلاردا ئۆسىدىغان چوغ گۈلى. ئۇ كېرىيە شىۋىسىدە چۇڭگۇل دەپ ئومۇملاشقان.

# « مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن »لەر پائالىيىتىگە قاتنىشىڭ !

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەتبۇئاتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى ئوقۇرمەن، سىزمۇ خوجايىنلىق ھوقۇقىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ ژۇرنىلىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالامسىز؟
بىز دائىم سىناش جەدۋىلىنى ئەستايىدىل تولدۇرۇپ بىزگە ئەۋەتىپ بەرگەنلەر ئىچىدىن يىل ئاخىرىسىدا «مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن»لەرنى باھالاپ چىقىمىز. باھالانغۇچىلار ئەسر باھاتىمىزنىڭ مۇكاپاتىغا ۋە ئادەتتىكى كۆڭۈل سوۋغىسىغا ئېرىشىشتىن سىرت، يەنە نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

ئىسىم فامىلىڭىز: ____________

يېشىڭىز: 20 ياشتىن تۆۋەن ☐ 21 - 30 ☐ 31 - 40 ☐ 40 ياشتىن يۇقىرى ☐ جىنسى: ئەر ☐ ئايال ☐

كەسپىڭىز: ____________ مەدەنىيەت سەۋىيىڭىز: ____________

ژۇرنالنى قايسى يول بىلەن ئوقۇيسىز؟ مۇشتىرى ☐ سېتىۋېلىپ ☐ ئارىيەتكە ئېلىپ ☐

سىز ژۇرنىلىمىزنىڭ: كونا ئوقۇرمەنى ☐ يېڭى ئوقۇرمەنى ☐

سىز بۇ يىللىق «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» نىڭ قايسى سانىنى بەكرەك ياقتۇردىڭىز؟ [1 - سان] [2 - سان] [3 - سان] [4 - سان] [5 - سان] [6 - سان]

بىزگە دېمەكچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىڭىز: ____________

____________

تېلېفون ياكى چاقىرغۇ نومۇرىڭىز: ____________

ئالاقىلىشىش ئادرېسىڭىز: ____________ پوچتا نومۇرى ____________

____________

| ئەسەر نامى | ياخشى | يامان ئەمەس | ياقتۇرمىدىم |
|---|---|---|---|
| 1 . شىنجاڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ 50 يىلى ( ماقالە) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 2 . ياشلىق ۋە بېزا ( ئەدەبىي ئاخبارات) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 3 . ئانا يەر ( شېئىر) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 4 . ھەسەن ـ ھۆسەن ( شېئىر) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 5 . ئىككى شېئىر | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 6 . مەدەنىيەتنىڭ بىر قانىتى ( ئەدەبىي ئاخبارات) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 7 . شېئىرلار | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 8 . ئىككى شېئىر | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 9 . ئۈچ شېئىر | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 10 . ئاپتاپلىق يامغۇر ( شېئىر) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 11 . ئاچا يول ( شېئىر) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 12 . قايتىپ كەلدىم سەھراغا ( شېئىر) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 13 . شېئىرلار | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 14 . ئىككى شېئىر | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 15 . سېنى كۆرمىسەم ( شېئىر) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 16 . تىرىلەركەن ئەركەكنىڭ روھى ( شېئىر) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 17 . «ئاقيول»نىڭ تۇنجى جۇلاسى ( ماقالە) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 18 . قارا ئوت ( ھېكايە) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 19 . زەينەپ ( ھېكايە) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 20 . دولانلار پارڭىدا ( ئەدەبىي خاتىرە) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 21 . ئەدەبىياتىمىزدىكى كەم يەرلەر ( سۆھبەت خاتىرىسى) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 22 . بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرى ۋە باشقىلار ( ماقالە) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 23 . مۇختار بوغرا شېئىرلىرىدىكى ھالقىش ( ماقالە) | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |
| 24 . شىن ۋېي شېئىرلىرى | ☐ 1 | ☐ 2 | ☐ 3 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| سەھىپە نامى | سىز ياقتۇرغان سەھىپىلەر | سىز ياقتۇرمىغان سەھىپىلەر |
| --- | --- | --- |
| 1. مەرھابا، 50 يىل | ☐ | ☐ |
| 2. مەدەنىيەت ۋە بازار | ☐ | ☐ |
| 3. «ئاقىۋل» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر | ☐ | ☐ |
| 4. تۇرمۇش تەسۋىرلىرى | ☐ | ☐ |
| 5. چەت ئەل نەزىرىدىكى بىز | ☐ | ☐ |
| 6. ئەدەبىيات ۋە مائارىپ | ☐ | ☐ |
| 7. ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭ | ☐ | ☐ |
| 8. جۇڭگو ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نامايەندىلەر | ☐ | ☐ |

سىز بايقىغان بېتەرسىزلىكلەر ---------------------------------------------

---------------------------------------------

سىزچە يەنە قانداق يېڭى سەھىپىلەرنى ئۇيۇشتۇرساق بولىدۇ؟

---------------------------------------------

---------------------------------------------

---------------------------------------------

سىزچە يەنە قايسى خىلدىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئۇيۇشتۇرساق بولىدۇ؟

---------------------------------------------

---------------------------------------------

---------------------------------------------

---------------------------------------------

ژۇرنىلىمىز سىزنى قايسى جەھەتتىن بەكرەك قىزىقتۇرىدۇ؟

---------------------------------------------

---------------------------------------------

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇقاۋا ۋە ئىچ بەت لايىھىسىگە نىسبەتەن كۆز قارىشىڭىز؟

---------------------------------------------

---------------------------------------------

---------------------------------------------

**«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشرىياتى**

**ئىزاھات: جەدۋەلنى تولدۇرغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەر شەرقىي شىخولۇ يولى 52 ـ نومۇر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشرىياتى ئادرېسى بويىچە ئەۋەتىسىڭىز بولىدۇ. پوچتا نومۇرى: 830063**

**دېگەن ئادرېس بويىچە ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ. شۇ تور بويىچە ئايرىم قەغەزگە يېزىپ سىز تولدۇرماقچى بولغان مەزمۇنلار جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن دائىرىگە پاتمىغان شارائىتتا**

**ئەۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. يېڭى يىر سان چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ۋاقتىدا ئەۋەتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.**

*سەمىگىزگە: تەھرىر بۆلۈمىمىز باشقا ئورۇنغا كۆچتى، يېڭى ئادرېسىمىزنى ئىشلىتىڭ!*

قەدىمىي شەھەرنىڭ سەيياھى بولۇپ
ئۆپرىغان ئىزلارغا تېرىدىم چىمەن .
تارىم ئۇ ـــ رىۋايەت سېھىرگە تولغان
ئېقىنلار مۇزىكا
ئورمانلار ئۇسسۇل .
جەسىتىم قالسا دەپ تارىم باغرىدا
مۇڭلىنىپ سايرايدۇ بېگانە بۇلبۇل .
يەشمىسەم تارىمنىڭ سىرىنى ، مېنى
ئەجدادلار باقىيدا قىلغايمۇ قوبۇل .

## مۇقام لىرىكسى

شۇ يىراق سەھرالىق سازەندىنىڭكى
بىر قولدا كەتمىنى ، بىر قولدا سازى .
ئۇ چالسا مۇقامنى ئېرىيدۇ تاشلار
بۇلۇتسىز كۆكنىڭمۇ تۆكۈلەر ياشى .

مۇقامغا جان بەرگەن يۈرىكى ، تىلى
مەستخۇشلۇق ئىلكىدە يۇمۇلغان كۆزى .
ئۆزىمۇ ئايلىنىپ كەتكەن مۇقامغا
مارجاندەك تۆكۈلەر ئۇنىڭ ھەر سۆزى .

پەر قاققان قۇشلارمۇ توختايدۇ بىر پەس
مۇقامنىڭ ئاۋازى كەلسە سەھرادىن .
ئادەملەر قاتقاندەك
دالىلارمۇ جىم
بېلىقمۇ بىھوش بوپ چىقتى دەريادىن .

تەمبۇرنىڭ تارىدا ئۇيۇپ قاپتۇ قان
مۇقامچى كۆزىدە لىغىلدايدۇ ياش .
كۆيمەكتە جىسمىمۇ ئوتلاردا يېنىپ
ھەر تامچە كۆز يېشى گويا بىر قۇياش .

## ھەسەن ـ ھۈسەن

**ئابدۇرېھىم ئابدۇللا**

ھىممىتىڭدۇر سۈپسۈزۈك ئاسمان ،
كۆرسەتكىنىڭ ھەسەن ـ ھۈسەننى .
سېغىنغانتىم داغلىنىپ يۈرەك ،
سېغىنغاندەك غېرىب ـ سەنەمنى .
رەڭلىرىگە قوشاي رەڭ دېبان ،
قولغا ئالدىم رەڭدار قەلەمنى .

سەن كۆكتىكى ئىلاھىي سۈرەت ،
كائىناتنىڭ گۈزەللىك شاھى .
ئوخشىتىمەن يادىمغا سېنى ،
بۇلۇت قايرىپ كۆرۈنسەڭ گاھى .
ساڭا سېھىر ئاتا قىلغانمۇ ،
ئاشىقلارنىڭ پىغانلىق ئاھى .

يېشىللىقىڭ باھارنىڭ كۆركى ،
قىزىللىقىڭ يارنىڭ لەۋلىرى .
تىترەشلىرىڭ مۇئەللەقتىكى
بىھوش بولغان ۋىسال دەملىرى .
باشلىرىڭدا لەيلىگەن تۇمان ،
ھىجرانىمكىن ، ھايات غەملىرى .

قىيام بولۇپ سويلاپ ـ سوزۇلۇپ ،
كىرگەنلىرىم يارنىڭ قوينىغا ،
ئەسكە چۈشتى ئەي ھەسەن ـ ھۈسەن ،
قول تاشلىساڭ تاغلار بوينىغا .
مۇڭداشقىلى كەلدىڭمۇ پەسلەپ ،
چۈشەمسەنكىن بىزنىڭ ھويلىغا .

ئەتلەس كىيگەن خوتەن قىزىدىن ،
ئالغانمىدىڭ ئۈلگە ـ ئەندازىنى .
شەربەت بىلەن يۇيۇنغانمىدىڭ ،
نېمە دېيمەن جىلۋەڭنى ، نازىنى .
تەڭرى ئىنئام قىلغانمۇ ساڭا ،
كۆزنى يېگەن شۇنچە پەردازىنى .

بىر بەھرىڭدە توگەيدۇ تامام ،
قەلبىمدىكى بارچە غەم ـ ئەلەم .
نۇرغا تولۇپ دەۋرەيدۇ تېشىپ ،
چاڭقاپ كەتكەن ئىلھام پىيالەم .
مەيدەك ئېرىپ ئاقتىم ، تۆكۈلدۈم ،
مۇقام ئاڭلاپ سەندىن خىيالەن .

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**



# مەدەنىيەتنىڭ بىر قانىتى

( ئەدەبىي ئاخبارات )

مۇسا ئەھەد ، ئىمىرھەسەن مەخمۇت

## بۇ يەرگە تىكىلگەن كۆزلەر

### كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە

يەر شارىدىكى غايەت زور ئۆچۈرلىشىش «18 مىڭ ئالەم»نى تورلاشتۇرۇپ كىچىككىنە بىر كەنتكە ئايلاندۇرغان بۈگۈنكى كۈندە ، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى ، سىڭىپ كىرىشى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى .

دۇنيا ئۆچۈر تورىنىڭ قورشاۋىدا تېگىرقاپ قالغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشتىكى ئاقلانە يول ، ئۇيغۇر سەنئىتىگە مەبلەغ سالغۇچىلارنى يېنىمىزغا تارتىش بولماقتا . سەنئەت بىر خىل شەكىلسىز بايلىق . شۇنداق ئىكەن ، ئۇنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى بىر ـ ئىككى يىلدىلا كۆرۈلىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس . سودىگەرلىرىمىزدە بۈگۈن مەبلەغ سېلىپ ئەتىلا پايدىسىنى كۆزلەيدىغان ، سەنئەتنى بىر خىل تەشۋىقات قورالى دەپلا قارايدىغان خاھىش ھېلىھەم ساقلانماقتا.

ياۋروپادا كۆتۈرۈلگەن «ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى» ياۋروپا سانائىتىنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ ، مەدەنىيەت بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات گەۋدىسىنى شەكىللەندۇرگەندى . «35 سەھنە ئەسىرىمنىڭ ھەر بىرىنى تەخمىنەن 100 مەيدان ئوينالدى دېسەك ، 6 مىليون فرانكتىن كۆپرەك كىرىم قىلىندى . بۇنىڭدىن دىرېكتورلارغا بىر مىليون 400 مىڭ فرانك ، ئارتىسلارغا 1 مىليون 250 مىڭ فرانك ، كىيىمچىكلەرگە 150 مىڭ فرانك ، تىياتىر زالىنىڭ خوجايىنلىرىغا 700 مىڭ فرانك ، مۇزىكانتلارغا 157 مىڭ فرانك ، كەمبەغەللەرگە 630 مىڭ فرانك ، ئېلان ئۈچۈن 80 مىڭ فرانك ، ساقچى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىغا 70 مىڭ فرانك ، تازىلىق ئىشچىلىرىغا 10 مىڭ فرانك ، ساتىراشلار ئۈچۈن 93 مىڭ فرانك ، باشقا ئىشلار ئۈچۈن 1 مىليون 650 مىڭ فرانك سەرپ قىلىندى . دېمەك ، مېنىڭ سەھنە ئەسىرىم بىلەن 347 ئادەم پارىژدا ھايات كەچۈردى دېگەن گەپ . بۇ سانىنى يېزىلارغا نىسبەتەن ئۈچ ھەسسىلەشكە تېگىشلىك . بۇ سانلارغا يەنە ئايال خىزمەتكار ، گۇيپاڭچىلار ۋە ھارۋىكەشلەر بولۇپ 70 ئادەمنى قوشۇشقا تېگىشلىك . شۇنداق بولغاندا ئەپەندىلەر ، مېنىڭ كىتاب ۋە سەھنە ئەسەرلىرىم 2000 دىن كۆپرەك ئادەمنى خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلىگەن بولىدۇ . بۇ سانلار تېخى چەت ئەللەردىكى تەرجىمانلار ۋە بېلگىيىلىك ئالدامچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ» . بىز فرانسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى دۇئىمانىڭ ستاتىستىكىسىدىن ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالىبۇرۇن تاۋارغا ئايلىنىپ قوش قىممەتكە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.



ھەرقايسى دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرىمۇ «21 ـ ئەسىر
مەدەنىيەت ئەسىرى ، قايسى دۆلەت مەدەنىيەتتە كۈچلۈك
بولىدىكەن ، شۇ دۇنيادا كۈچلۈك سانىلىدۇ» دېگەن ئور-
تاق قاراشقا كەلگەن . نۆۋەتتە دۇنيا مىقياسىدىن ئېيتقاندا ،
مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ يىللىق ئېشىپ بېرىش نىس-
بىتى 6% ، باشقا كەسىپلەرنىڭ 3 % بولماقتا . ھازىر
ئامېرىكا ، ياپونىيە دۇنيادىكى مەدەنىيەت كەسىپلىرىدە
كۈچلۈك دۆلەت ھېسابلىنىپ ، ئىككى دۆلەت ئىگىلىگەن
مەدەنىيەت بازىرى دۇنيا مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ئۈچتىن
ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىدىكەن . ئامېرىكىدا 20
يىل ئىلگىرى خەلق ئىگىلىكىدە 20 ـ ئورۇندا تۇرۇپ
كەلگەن مەدەنىيەت كەسپى بۈگۈنكى كۈندە 4 ـ ئورۇنغا
ئۆتكەن . بولۇپمۇ ، ئامېرىكىنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە
كەسپى ئەڭ ئالدىنقى بايلىق يارىتىدىغان كەسىپكە ئاي-
لانغان . ئامېرىكىدىكى 400 ئەمەلىي كۈچى بار
شىركەتنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت كارخانىلىرى تۆت-
تىن بىر ئۈلۈشنى ئىگىلىگەن . ئامېرىكا نۆۋەتتە
دۇنيانىڭ 75% تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە % 60
رادىئو پروگراممىلىرىنىڭ ئىشلەش ۋە ئىشلەپ
چىقىرىشىنى كونترول قىلىپ بولغان . ھوللىۋودتا
ئىشلەنگەن كىنو پۈتۈن دۇنيادىكى كىنولارنىڭ 80
پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . ئامېرىكا كارتون فىلىم
ساھەسىنىڭ ئۆزىلا پۈتۈن دۆلەتنىڭ كېمسازلىق
كەسپىنىڭ دائىرىسىدىنمۇ يۇقىرى ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە ، سەنئەت بۈگۈنكى بازار ئىگىلى-
كىدە ئاللىقاچان بازارغا يۈزلىنىپ بولدى . سەنئەت-
تىكى بۇ خىل يۈزلىنىشنى بىر قىسىملار «چۈش-
كۈنلەشكەن ، ئەسلىنى يوقاتقان سەنئەت» دەپ قا-
راۋاتىدۇ . ئەمەلىيەتتە بازارغا يۈزلەنگەن سەنئەت
ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان سەنئەت ، ئۇ ئۇز-
لۇكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ ، ئەكسىچە بولغاندا ، پادى-
شاھنىڭ نەپىقىسىگە تايىنىپ ياشاۋاتقان ئوردا شائىرلى-
رىنىڭ شېئىرىدەك ئۆلۈك سەنئەت ھېسابلىنىدۇ . سەن-
ئىتىمىزنى بازارغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ كۆزنىكى بولغان
شىنجاڭ ئۈن ـ سىن بازىرىنىڭ بوز يەرگە ئايلىنىپ قې-
لىشى نۇرغۇن ئامىللارغا باغلانغان بولسىمۇ ، ئاساسلىقى
سەنئەت بىلەن بازارنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنالماسلىقىدا
كۆرۈلمەكتە . سەنئىتىمىزنىڭ بىر شېخى بولغان ناخ-
شىلىرىمىزنى مىسالغا ئالساق ، ئۇنىڭدا پۈتۈن جۇڭگو
ھەتتا دۇنياغا تونۇتقىلى بولىدىغان بىباھا مېلودىيىلەر-
نىڭ بارلىقىنى بايقايمىز . ئالايلۇق ، رىتىم ۋە مېلودىيە
جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ، جۇشقۇنلۇققا ئىگە بولغان
«نازىركوم» ئۇسسۇلىغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزسەك ،
ئۆزگىچە بىر خىل دىسكو ئۇسسۇلى بارلىققا كېلىشى

مۇمكىن . بىرقىسىم سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ «مۇبادا
ئىسپانىيىلىك داڭلىق مۇزىكانت يانى ئۇيغۇر ناخشىلى-
رىنى ئاڭلىغان بولسا ، باشقىچە بىر يانى بارلىققا كې-
لەتتى» دېگەن گەپ ـ سۆزلىرى ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا
مېلودىيىسىنىڭ خىلمۇخىل ، رەڭدار ، موللۇقىنى ئىس-
پاتلاپ بېرەلەيدۇ . ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ياۋروپا ، ئاسىيا ،
ئامېرىكا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدە ئاجايىپ ئالقىشلارغا
ئېرىشىۋاتقانلىقى ، ھەتتا چەت ئەللەردىكى بىر قىسىم
مۇزىكانتلارنىڭ دىيارىمىزغا كېلىپ ئۇيغۇر مۇزىكا ، ئۇس-
سۇللىرىنى ئۆگىنىۋاتقانلىقى دەل ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ
سېھرىي كۈچىدىن بولماقتا . «پارىژ مەدەنىيەت مەرك-
زى»نىڭ تەكلىپى بىلەن 2005 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پارىژغا
چىققان مەكىتتىكى دولان مۇقامچىلىرىنىڭ پارىژدىكى
داغدۇغىسى ، بۇ يەردىكى نوپۇزلۇق سەنئەت تەتقىقاتچى-




لىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن يۇقىرى باھاسى ، «ياپونىيە
2005 ـ يىللىق يىپەك يولى مۇزىكا فېستىۋالى» گۇرۇپپى-
سىنىڭ مەخسۇس خادىم ئەۋەتىپ ئۇلارنى بۇ پائالىيەتكە
تەكلىپ قىلىشى ، ئارقىدىن كانادالىق ئۈن ـ سىن سو-
دىگىرى ۋاڭ ئەپەندىنىڭ ئۇلارنى كانادادا ئويۇن قويۇشقا
تەكلىپ قىلغانلىقى سۆزىمىزنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ ،
ئەلۋەتتە . يېقىندا كومپوزىتور ياسىن مۇخپۇلدىن مۇقام
ئۆگەنگىلى شىنجاڭغا كەلگەن ئامېرىكىدىكى مەلۇم ئۇ-
نىۋېرسىتېتنىڭ مۇزىكا ئىجادىيەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان
تەيۋەنلىك قىز جياڭ يىجىننىڭ مۇخبىرلارنىڭ: «ئۇيغۇر
ئاھاڭلىرى يېقىملىقمىكەن» دېگەن سوئالىغا «شۇنداق ،
بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرى بەكلا يېقىملىقكەن ، شۇڭا
مەن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئامېرىكىدىن كەلدىم ـ دە،»
دېگەن جاۋابى بىزنى سۆيۈندۈرىدۇ.

ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىكى كوچا ناخشىلىرى

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇنلىغان ناخشا مەستانىلى-
رىنى ئۆزىگە تارتىپ ، جۇڭگودىمۇ ياشلارنىڭ سەنئەت
ئىستېمالىغا ماسلاشقان كوچا ناخشىلىرىنىڭ بارلىققا
كېلىشى ۋە بازار تېپىشىغا تۈرتكە بولدى . بىر تۈركۈم
ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ بۇ بازاردىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئىزدەشكە
كىرىشتى . ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ناخشىلىرىدىن شەكىللەن-
گەن كوچا ناخشىلىرىغا ھېرىسمەن بۇ ياشلار ئۆتكەن
ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا مەيلى غەلىبە قىلسۇن ياكى
مەغلۇپ بولسۇن ، گىتار قۇچاقلاپ پايتەختتە پەيدا بو-
لۇشقا باشلىدى . ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى بىلەن ھەم-
سۆھبەتتە بولۇش جەريانىدا ئۇلاردىن شۇنداق ئورتاق
جاۋابقا ئېرىشتۇق . «بىز سەنئىتىمىزنى سۆيىمىز ، ئۇ
بىزنىڭ قېنىمىزدا ھەم روھىمىزدا . ئۆز سەنئىتىمىزنى
تونۇتۇشنىڭ يوللىرى ھەر خىل بولىدۇ . ھەممىمىزنىڭ
بىر تار كوچىغا قاپسىلىۋېلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق .
ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ياشلار ئاممىباب ناخشىلارنى
ياخشى كۆرىدۇ . شۇڭا ، ئاممىباب ناخشىلارنىمۇ ئېيتىپ
كېلىۋاتىمىز . بولۇپمۇ ئىس-
پانلارنىڭ گىتار ئارقىلىق
ئورۇندىلىدىغان فلامېنكو
(flamenco) ئۇسلۇبىدا ناخشا
ئېيتىپ ، ناخشا مەستانىلى-
رىنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلى-
دۇق . بىزنى پۈت دەسسەپ
تۇرغۇزۇۋاتقىنى يەنىلا ئۆزى-
مىزنىڭ ناخشىلىرى . بىز مەي-
لى قانداقلا ناخشا ئېيتايلى ،
مىللەتنىڭ سەنئەت گېنى بىز
بىلەن بىللە» . ئەسقەر كۆك
بۆرە يېقىندا شىنجاڭ تېلې-
ۋىزىيە ئىستانسىسى «تەڭرىتاغ كۆيلىرى» پروگرامى-
سىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ، مۇخبىرنىڭ ئۇنىڭ
ناخشىلىرىدىكى مىللىيلىك ھەققىدە سورىغان سوئالىغا:
«مەن شىنجاڭدىن ئايرىلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ناخشا
ئېيتىشقا باشلىغان چېغىمدا ، باشقىلارنىڭ ‹ سېنىڭ
ناخشىلىرىڭدا مىللىي ناخشاڭلارنىڭ پۇرىقى كۆچلۈك
ئىكەن› دېگەن باھاسى بىلەن ئۆزۈم ۋە ناخشام ھەققىدە
قايتا ئويلاندىم . بالا چاغلىرىمدا ئاتا ـ ئانامنىڭ ھەمىشە
رادىئونى قويۇۋېلىپ ئاڭلايدىغان خەلق ناخشىلىرى ئە-
مەلىيەتتە ماڭا تەسىر قىلغانىكەن» دېگەن جاۋابى ۋە
ئىلگىرى مەلۇم تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى
ئۇنىڭدىن: «سىز 12 مۇقامنى ئېيتىپ بېقىشنى ئويلاپ
باقتىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغاندا ، ئەسقەرنىڭ: «12 مۇقام
ھەممىلا ئادەم ئېيتالايدىغان ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس .
ئۇ جاھاندا پەقەت بىرلا» دەپ جاۋاب بېرىشى ۋە ئۇنىڭ
ئۆز بايانلىرىنى ھەر بىر قېتىملىق پلاستىنكىلىرىغا
سىڭدۈرۈشىدىن بىز ئۇنىڭ يەنىلا ئەنئەنىۋى سەنئىتى-
مىزنىڭ يىلتىزىدىن شاخلانغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

بېيجىڭغا بىر مەزگىللىك چېنىقىشقا چۈشكەن
مۇختەر قادىر ھونزادە ، سەنئىتىمىزنىڭ جەلپكار قۇدرى-
تىنى «خاتىرەمنىڭ ئاستانە بېتى» ناملىق ماقالىسىدە
مۇنداق قۇرلار بىلەن بايان قىلىدۇ: «ئىچكىرى ئۆلكى-
لەردە داڭق چىقارغان ئۇيغۇر ناخشىچىلىرىمىزدىن ئەر-
كىن ئابدۇللا ، ئەسقەر كۆك بۆرە قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرچە
ناخشىلارنى خەنزۇچە ئورۇنداپ ، مىللىي مەدەنىيىتى-
مىزنىڭ خەنزۇلار ئارىسىدا تارقىلىشىغا بەلگىلىك ھەسسە
قوشۇۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم . ئىلگىرى جۇڭگو
پلاستىنكا شىركىتى ئەركىن ئابدۇللانىڭ ‹ قۇملۇقتىن
چىققان دولان› ناملىق ناخشا پلاستىنكىسىنى بازارغا
سالغان . مەكىت ، ئاۋات ناھىيىلىرىدىكى دولان مۇقام-
چىلىرى ، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى كەس-



پىي ئارتىسلار ئىچكىرى
ئۆلكىلەردە ئورۇندىغان
ئەسلى ۋە ئۆزلەشتۈرمە
نومۇرلار سەنئەت ساھە-
سىنىڭ دىققىتىنى تار-
تىپ ‹ ئۇيغۇر دولان
سەنئىتى› قىزغىنلىقى-
نى قوزغىغان . بولۇپمۇ ،
ئاممىباب ناخشىلارغا
ھېرىسمەن خەنزۇ خەلقى
شىنجاڭ ناخشا ـ مۇزى-
كىلىرىنىڭ ئۆزگىچە-
لىكىگە ھەيران قېلىپ ،
بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ۋە ئۆگىنىشنى باشلىۋەتكەن . ياش
خەنزۇ ناخشىچى ‹ دولان› (داۋلاڭ) ئەنە شۇلارنىڭ بىرى
بولۇپ ، ئەسلى ئىسمى لو لىن . سىچۈەندە تۇغۇلۇپ ، شۇ
جايدىكى مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ،
شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچىدە «لو لىن مۇزىكا ئىجادىيەت
ئىشخانىسى»نى قۇرغان ، ‹ قۇملۇقتىكى سۆيگۈ كۈچى› ،
‹ يىپەك يولى مېلودىيىسى› ، ‹ شىنجاڭ مۇزىكىلىرىغا
يۈزلىنىش› قاتارلىق پلاستىنكىلارنى چىقارغان . ئىككى
يىل بۇرۇن «2002 ـ يىلىدىكى تۇنجى قار» ناملىق پلاس-
تىنكىسى بىلەن بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ ، غەربىي دىياردىكى
ناخشا چولپىنىغا ئايلانغان . بۇ جەرياندا ‹ دولان› دېگەن
نامنى قوللىنىپ ، ئۇيغۇر دولان سەنئىتىگە بولغان مۇ-
ھەببىتىنى ئىپادىلىگەن . دولان سەنئىتى ئۇيغۇر مەدە-
نىيەت قاتلىمىدىكى تەتقىقات قىممىتىگە ، شۇنداقلا ئو-

مۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە مەنىۋى بايلىق . ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا تەڭكەش قىلىنغان ئۇيغۇر تەمبۇرى ، ئۇيغۇر غىجىكى ئېلېكترونلۇق چالغۇ بىلەن قوشۇلۇپ ‹ هاۋا-گۈل› ، ‹ غېرىب ـ سەنەم› قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق ناخشى-لىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلغان . جۇغراپىيە-لىك يەر نامى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ‹ دولان› نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ناخشىچىلارنى نۇرغۇن ئىقتىسادىي بايلىققا ئېرىشتۈرگەن . لو لىنىلا ئالساق ، ئۇنىڭ پلاستىنكىلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن . ‹2002 ـ يىلىدىكى تۇنجى قار› ناملىق پلاستىنكىنىڭ 6 مىليونى بىرىنچى قېتىم بازارغا سېلىنغاندا ، بىر ئايغا يەتمەيلا تۈگەپ ، ئۇزاق ئۆتمەي قايتا نەشر قىلىنغان ۋە پلاستىنكىنىڭ نۇرغۇن كۆچۈرمە نۇسخىلىرى پەيدا بولغان . ئۇنىڭ بىر مەيدان ئويۇندىن كىرگەن كىرىمى نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە يەتكەن . ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەت-لەر تەشكىلاتىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ، دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ فولكلور بايلىقى سۈپىتىدە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەنلىكى كىشىنى خۇشال قىلىسىمۇ ، ئىلى خەلق ناخشىلىرى ، تۇرپان خەلق ناخشىلىرى قا-تارلىق يەرلىك خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېخى بۇنداق قە-دەمنى باسمىغانلىقى بىزنى ئالدىرىتىدۇ . دەل مۇشۇ سە-ۋەبتىن ئەمدى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ، ئۇنى ماركىلاشتۇرۇشقا كۆپرەك كۈچ چىقارمىساق بولماي-دىغاندەك تۇرىدۇ».

ئىلگىرى نوقۇل ئېلىپ ـ سېتىش ، مال يۆتكەش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان تىجارەتچىلىرىمىز ھازىر مەدەنىيەتنىڭمۇ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدىغان بىباھا بايلىق ئىكەنلىكىنى تونۇشقا باشلىدى . بازاردىمۇ مەھسۇلات ئىشلەش سودىسى باش كۆتۈردى . ئەمدىلىكتە مەدەنىيەتنى تاۋارغا ، مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشتەك ئەۋزەل سودا پۇرسىتى بىزگە قۇچاق ئاچماقتا . تىجارەتچىلىرى-مىزنىڭ ئىلگىرىكىدەك بىر كېچىدىلا قارامىلىق ۋە تە-ۋەككۇلچىلىك بىلەن ئاچقان سودا يوللىرى ئەمدى ئاق-مايدىغان بولۇپ قالدى.

## قىستۇرما

*«بۇرۇنىسىدا بىر خان باشقا بىر خاننى ئەسىرگە ئاپتۇ . ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن خانغا: ‹ خالىساڭ ھايات قېلىپ ماڭا قۇل بول ، ياكى سېنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بىر ئارزۇيىڭنى بەجا كەلتۈرۈپ ، ئاندىن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتەي› دەپتۇ . ھېلىقى خان ئويلىنىۋېلىپ: ‹ مەن ھايات قېلىپ قۇل بولۇشنى خالىمايمەن ، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭ تۈزۈك . لېكىن ، ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدىدا ۋەتىنىمدىن خالىغان بىر پادىچىنى چاقىرىپ بەر› دەپتۇ . ئەسىرگە ئالغان خان ئۇنىڭدىن: ‹ چاقىرىپ نېمە قىلىسەن؟› دەپ سوراپتۇ . ئۇ: ‹ ئۆلۈش ئالدىدا ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىماقچىمەن› دەپتۇ.*

قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «ئاق پا-راخوت» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان بۇ چۆچەكتىكى ئۆز سەنئىتىگە بولغان مۇھەببەت كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ . بىز مۇشۇنداق مۇھەببەت ئۇلۇغلانغان چۆچەك-لەرنى ئۇيغۇر خەلق فولكلورلىرىدىنمۇ تالايلاپ ئۇچرى-تىمىز.

دوكتور ئەسئەت سۇلايمان «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» ناملىق كىتابىدا ئەرەبلەرنىڭ دۇنيادىكى شېئىرىيەت مىللىتىگە ئايلىنىشىنى ئۇلارنىڭ ياشىغان مۇھىتىغا باغلاپ تەھلىل قىلىدۇ . ئارقىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ سەن-ئەتكە ھېرىسمەنلىكىنى مىلادى 840 ـ يىلىدىكى چوڭ كۆچۈش ۋە تارىمنىڭ بوستانلىق باليۇتقىسىغا چۆكۈشى بىلەن باغلايدۇ . شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ، خەلقىمىز ياشىغان مۆجىزىگە باي ، سېھىرلىك تۇپراق بۇ يەردىكى خەلقلەر قەلبىدە شۇنداق بىر يىمىرىلمەس سەنئەت ئابى-دىسى تىكلىگەنلىكى ، خەلق نەچچە ئەسىرلىك بوران ـ چاپقۇندا نۇرغۇن نەرسىلىرىنى يوقاتقان بولسىمۇ ، لېكىن سەنئەتتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئەنگۈشتەرنى يوقاتمىدى . شۇڭا ، سەنئەت بۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ يىقىلماس روھىي تۈۋرۈكىگە ئايلانغان.

**ھايات ئاجايىپ قىسمەتلەرگە تولغان بولىدۇ. بەزى چاغلاردا سەن ئاڭلىغان بىرەر ناخشا ، بىرەر پارچە شېئىرمۇ سېنى ئۆتۈپ كەتكەن ھايات ئىزنالىرىڭ بى-لەن ئۇچراشتۇرۇپ خىياللىرىڭنى ئەسلىمىلەر قوي-نىغا باشلاپ كىرىدۇ**

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىلى ، چۆچەك رايونلىرى سوۋېت مەدەنىيىتى بىلەن ئەڭ بالدۇر ئۇچراشتى ، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزدە ئۇنىڭ بەلگىلىك تەسىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى . «مەدە-نىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئالدى ـ كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چالغۇلىرى ۋە ئاھاڭلىرىغا ياندىشقان ناخ-شا ـ كۈيلىرىمىز توي ـ تۆكۈن ، پىنھان يىغىلىشلىرى-مىزدا ياڭرىدى . بۇ خىل ھالەت تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يېزا ـ قىشلاق ، زاۋۇت ـ كانلارغا قايتا تەربىيىگە چۈش-كەن زىيالىي ياشلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى بىلەن تەبىئىيلا گىرەلىشىپ كەتتى . ھەممە ياقنى بۇرۇقتۇرمىلىق قاپلى-غان بۇ يىللاردا بۇ خىل ھادىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ، دەل كىشىلەرنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ داۋام ئېتىشى ئىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ بۇ ناخشىلار ئاشكارا تارقىلىپ، ئىزىز ماموت، ئابلىز رېھىم، رەشىدە داۋۇت، ئابلىكىم ياۋاق قاتارلىق خەلق ياقتۇرىدىغان ئاممىباب ناخشىچىلارنى بارلىققا كەلتۇردى.

ئۇنئالغۇنىڭ بىزگە ئەڭ بالدۇر يەتكۈزگەن كۆيى دېگىنىز ئاتلاپ كەلگەن ناخشا ساداسى — دېيىش لىنجۇننىڭ لىرىك ناخشىلىرى ئۇيغۇر ئاممىباب ناخشىلىرىنى تې-



خىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى. بۇ ناخشىلاردىكى تېكىست ۋە ئاھاڭلارنىڭ ئەركىن، جانلىق بولۇشى ياشلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن بىرلىشىپ تېزلا ئومۇملاشتى.

1986 – يىلى مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ ئاكتيورلۇق كەسپىنى پۈتتۈرگەنلەر ئىچىدە هازىر سەھنە، ئېكرانلاردا كۆز چاقنىتىۋاتقان ئارتىسلىرىمىزدىن ئادىل مىجىت، گۆزەلنۇر قۇربان، ئىززەت ئىلياس، هوشۇر قارى، تۇرغۇن ئىمىر قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ سەنئەت ساھەسىگە قوشۇلۇشى، ئۇيغۇر ئاممىباب سەنئىتىگە قايتا جانلىنىش ئېلىپ كەلدى. ئادىل مىجىت، هوشۇر قارى قاتارلىقلار ئىتوت ساھەسىدىكى چولپانلارغا، ئىززەت ئىلياس ئاممىباب ناخشىچىلارنىڭ سەركىسىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ ئىززەت ئىلياسنىڭ ناخشا مەزمۇنى بىلەن ھەرىكەتنىڭ تەبىئىي گىرەلىشىشىدىن هاسىل قىلىنغان ئۆزگىچە ئۇسلۇبى تاماشىبىنلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئەنە شۇ ناخشىلاردىن باشلىنىپ، يىللارسىرى مۇكەممەللىككە يۈزلىنىۋاتقان ئاممىباب ناخشىچىلارنىڭ يېڭى مەنزىلىگە كۆز تىككىنىمىزدە، 70 – يىللاردىن 80 – يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئىزىز ماموت، رەشىدە داۋۇت، ئابلىكىم ياۋاقلارنى، ئارقىدىنلا ئىززەت ئىلياسنى، كېيىنكى چاغلاردا مەرھۇم ئۆمەر ئوسمان، ئەخمەتجان مەتىمىن ۋە ئۇلار بىلەن دەۋرداش پاتىمە ئۆمەر، گۈليار ياقۇپ، ئەكبەر قەھرىمانلارنى ئۇچرىتىمىز.

80 – يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا «دۆڭكوۋرۇك ئانسامبىلى»نىڭ قۇرۇلۇشى كۆڭۈلگە ياقىدىغان، مۇڭلۇق كۈيلەرنىڭ تارقىلىشىغا تۈرتكە بولدى. بولۇپمۇ پاتىمە ئۆمەرنىڭ تەبىئىي ھېسسىياتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن لىرىك ناخشىلىرى بىر مەھەل ياشلار ئىچىدە زىلزىلە قوزغىغانىدى. ئارىدىن 10 نەچچە يىل ئۆتكەندە ئۇ ئېيتقان «بوۋگۈن ئاخشام»، «قىزىل گۈل»گە ئوخشاش ناخشىلارنىڭ ئەركىن ئابدۇللا قاتارلىق ناخشىچىلار تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قايتا ئېيتىلىۋاتقانلىقى ئۇلار ياراتقان سەنئەتنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلماقتا.

## خېرىدارسىز قالغان لېنتىلار

1957 – يىلى ئېلىمىزدە جۇڭگو پلاستىنكا شىركىتى قۇرۇلۇپ، پلاستىنكا ئىشلىرىنىڭ تۇنجى قەدىمى بېسىلدى. 1979 – يىلى «تىنچ ئوكيان ئۈن – سىن شىركىتى» قۇرۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى ئۈن – سىن دەۋرى باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

70 – يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80 – يىللارنىڭ باشلىرىدا قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى جۇڭگو بازىرىنى ئىگىلىدى.

80 – يىللارنىڭ باشلىرى ئۈنئالغۇ ئارقىلىق ئاۋاز ئېلىپ ئىشلەنگەن شىرمۇھەممەتنىڭ «نىمپەدە»، پەتتار رېھىمنىڭ «مەپتۇن بولدۇم»، تاتارچە «كارابۇشكا»، ئىزىز ماموت، ئابلىز رېھىم، رەشىدە داۋۇت، ئابلىكىم ياۋاق قاتارلىق ناخشىچىلارنىڭ بىر بۆلۈك ناخشىلىرى قاپسىز ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئارقىلىق تارقىلىپ، ئاممىباب ناخشىچىلىرىمىزنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى ياراتتى.

1984 – يىلى 5 – ئايدا «تىنچ ئوكيان ئۈن – سىن نەشرىياتى» رەشىدە داۋۇت ئىجراسىدىكى «قارا – قارا چاچلىرىڭ» ناملىق قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى تارقىتىپ، بىر مەزگىل ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدە

رەشىدە داۋۇتنىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىش قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى . ھەتتا ئۇنىڭ «كۆرۈپ كەتكىن» ناملىق ناخشىسى ئېلىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم ئەللەرنىڭ مۇناسىۋىتى نورمال ئەسلىگە كەلگەن يىللاردا كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا يېزىشىدىغان سالام خەتلىرىدە مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئەلچىسىگە ئايلانغانىدى.

1984 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتىنىڭ تۇنجى قەدىمى قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئىشلەشتىن باشلاندى . گەرچە نامى نەشرىيات بولسىمۇ ، مۇستەقىل ئۈنئالغۇ ئاپپاراتلىرى ، ئۈنگە ئېلىش زاللىرى يوق ئىدى . ئانا لېنتىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئاپپارات ۋە ئۈن ئېلىش زاللىرىنى ئىجارىگە ئېلىشقا توغرا كېلەتتى . ئىشلىنىپ بولغان ئانا لېنتىلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە باستۇرۇلۇپ كۆپەيتىلەتتى.

شىنجاڭ ئۈن - سىن بازىرىغا دەسلەپ كىرىپ كەلگەن تۇردى ئېلى ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭدا ئۈن - سىن نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، پاشا ئىشان ، رىسالەت ھاپىز ، ئايتىللا ئەلا ، تۇرنىسا سالاھىدىن قاتارلىق داڭدار ناخشىچىلارنىڭ خەلقىمىز تەشنا بولغان قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ ، شىنجاڭدا تېخى بۇ لېنتىلارنى تارقاتقۇدەك ئۈن - سىن بازىرى شەكىللەنمىگەنىدى . شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى بېسىلىپ قالغان».



## رەسىمخانىدىكى ئۇچۇر

كۆپىنچە ھاللاردا بىرەر يېڭى شەيئىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە تۆلەنگەن غايەت زور بەدەللەر كېيىنكىلەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەشتىكى دەستۇرىغا ئايلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقىمىكىن ، كېيىنكىلەرنىڭ ئىشلىرى بىزگە تەبىئىي يۇرۇشۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ

سەنشىخاڭزىدىكى كىچىك بىر رەسىمخانا ، رەسىمخانا خوجايىنى يېڭى نەشر قىلىنغان رىسالەت ھاپىز ئىجراسىدىكى كۇچا خەلق ناخشىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇراتتى . نېمىشقىدۇر «مىراجىخان» ، «باللىخان دادەي»دەك خەلق ناخشىلىرى ئېيتىلغاندا ، ئۇنىڭ خىياللىرى ناخشا بىلەن تەڭ قاناتلىنىپ ۋۇجۇدىدا تاتلىق بىر سىلكىنىش پەيدا بولاتتى . ئۇزۇن يىل فوتوگرافىيە ، خەتتاتلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ، خەلق ناخشىلىرىغا ئاجايىپ ھېرىسمەن بۇ ئادەم ھەر قېتىم مۇشۇنداق ناخشىلارنى ئاڭلىغاندا سەرخۇش ھالەتكە كېلىپ قالاتتى . ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزدى . سۇرەتخانىغا ئوتتۇرا ياش ، ئېگىز بويلۇق ، رەتلىك كىيىنگەن ، ئۇزايىدىن مەلۇماتلىقلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان بىرەيلەن كىرىپ كەلدى - دە ، ئۈنئالغۇدا ياڭراۋاتقان ناخشىلارنىڭ مۇڭىغا چۆكۈپ قالغاندەك بىر پەس تۇرۇپ قالدى . سۇرەتخانا خوجايىنى يەنىلا ئەسلى ئورنىدا بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىماقتا ئىدى.

— تۇردى ئاداش ، مۇشۇنداق ئېسىل ناخشىلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ ، سىنىڭ دۇكىنىڭدا ئاڭلاپ قالغىنىم قىزىق بولدى - دە ، مەندە بار دېسەڭ بولمامدۇ . ئاڭلىسام ئۈن - سىن نەشرىياتىدا نۇرغۇن لېنتىلار بېسىلىپ قاپتۇ . ھەرقاچان ئۇلار بۇ لېنتىلارنى پارچە ساتمايدۇ . ساتىدىغان دۇكانلار بولسىغۇ سېتىۋېلىپ قانغۇچە ئاڭلىغان بولاتتۇق.

سۇرەتخانىدا ھېلىقى بۇرادىرىنىڭ ئېيتقانلىرى تۇردى ئېلىنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئولتۇرسا - قوپسا بۇ ھەقتە ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى . «بىرەر دۇكان ئېچىپ لېنتىلارنى پارچە سېتىپ باقسام قانداق بولار؟ ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟» ئۇ ئاخىر ئۈن - سىن نەشرىياتىغا باردى.

نەزىرىدە بارلىق ئۈسكۈنىلىرى تولۇق ، زاۋۇتلار گۈركىرەپ مېڭىپ تۇرغان ، نۇرغۇن ئادەملەر ئالدىراش ئىشلەۋاتقان ئۈن - سىن نەشرىياتى ، ئۇندەك ئىشچى - خىزمەتچى غىچىرلاپ تۇرغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ھالەتتە ئۇنىڭ كۆزىگە تاشلاندى . ئۇ ئىشخانىلاردىكى تۇپا بېسىپ ياتقان لېنتىلارنى كۆرگىنىدە ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى . كىشىلەر ئاڭلاشقا تەشنا بولغان بۇ لېنتىلار مانا مۇشۇنداق خېرىدارسىز قالغانىدى.

شۇ كۈنلا ئۇ شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى بىلەن كېلىشىپ ، بېسىلىپ قالغان 20 مىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى سېتىشنى ھۆددىگە ئالدى . ئەتىسىدىن باشلاپ تۇردى

ئېلى ئۇرۇمچىنىڭ قايناق بازىرى دۆڭكۆۋرۈكتە يايما ئېچىپ سودىسىنى باشلىۋەتتى . باھا مۇقىم ئىدى . ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى توپ باھادا 4 .70 يۈەندىن ئېلىپ ، پارچە 5.50 يۈەندىن ساتاتتى . ئارتۇق باھا قويۇشقا يول قويۇلمايتتى . شۇ چاغلاردا بىر قىسىم مەركىزىي شەھەر-



لەردە سىنئالغۇ (لۇشاڭ) ئومۇملىششقا باشلىغان بولسىمۇ ، سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى مەخسۇس ئۇن - سىن نەشرىياتىدىن كۆنگە بىر يۈەندىن ئىككى يۈەنگىچە ئىجارىگە ئېلىشقا توغرا كېلەتتى .

— بىز ، — دەيدۇ تۇردى ئېلى، — ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئەل - ئاغىنىلەر ، دوست - بۇرادەرلەرگە بىر قىسىم ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ھەقسىز بېرىش ، ياكى سېتىپ بولغاندىن كېيىن پۇلىنى تاپشۇرۇش شەكلىدە شىنجاڭدا دەسلەپكى قەدەمدە ئۇن - سىن بازىرىنىڭ ھۇلىنى شەكىللەندۈرگەن . 1991 - يىلى گۇاڭجۇ ئۇن - سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن تۆمۈرخان روزىنىڭ «ئاي زۆھرە» ، ئايتىللا ئەلانىڭ بىرقىسىم قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى نەشر قىلىندى . شۇ يىلى يەنە شىنجاڭ ئۇن - سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن زاھىر بورھان ، مېھرىگۈل بورھان ئىجراسىدىكى «تۇمان» ، «كروران گۈزىلى» ، «بىز تەكلىماكان ئادىمى» ، پەرىدە مامۇتنىڭ دۇتار بىلەن ئورۇندىغان «تەڭرىتاغ بۇلبۇلى» ، «قىز بولغىنىم گۇناھمۇ» قاتارلىق قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ، ھېيتەم ھۇسەننىڭ «قابا پەلەك» ، يەكەندىكى ئاكا - ئۇكا قىزىقچىلار ئابدۇرېشىت توختى قۇربان بىلەن ئابلىز توختى قۇرباننىڭ «بازار چاققاننىڭ» ناملىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن . قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ كۆپلەپ نەشر قىلىنىشى تۈرتكىسىدە قەشقەر ، خوتەن ، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ ئۇن - سىن دۇكانلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىغان . بارا - بارا باشقا ۋىلايەت ، شەھەرلەردىمۇ ئۇن - سىن دۇكانلىرى كۆپىيىپ ، 1995 - يىلىغا كەلگەندە 300 دىن ئاشقان.

## ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىغا ياندىشقان يېڭى ئىستېمال

1993 - يىلى 9 - ئايدا ئامېرىكىدا ئوقۇپ كەلگەن جەڭ ۋەنلى ۋە سەن يەنشېڭ MPEG سۈرەت پرېسلاش تېخنىكىسىنى ئۇن - سىن يېڭى مەھسۇلاتىدا ئىشلىتىپ ، جۇڭگودا ئامېرىكىدىن كېيىنلا VCD نى دۇنياغا كەلتۈرۈپ ، ئەنخۇي ئۆلكىسىدە ۋەنيەن ئېلېكترون سىستېمىسى چەكلىك شىركىتى قۇردى . شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئۇن - سىن بازىرىدىكى يېڭى بىر ئىستېمال تۈرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى.

بۇرۇن ئېلىمىزدە داڭلىق سەنئەتكارلار مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە يەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى تەرىپىدىن تونۇلاتتى . بۇ سەنئەتكارلار ئۆمۈر بويى بىرقانچە ناخشا ئېيتىپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزەتتى . سەنئەت ساھەسى بىر خىل تۇرغۇن ھالەتتە ئىدى . ئۇن - سىن بازىرى ئېچىلغاندىن كېيىن ، بىر سەنئەتكارنىڭ كەينىدە بىر قىسىم مەبلەغ سالغۇچىلار خۇددى پۇتبولچىلارغا ھەسسىلەپ مەبلەغ سالغاندەك ئۇلارغا ئەقىل ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەبلەغ سېلىپ ، تونۇلۇش دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئاشۇردى . شۇنىڭ بىلەن سەنئەتنىڭ تاۋارلىششى تېزلىتىلىپ ، سەنئەتكارلار ياراتقان ئىقتىسادىي قىممەت ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى باقىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

ئىلگىرى تېلېۋىزور ئېكرانى ئارقىلىقلا تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن سەنئەتكارلارغا VCD بازىرى ھەقىقىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى . مەسىلەن ، ھازىر ليۇ دېخۇانىڭ بىر مەيدان ئويۇن قويۇش ھەققى 80 مىڭ دوللارغا ، سۇن زىيەننىڭ 900 مىڭ يۈەنگە ، ماۋ ئامېينىڭ 160 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

— 1994 - يىلىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە VCD پلاستىنكىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان . تىجارەتچىلىرىمىزمۇ نەزىرىنى VCD ئىشلەشكە قاراتقان . مەنمۇ «قارا كۆز» ، «تەكلىماكان» ، «لەيلىگۈل» قاتارلىق پلاستىنكىلار قاتارىدا تۇنجى قېتىم ياش ناخشىچىلاردىن ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ، پەرىدە مامۇت ، تۆمۈرخان روزى ، پەرىدە قاسىم ، تۇرغان ئۆمەر ، كېرىمئاي ، گۈلجەننەت ھەسەن قاتارلىق ناخشىچىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىشلەنگەن ئۈچ قىسىملىق «تەڭرىتاغ كۈيلىرى» ناملىق MTV پلاستىنكىلىرىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ، داغدۇغا بىلەن بازارغا سالغانىدىم . 19 مىڭ نۇسخا بېسىلىپ ئىككى ھەپتە ئىچىدە سېتىلىپ بولغان . بۇ چاغلاردىمۇ پلاستىنكىا قېپىغا توپ تارقىتىش باھاسى 54 يۈەن ، پارچە سېتىلىش باھاسى 56 يۈەن دەپ يېزىپ قويۇلاتتى ، باھا مۇقىم ئىدى . بۇ پلاستىنكىنى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن

بېيجىڭدا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۇردۇم . شۇ چاغدا 200 مىڭ يۈەن خەجلىگەن بولساممۇ ، كېيىن ئومۇمىي سودام بىر مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن — دەيدۇ تۇردى ئېلى ئەپەندى VCD بازىرىمىزنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىنى ئەسلەپ.

1997 - يىلى «ناۋا ئۈن - سىن مەركىزى»نىڭ مەسئۇلى ھۆسەنجان ياسىن «تۇغۇلغان كۈنۈڭ» ، «جانان ئۇيقۇدا» ، «سەھەردىكى چۈش» ، «تارىم» قاتارلىق پلاستىنكىلارنى ئىشلەپ ئۇيغۇر ئۈن - سىن بازىرىنى MTV دەۋرىگە باشلاپ كىردى . ئىككى يىل پۇختا تەييارلىق قىلىش ئاساسىدا كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن تالانتلىق ، ئەل سۆيگەن ناخشىچىلىرىمىزدىن پاشا ئىشان ، رابىيە مۇھەممەت ، ئىمىنجان يۈسۈپ قاتارلىق ناخشىچىلىرىمىزدىن تارتىپ ئابدۇللا ئابدۇرېھىمغىچە بولغان پېشقەدەم ، ئوتتۇرا ياش ، ياش ناخشىچىلىرىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ناخشىلىرىدىن تاللاپ بازارغا سېلىنغان كۆپ قىسىملىق «تارىم» ناملىق پلاستىنكا شىنجاڭدا ئىشلەنگەن مىللىي تىللاردىكى MTV پلاستىنكىسى يۇقىرى ئۆلچەم ، يۇقىرى سۈپەت بىلەن چىققانلىقى ، تاللانغان ئارتىسلارنىڭ سەرخىللىقى بىلەن ئۇيغۇر سەنئىتىنى چەت ئەللەرگە تونۇشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراشقا ئادەتلەنگەن پېشقەدەم ژۇرنالىست ، شائىر مۇھەممەت رېھىم دەسلەپتە بازارغا سېلىنغان پلاستىنكىلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

— VCD پلاستىنكىسى ئىشلەش 90 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ناخشا - ئۇسسۇل ، ئېپىزوتتىن باشلاندى . دەسلەپتە بازارغا سېلىنغان «تەڭرىتاغ كويلىرى» ، «تارىم» ، «لەيلىگۈل» ، «تەكلىماكان» ، «قارا كۆز» قاتارلىق پلاستىنكىلار ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلار ئىچىدە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ كۆرۈشكە نائىل بولغان نادىر پلاستىنكىلار ئىدى . بۇ شۇ چاغدا بىر ياخشى ئەھۋال بولغان ، ئىلگىرىكى يىللاردا ئۆزىمىزنىڭ سەنئەتكە بولغان سېغىنىشىمىزنى پەقەت تېلېۋىزورلاردىنلا كۆرەلەيتتۇق . بۇ پلاستىنكىلار چىققاندىن كېيىن ، خەلقىمىز ئۇزۇندىن بېرى تەشنا بولغان خەلق ناخشىلىرىدىن ھوزۇرلىنالايدىغان بولدۇق.

## «قىرلىق ئىستاكان»نىڭ كارامىتى

بىز بۇ بازارغا باشقىچە قەدەمدە كىرىپ كەلدۇق . ئەينى يىللاردا بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى تۇرمۇشقا يېقىنلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە بىر مەھەل زىلزىلە پەيدا قىلغان بولسا ، يەنە كېيىنكى كۈنلەردە ئۈن - سىن سودىگەرلىرىمىزنىڭ فىلىم ئىشلىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى سېنارىيە مەنبەسى بولۇپ قالغانىدى.

1998 - يىلى 5 - ئايدا «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمى



ئىشلىنىپ جەمئىيەتتە زور ئالقىش پەيدا قىلدى . بۇ پلاستىنكىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق بېسىلىشى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى . بۇ سان چەت ئەل ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەر بازىرى ئۈچۈن ھېچقانچە ئەمەس ، ئەمما يېڭىلا پەيدا بولۇشقا باشلىغان ، كۆلەملەشمىگەن ئۇيغۇر VCD فىلىملىرى بازىرى ئۈچۈن خېلىلا زور سان ھېسابلىنىدۇ؛ «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىنى ئىشلىگۈچى بازار ۋە كۆرۈرمەنلەر قاتلىمىنى توغرا كۆزلىگەن . تۇنجى ئوقىنى كىشىلەرگە ناتونۇش بولغان ئەسەرلەردىن ئەمەس ، ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى بىلەن خېلىلا چوڭقۇر باغلانغان ، خەلقىمىزنىڭ يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتلىرى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئەسەرلەردىن باشلىغان . بىر مەزگىل كىتابخانلار ئارىسىدا مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنى ئوقۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن . مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم مەتبۇئاتلاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، مەلۇم خەنزۇ ئوبزورچى ئۆز ماقالىسىدە: «مەن مەمتىمىن ھوشۇرنى تونۇمايمەن ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمدا ئۇ ماڭا خۇددى داۋاملىق بازار ئارىلاپ يۈرىدىغان كىشىدەك تەسىر بېرىدۇ» دەپ يازغانىدى . تۇرمۇشچانلىقى يۇقىرى ئەسەرلەر ئەلۋەتتە فىلىم ئۈچۈن ياخشى ماتېرىيال بولالايدۇ . بۇ فىلىمگە بولغان ئالقىش تا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ . ھازىرغىچە ئالتە قېتىم قايتا - قايتا كۆپەيتىلىپ بازارغا سېلىنغاندىن باشقا ، يەنە ھەر يىلى 1000 نۇسخىدىن 2000 نۇسخىغىچە بېسىلماقتا.

## چىراغ ئاستىدىكى پارالار

«قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىنىڭ داغدۇغىسى نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە بېسىلمىدى؟ بۇ ھەقتە بۇ فىلىمنى ئىشلىگۈچى ۋاھىتجان ئوسمان مۇنداق دەيدۇ: «مەمتەمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ كومېدىيىلىك تۈسى ئىنتايىن قويۇق ، بولۇپمۇ ‹ ساراڭ › تېمىسىدىكى چاتما ھېكايىلەر ئىچىدە ‹ قىرلىق ئىستاكان ›نىڭ تېخىمۇ شۇنداق . ئوقۇرمەن ھېكايىنىڭ ئۆزىنىلا ئوقۇسا ، تېلېۋىزىيە فىلىمىدىن لەززەت ئالغاندەك لەززەت ئالالايدۇ . ئەسەرنىڭ قاتلىمى ئىنتايىن چوڭقۇر ، كومېدىيىلىك ئامىل بىلەن تراگېدىيىلىك ئامىل بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن . ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيە ، مەيخورلۇقتىن ئىبارەت ناچار ئىللەت ئۈستىلىق بىلەن قامچىلانغان . بۇ ئەسەرنى مەن ئەمەس ، ھەرقانداق ئادەم ئىشلىسە ئوخشاشلا ئىقتىسادىي ھەم ئىجتىمائىي قىممەت يارىتالىغان بولاتتى» .

فىلىمدە كۆرۈرمەنلەرنى قايىل قىلغىنى ئالدى بىلەن رېژىسسورنىڭ پاراستى ۋە ماھارىتى بولدى . بۇ فىلىم ھەققىدە بىرقىسىم مۇتەخەسسىسلەرنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا ، ئۇلار فىلىم ھەققىدە مۇنداق ئورتاق قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى: «فىلىمدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى ، رېژىسسور ‹ قىرلىق ئىستاكان › ھېكايىسىدىكى تەپسىلاتلار بىلەن پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى يوشۇرۇن ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئېكران يۈزىدە ئىپادىلەشكە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

فىلىمدە ئارتىسلارنىڭ ياخشى تاللانغانلىقى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىغا ئاساس ياراتقان . ئارتىسلار فىلىمنىڭ ھەر بىر كۆرۈنۈشىدە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان . بولۇپمۇ ئەسەردىكى ئابدۇل تېرە ، ئوسمان داڭگال ، تۇرسۇن تېكە ، رەجەپ توپاقتىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي پېرسوناژنىڭ رولىنى ئالغان ئادىل مىجىت ، خالمۇرات ئۆمەر ، مەۋلان نىياز ، تۇرغۇن ئىمىر قاتارلىق ئارتىسلار پېرسوناژلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت ، گەپ ـ سۆزلىرىدىكى ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى تولۇق نامايان قىلىپ ، ئۇلارنى ئېكراندا جانلىق ئوبرازلارغا ئايلاندۇرغان . ئۇلارنىڭ ھەرقايسى كۆرۈنۈشلەردىكى ئۆزگىچە قىلىق ، ھالەتلىرى ، چىراي ئىپادىسى قويۇق تۇرمۇش چىنلىقىغا ئىگە قىلىنغان.

بەدىئىي جەھەتتىكى تويۇنۇشنى ‹ قىرلىق ئىستاكان › فىلىمىنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . فىلىمدىكى كۆرۈنۈشلەر ھەم ئۆزىگە خاس بەدىئىي پۇراققا ، ھەم قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە قىلىنغان بولۇپ ، ھەتتا بىرقىسىم يەككە كۆرۈنۈشلەر تولۇق بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

ئىجتىمائىي قىممەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، بۇ فىلىم بىزدىكى زور بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان . ئۇنىڭدا تۇرمۇشىمىزدىكى ئاپەت خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى يىلتىزىدىن ئېچىپ تاشلاش ئارقىلىق بىر قىسىم كىشىلىرىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن تاشقى جەھەتتە كومېدىيىلىك مەسخىرىلەر ، روھىي جەھەتتە ئېغىر تراگېدىيە بىلەن تولغان جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئېچىنىشلىق قىسمىتى تەسىرلىك ، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن» .

1998 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە بولغان ئىككى يىلدا ئۇيغۇر ئۈن ـ سىن بازىرى خېلىلا گۈللەنگەن . مۇشۇ يىللاردا بارلىققا كەلگەن «قىرلىق ئىستاكان» ، «بۇ چۈش ئەمەس» ، «ئامەت ۋە قىيامەت» ، «ئالىمجان بولۇمسىزمۇ» ، «دوزاخقا سەپەر» قاتارلىق ئىجابىي ئەسەرلەردىن باشقا «چالىقۇشى» ، «ئۆتكەن كۈنلەر» ، «مېھراپتىن چايان»غا ئوخشاش تەرجىمە فىلىملىرىمۇ بازارغا سېلىنغان . بولۇپمۇ تۈركىيە يازغۇچىسى رىشات نۇرى گۈنتېكىننىڭ ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە مەشھۇر رومانى «چالىقۇشى» ئاساسىدا ئىشلەنگەن فىلىممۇ كۆرۈرمەنلەر ئىچىدە كۆرۈپ قانمايدىغان ياخشى فىلىملەردىن بولۇپ قالغان.

«چالىقۇشى» رومانى 60 ـ يىللاردىلا قولىيازما شەكلىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ ، ئۇيغۇر ستۇدېنتلىرى ئىچىدە ئەسەر قەھرىمانى پەرىدە ئەينى دەۋردىكى بىر ئەۋلاد ياشلىرىمىزنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلانغان . 80 ـ يىللاردا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ، يەنە بىر مەيدان ئوقۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن . ۋاھىتجان ئوسمان بۇ فىلىمنىڭ تۈركچىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە ، ھاياجاندىن بىر كېچە ئۇخلىيالمىغان . شۇڭا ، مۇشۇنداق تونۇشلۇق بىر رومانىنى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە تېخىمۇ تونۇتۇش ئىستىكى ئويغانغان . ۋاھىتجان ئوسمان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرمۇ بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى يوقالغىنى يوق . ئەكسىچە ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى ، جۈملىدىن ياشلار پەرىدە خانىمنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆز تۇرمۇشىغا ئۈلگە قىلىپ ياشىشىغا ئەرزىيدۇ . بۇ فىلىمنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا ، تۈركچىدىن ئەڭ ياخشى تەرجىمە قىلالايدىغان تەرجىماننى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىرگە ، ئەڭ ياخشى ئاۋاز بېرەلەيدىغان ئارتىسلارنى ئىشلىتىپ ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىشقا تىرىشتىم» .

بىزدە ھازىر چەت ئەللەردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئىشلىنىۋاتقان فىلىملەر كۆپ بولسىمۇ ، تەرجىمە سەۋىيىسىنىڭ ناچارلىقى ، ئاۋاز سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن ئەسلى ئەسەرنىڭ سۈپىتى چۈشۈپ كېتىدىغان ياكى شۇ ئەسەر بازار تاپمايدىغان ئەھۋاللار ساقلانماقتا.

# ھۇسەنجاننىڭ بازار كوزۇرى

بەزى چاغلاردا تۇرمۇشتىكى تاسادىپىيلىقلار سېنى ھاياتىڭنىڭ باشقا يوللىرىدا نامايان قىلىدىغان ئەھۋاللار پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ گەزمال سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 90 ـ يىللاردا ئۈن ـ سىن بازىرىغا كىرگەن ھۇسەنجان ياسىننىڭ ئۈن ـ سىن سودىسىغا كىرىپ قېلىشىنى ئۆزى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

«دۆڭكۆۋرۈكتىكى دۇكىنىمىز يېنىدا ھەم رېمونتچىلىق قىلىدىغان، ھەم ئۈن ـ سىن سودىسى قىلىدىغان ئابدۇرېھىم قادىر ئىسىملىك بىر يىگىت بولىدىغان، مۇناسىۋىتىمىز خېلىلا قويۇق ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى سودىسى ئاقماي، بارلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى بىزنىڭ دۇكانغا ئەكىرىپ قويىدى. 70 نەچچە خىل ئۈنئالغۇ لېنتىسى بار ئىكەن. مەلۇم مەزگىل بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئۆز سودامنى قىلغاچ سېتىپ قويىدۇم. كېيىن ئۇ بارلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ماڭا ساتماقچى بولدى. مەنمۇ كۆپ ئويلانماي سېتىۋالدىم. ئەمەلىيەتتە، مەنمۇ بۇ سودىغا خېلىلا قىزىققان، بىرقىسىم يوچۇقلارنى بايقاپ قالغانىدىم. شۇنداق قىلىپ مەنمۇ بۇ ساھەنىڭ ئادىمىگە ئايلىنىپ قالدىم. دۆڭكۆۋرۈكتە مەخمۇت، مىجىت قاتارلىق ئادەملەرنىڭ مۇنتىزىم دۇكانلىرىدىن باشقا لېنتا ساتىدىغان دۇكانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ سودىسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ھەتتا خېرىدارلار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى سېتىۋالىدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالاتتى. 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ مەنمۇ بىرقىسىم ناخشىچىلارنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى سېتىشقا باشلىدىم. تاكى VCD بارلىققا كېلىپ، ئومۇملاشقىچە بولغان يىللار مېنىڭمۇ بۇ سودىدا ئۆزۈمنى سىنايدىغان مەزگىلىم بولدى».

ھۇسەنجان ياسىننىڭ تىجارىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تىجارەت سەنئىتىدە «كوزىر مەھسۇلات» يارىتىش يولىنى بويلاپ، بالداقمۇ بالداق ئۆرلەش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

—مەن ئۈن ـ سىن بازىرىغا يېڭىدىن كىرگەن يىللاردا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆپرەك قوغلىشاتتىم. 1997 ـ يىلىدىن كېيىن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىمۇ تەڭ قوغلىشىدىغان بولدۇم. چۈنكى، بىز ئىشلىگەن مەھسۇلاتلار ئارقىلىق كۆرۈرمەنلەرگە مەدەنىيەت تارقىتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. شۇڭا، خەلق ياقتۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەشكە تىرىشىۋاتىمىز.




بۇ تىجارەت يولى ئۇ دەسلەپكى چىقارغان تالانتلىق ياش ناخشىچىلاردىن ئىززەت ئىلياس، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، يۈكسەك شىجائەت، ئابلەت ئابلىكىم، مۆمىنجان ئابلىكىم قاتارلىقلارنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىدە ئىپادىسىنى تاپقان. ئارقىدىنلا كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان ئادىل مىجىت، خالمۇرات ئۆمەر، مىرئادىل ئابلىمىت، ۋارىس ئىسلام قاتارلىق ئارتىسلارنىڭ رول ئېلىشىدا ساتىرىك تۈسى قويۇق بولغان «بۇ كىشىنى تونۇمسىز» ناملىق VCD فىلىمىنى، ئاندىن ئەختەم ئۆمەر سېنارىيىسىنى يازغان «يىراقتا تارالغان قوڭغۇراق ئاۋازى» ناملىق ئۈچ قىسىملىق VCD فىلىمىنى ئىشلەپ بۇ ساھەدە تونۇلۇشقا باشلىغان.

— سىز ئىشلىگەن فىلىملەر ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ مەبلەغ سېلىنغان، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى

يۇقىرى بولغان فىلىم قايسى، ــ دېگەن سوئالىمىزغا ھۆسەنجان مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ «تەنھا سۆيگۈ» ناملىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى، CD، VCD، DWD پلاستىنكىلىرى ئۈچۈن 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ بىر پلاستىنكىنىڭ ئىشلىنىپ، بازارغا سېلىنىشىغا ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كەتتى. پەقەت تەشۋىقات ئۈچۈن 70 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىقىم قىلىندى. ھازىرقى بازار شارائىتىدا 70 مىڭ يۈەن بىلەن بىرقانچە فىلىم ئىشلىگىلى بولىدۇ.

ھۆسەنجان ياسىن «تەنھا سۆيگۈ» ناملىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن رادىئو - تېلېۋىزوردا ئېلان بېرىش شەكلىدىن ھالقىپ، ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن 2005 - يىللىق كالېندار ئىشلەپ، كۆرۈرمەنلەرگە ھەقسىز تارقىتىش، ئاخبارات يىغىنى ئېچىش، توردا ئېلان بېرىش قاتارلىق تەشۋىقات شەكىللىرىدىن پايدىلانغاندىن سىرت، خەلقئارا چوڭ بازىرىدا ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چوڭ ھەجىمدىكى پلاكاتلارنى تاملارغا ئاسقان. پلاستىنكا تارقىتىلغان كۈنى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ئىمزا قويۇپ بېرىش شەكلى بىلەن بۇ پلاستىنكىلارنى داغدۇغىلىق بازارغا سالغان. مۇھىمى، پلاستىنكىلار بازارغا كىرىشتىن بۇرۇن «ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ يالغۇز كىشىلىك سەنئەت كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلگەن. ھەر خىل شەكىلدىكى ئېلان ناھايىتى پىلانلىق، سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلغان.

ھۆسەنجان ياسىن 1995 - يىلدىن باشلاپلا ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ 150 دىن ئارتۇق ھەر خىل تېمىدىكى ناخشىلىرىدىن 21 يۈرۈش پلاستىنكا چىقارغان. بۇ پلاستىنكىلار ياش ناخشىچى ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىشتا، داڭلىق بىر ناخشىچى بولۇپ جەمئىيەتتە تونۇلۇشىدا ئاجايىپ زور رول ئوينىغان.

قوينى يەنىلا قاسساپنىڭ سويغىنى تۈزۈك. ئۈن - سىن بازىرى ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك بولغان، بەلگىلىك ئەقىل جەۋھەرلىرى جەملەنگەن بازار ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بازار تاپقان بىر فىلىمگە نۇرغۇن كىشىنىڭ ئەمگىكى سىڭگەن بولىدۇ. ئەگەر ئېسىل سېنارىيە بولۇپ، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان تالانتلىق ئارتىس بولمىسا، تالانتلىق ئارتىس بولۇپ، تالانتلىق رېژىسسور، ئوپېراتورلار بولمىسا ئىشلەنگەن فىلىم مۇنەۋۋەر فىلىم بولالمايدۇ. ھۆسەنجان ياسىن ئون نەچچە يىللىق فىلىم ئىشلەش جەريانىدا رېژىسسورلارنىڭ خاسلىقىنى بايقاشنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. «مەن سەنئەتكارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىش بېرىمەن. مەسىلەن، قۇربانجان ھېيتقا تراگېدىيىلىك، مىللىي ئۇسلۇبى، خاسلىقى كۈچلۈك فىلىملەرنىڭ رېژىسسورلۇقىنى بەرسەم، تىياتىر ياكى سەھنە ئەسەرلەرگە ئائىت ئەسەرلەر بولسا تۇرسۇنجان لېتىپنى تاپىمەن. ھازىرقى دەۋر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن فىلىملەر بولسا رېژىسسورلۇقىنى نىجات نىيازغا بېرىمەن. ياشلارغا خاس جۇشقۇن ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ رېژىسسورلۇقىغا سەمجان ئابلىكىم، ئىسلامجانلارنى تەكلىپ قىلىمەن».

بۇنىڭ ئەكسىچە، خېلى كۆپ ئۈن - سىن سودىگەرلىرى فىلىم تەنەرخىنى تۆۋەنلىتىشنى ئويلاشقانمۇ ياكى ئۆزىنىڭمۇ چولپان بولغۇسى كەپقالغانمۇ ئۆزى بازارغا سالغان فىلىملەرنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا ئۆزى قول تىقىۋالىدۇ (رېژىسسورلۇق، ئوپېراتورلۇق، كىرىشتۈرۈش، رولغا چىقىش ھالقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىلا قىلىۋالىدۇ). ئاقىۋەتتە ئىشلەنگەن فىلىملەر جانسىز، كۆرۈنۈشلەر ساختا ياكى مۇكەممەل بولماسلىقتەك بىر قاتار مەسىلىلەر ساقلانغاندىن باشقا، سۈپەت - تېخنىكا جەھەتتىمۇ تەلەپكە ئۇيغۇنلىشالماي، بازاردىن شاللىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۈن - سىن سودىسى بىر قەدەر ئەتراپلىق ساپا، مول كۆزىتىش، سەگەكلىككە، بازار ۋە خېرىدارلارغا چېتىلىدىغان نازۇك سودا. شۇڭا، بىر فىلىمنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى بىر ئىجادىيەت جەريانى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئېلىمىز كىنوچىلىقىغا نەزەر تاشلىساق، 1980 - يىللاردىكى بۇرۇقتۇرما ھالەتتىكى جۇڭگو كىنوچىلىقىنىڭ جاڭ يىمو قاتارلىق تالانتلىق كىنو رېژىسسورلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش ھېسابىدا قايتا جانلىنىپ، «قىزىل قوناقلىقتا»، «قەھرىمان»، «بىرى كەم بولسىمۇ بولمايدۇ» قاتارلىق فىلىملەرنىڭ جۇڭگو كىنو سەھنىسىدە يېڭى بىر سىلكىنىش ھاسىل قىلغانلىقىنى، ھەتتا خەلقئارا كىنو كۆرەكلىرىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلىكىدەك پاكىت بىزنى رېژىسسورنىڭمۇ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ھۆسەنجان ياسىن ئۈن - سىن بازىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، كەلگۈسىنى ئويلىغىنىدا ئىچى ئاچچىق بولۇپ، كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالاتتى. بەزىدە «باشقا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسام قانداق بولار» دېگەن خىيالمۇ كاللىسىغا كىرىپ قالاتتى. نېمىشقىدۇر بۇنداق چاغلاردا كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە بۇ بازارغا بولغان بىر خىل قىيالماسلىق ھېسسىياتى دولقۇنلايتتى. ئاخىر ئۇ ئالدىن كۆرەرلىكى بىلەن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۆزىگە مۇناسىپ يول تۇتقان ئابدۇراخمان ئەبەينىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلار ئۇزۇن پاراڭلاشتى. سۆھبەت ئارىسىدا ئابدۇراخمان ئەبەي مۇنداق دېدى: بازاردا پۇت دەسسەپ تۇرىمەن

دەيدىكەنسىز ، مۇنۇ ئۈچ يولنى بېسىشىڭىز كېرەك:
(1) كەسپىلىشىش ، (2) ھەمكارلىشىش ، (3) كۆلەملىشىش . بۇ ئۈچ سۆز ئېيتماق ئاسان بولغان بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خېلى بىر جەرياننى بېسىشقا توغرا كېلەتتى . شۇ كۆنى ھۆسەنجاننىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ ، كاللىسىدىكى ئېغىر خىياللارمۇ نەلەرگىدۇر يوقىلىپ ، ئۆزىمۇ يېنىكلەپ قالدى . شۇنىڭدىن تارتىپ بارلىق دىققىتىنى مۇشۇ ئۈچ ئىشقا قاراتتى . بۇ يىل 3 ـ ئايدا ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ «تەنھا سۆيگۈ» ناملىق VCD ، DVD ، CD ، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ بازارغا سېلىنغانلىقى كەسپىلىشىش يولىغا ماڭغاندىن كېيىنكى تۇنجى مېۋە ئىدى.

يېقىندىن بېرى ھۆسەنجان ئۈن ـ سىن بازىرىنىڭ كەلگۈسىگە تېخىمۇ ئۈمىد بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ مۇنداق بولۇشىغا دۆلەتنىڭ ئۈن ـ سىن بازىرى ھەققىدىكى ئەۋزەل سىياسىتى تېخىمۇ كۆپ تەرەققىيات پۇرسىتى بەرگەنلىكى ئىدى . «يېقىندا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ بازار تەكشۈرۈش باشقارمىسىدىن مۇناسىۋەتلىك يولداشلار كېلىپ بىز بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى . بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئۈن ـ سىن نەشرىياتىدىكى رەھبىري يولداشلار قاتناشقاندىن باشقا ‹ ناۋا› ئۈن ـ سىن مەركىزى ، ‹ تەكلىماكان› ئۈن ـ سىن مەركىزى ، ‹ ئۇزۇلمەس كۆيلەر› ئۈن ـ سىن مەركىزىدىكى يولداشلار قاتناشتى . يىغىندا ھەرقانداق شىركەت ياكى شەخسنىڭ رەسمىيىتى تولۇق بولغان ئەھۋالدا فىلىم ئىشلەشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى ، مەلۇم ئورۇن ياكى شەخسنىڭ بازارنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى . مەيلى ئېلىمىز ياكى چەت ئەلنىڭ فىلىمىنى تەرجىمە قىلىش ، تارقىتىش ئۈچۈن مەبلەغ جەھەتتىمۇ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى . دۆلەتنىڭ ئۈن ـ سىن بازارلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى سىياسەت ، تەدبىرلىرى شىنجاڭ ئۈن ـ سىن بازىرىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى . بۇ بازاردىن كۆڭلى سوۋۇغان كىشىلەرگە قايتا جان كىردى».

«ناۋا ئۈن ـ سىن» مەركىزى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك ، ئۇلارنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان «ئۆردەك ۋە چاشقان» ، «رەڭدار بېلىق» ناملىق كۆپ قىسىملىق بالىلار فىلىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ ، تارقىتىشقا كىرىشكەن . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئاساس قىلىپ ئىشلىگەن «ناۋا» كارتونلىرى ئىشلىنىپ بازارغا سېلىنغان . بۇنىڭدا ئون نەچچە ماقال ـ تەمسىل بىر دىسكا قىلىنىپ ، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەر بىلەن ماقالە ـ تەمسىل چۈشەندۈرۈلىدۇ.

شىنجاڭدىكى داڭدار مۇزىكانتلار مىللىي چالغۇ بىلەن ئورۇندىغان «تارىمدىكى كۈي» ، بىر يۈرۈش ئېلى خەلق ناخشىلىرى ھەمدە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە نادىر ناخشىلار ھەمدە «يىپەك يولىدىكى قەدىمىي كۈي» ناملىق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئاساس قىلىنغان VCD فىلىملىرىنى بازارغا سالغان .

## چىراغ ئاستىدىكى پاراڭلار

ــ مەن خېلى يىلدىن بۇيان ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ئېيتقان ھەر بىر ناخشىسىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن ، ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىكى ھېسسىيات ۋە سەمىمىيلىك ، مېنى خۇددى ئەڭ يېقىن سىردىشىم بىلەن سىرداشقاندەك تۇيغۇغا چۆمدۈرىدۇ . ئۇ ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويالىغان سەنئەتكار . ئۇنىڭ بۇرۇن ئېيتقان ناخشىلىرى بىلەن ھازىرقى ناخشىلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق ، ئابدۇللانىڭ ئۆز ئاۋازىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ، ئېيتىش ئۇسلۇبى ، ئاككورد سۈپىتىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.



ــ ھەر بىر ناخشىچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولىدۇ . ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ئۇسلۇبى قانداق؟ ئۇ ھاراق ـ تاماكىنىڭ پۇرىقىغا تولغان ۋاڭ ـ ۋۇڭ چىراغلىق دىسكوخانا ، زامانىۋى ئىشرەتخانىلاردا ئىشقى پىراقىنى كۈيلەپ چۈشكۈن بىر ئەۋلادنىڭ ئويۇنپەزلىكى ئۈچۈن كۆڭۈل خۇشى بولۇپ بېرىدىغان مىشچان ناخشىچىلارغا ئوخشىمايدۇ.

ــ ئۇ دېھقانلار ئارىسىدا ، مەشرەپلىرىمىزدە ، پاك مۇھەببەتنىڭ قاينىمىغا چۆككەن قىز ـ يىگىتلەر ئارىسىدا ھەقىقىي سەنئەتكار قىياپىتىدە پەيدا بولىدۇ.

ــ ئۇ رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا مارش شەكلىدىكى

www.uyghurkitap.com



بىر خىل مەزمۇن ، بىر خىل تىمپىدىكى قاتمال ناخشىلار توشۇپ كەتكەن ھالەتنى بۇزۇپ مەيدانغا چىققان.

— دولان مۇقامىنى كەم زامانىۋى كۈيلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ ، دېيەلەيدۇ . ئۇ ئاككوردلاشتۇرۇپ ئېيتقان «دولان ناخشىسى»نى تىڭشايلى ، ئاككوردتىكى يېڭىلىق خىيالىمىزنى قەدەم بىلەن بۈگۈنگە باشلايدۇ . ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ئۆزىنى سەنئەت كۈيىگە تاشلىيالىغان ، قەلب تىۋىشلىرىنى كۈيلەر بەھرىگە سىڭدۈرەلىگەن ، شىددەت بىلەن ساھىلغا ئۇرۇلۇپ قىرغاقنى يۇيۇپ ئۆتكەن دېڭىز سۈيىدەك ناخشىلىرى قەلبىڭىزنى يۇيىدۇ.

— ئىنسان ئاۋازى ئەسلىدە سۆزلىشىش ئۈچۈن يارىتىلغان ، ئابدۇللانىڭ ئاۋازى خۇددى ئەڭ ياخشى سازدىن چىققان سادادەك ، ئاككورد ئىچىدىكى چالغۇ ئاۋازلىرى گارمۇنىك بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن . ئۇ ھاياتىنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆز ناخشىلىرى ئارقىلىق بىزگە ھېس قىلدۇردى . ھەر بىر ناخشىسىنى ئاڭلايدىغان بولساق ، ناخشا باشلىنىشى بىلەنلا بىزنى بىر مۇڭ دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ.

— ھاياتىنىڭ ئۆزى ئازاب ـ خۇشاللىق ، مۇھەببەت ـ نەپرەت ، ئۈمىد ـ چۈشكۈنلۈك ، بەخت ـ بەختسىزلىك بىلەن تولغان . ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ئۆز ناخشىلىرىدىكى ھېسسىيات ، پەلسەپىۋىلىك ۋە تېمىدىكى كەڭلىك ، رەڭدارلىق بىلەن ھاياتقا يېقىنلاشماقتا.

### قىستۇرما

سەنئەت ساھەسىدىكى داڭلىق شەخسلەرمۇ داڭدار ماركا . بۇ ئارقىلىق كوزور مەھسۇلاتلارنى ئىشلەش چەت ئەل ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئاللىبۇرۇن مەدەنىيەت سودىگەرلىرى بەس ـ بەستە مەبلەغ سالىدىغان ئەندىزىگە ئايلانغان . ئەمما ، ھەرقايسى كارخانىچىلار ئۆزىگە خاس تىجارەت ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقالىغىنىدىلا كۆزلىگەن مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ.

«فېيىۋ ئۈن ـ سىن شىركىتى» ئىلگىرىكى يىللاردا خېلى كۆپ پلاستىنكىلارنى بازارغا سالغان بولسىمۇ ، تۈزۈك مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەن . 2005 ـ يىلى «چاشقان گۈرۈچنى سۆيىدۇ» ناملىق پلاستىنكا بىلەن بىردىنلا زور بايلىققا ئېرىشىپ ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى نامدار شىركەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان . ئۇلار مۇھەببەتكە ئىنتىلىۋاتقان كەڭ ياشلاردىن ئىبارەت بۇ بازار قاتلىمىنى ھېسسىيات بىۋاستە ئىپادىلەنگەن بۇ مۇھەببەت ناخشىسى ئارقىلىق ئىگىلىگەن . ئۇلار ئارقىدىنلا بۇ پلاستىنكىنىڭ تېخىمۇ بازىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن «چاشقان گۈرۈچنى سۆيىدۇ» ناملىق كىتابنى چىقارغان ۋە بۇ ناخشىنىڭ ئورۇندىغۇچىسى ياڭ چېڭگاڭنى تەكلىپ قىلىپ بىر قىسىم رايونلاردا قول قويغۇزۇپ سېتىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان . بۇنىڭ بىلەن كىتابتىن كىرگەن كىرىمگە قارىغاندا يەنىلا پلاستىنكىنىڭ سودىسى ھەسسىلەپ بازار تاپقان . «باقمىچىلار كۈيى» دېگەن ئاڭلىماققىلا ھېچقانداق بازىرى بولمايدىغان بىر ئاددىي ناخشىدىن ئېرىشكەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتتى ئۇلارنىڭ بازار ئىگىلەش تاكتىكىسىدا بارا ـ بارا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ . «فېيىۋ شىركىتى» بۇ ناخشىنىڭ شۆھرىتىنى باقمىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان چۇڭچىڭ چاڭرۇڭ ناھىيىسى ، سىچۈەن ۋۇشىڭ ، سەنتەي ، ئەنيۆ ، رېنشۇۋ قاتارلىق ناھىيىلەردىكى باقمىچىلىق ئورۇنلىرى ئارىسىدا تالاشتۇرۇپ چىقارغان . دەسلەپ بۇ ناخشىنىڭ ئورۇندىغۇچىسى شياڭ شياڭ سىچۈەندىكى باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەلۇم بىر ناھىيىنىڭ ھەقسىز ئوبراز ۋەكىلى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى باقمىچىلىق تەشۋىقاتى ئۈچۈن ھەسسە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن . بۇ خەۋەر سىچۈەندىكى باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باشقا ناھىيىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان . بۇنىڭ بىلەن ۋۇشىڭ ناھىيىسى شياڭ شياڭنى ئۆز ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئوبراز ۋەكىلى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش ، رۇڭچاڭ ناھىيىسى «باقمىچىلىق كۈيى»نىڭ نەشر ھوقۇقىنى سېتىۋېلىش ، جوڭگو چۇڭچىڭ چارۋىچىلىق پەن ـ تېخنىكا ئورنى بۇ ناخشىنى ئۆز شەھىرىنىڭ «شەھەر ناخشىسى» قىلىپ بېكىتىش ئۈچۈن فېيىۋ شىركىتىگە بارغان . فېيىۋ شىركىتى ئاخىر كۆزلىگىنىگە يېتىپ ، «باقمىچىلىق كۈيى»نىڭ نەشر ھوقۇقى 500 مىڭ يۈەن ، ماركا ھوقۇقى 1 مىليون يۈەن ، شياڭ شياڭنىڭ ئوبراز ۋەكىللىك ھوقۇقى 380 مىڭ يۈەن بولىدۇ» دەپ باھا چىقارغان . 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋۇشىڭ ناھىيىسى شياڭ شياڭنى «پەخرىي ھاكىم»لىققا تەكلىپ قىلىش يۈزىسىدىن فېيىۋ شىركىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن چېڭدۇدا كۆرۈشكەن . بۇ بىر قاتار تالاش ـ تارتىشلار ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ ، جەمئىيەتتە تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلىۋاتقان شارائىتتا شىركەت بۇ ناخشىنىڭ پلاستىنكىسىنى بازارغا سېلىپ يەنە بىر قېتىم زور مەنپەئەتكە ئېرىشكەن.

## سۆھبەتتىن يارالغان ئويلار

### روجەك

*يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىرقىسىم ياشلار چەت ئەلگە چىقىپ ئۆزى قىزىققان كەسىپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىدى. چەت ئەلنى كۆرگەن بۇ ياشلىرىمىزنىڭ ئۇ يەرلەرنى كۆرگەندىن كېيىنكى قاراش، ئوي ـ خىياللىرى بىزنى تەبىئىيلا ئۆزىمىز ھەققىدە يېڭى ئويلارغا باشلايدۇ. قازاقىستاندا كىنو ـ تېلېۋىزىيە كەسپىدە ئوقۇۋاتقان غەيرەت ۋاھاپ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىزنى سۆزىمىزنىڭ دەللىلى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.*

**مۇخبىر**: قانداق بولۇپ بۇ كەسىپنى تاللاپ قالدىڭىز؟ ھازىر قايسى ئورۇن، قايسى كەسىپتە ئوقۇۋاتىسىز؟

**غەيرەت ۋاھاپ**: مېنىڭ دادام شىنجاڭدىكى بىرىنچى قارار كىنو ئاكتيورلىرىنىڭ بىرى. مەن ئاشۇنداق بىر كىنو ئەھلى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىدە چوڭ بولدۇم. كىچىك چاغلىرىمدا بالىلارنىڭ قوشۇمچە ئاۋازلىرىنى بېرىدىغان روللار چىقىپ قالسىلا رېژىسسورلار ئويناۋاتقان يېرىمىزدىن چاقىرىۋېلىپ مەن ۋە تەڭتۇشلىرىمنى ئاۋاز بەرگۈزەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ۋاقتلىرىمدا مەكتەپنىڭ سەنئەت كۇرۇژۇكلىرىدا ناخشا ئېيتىدىغان بولدۇم. ئالىي مەكتەپتىمۇ يەنە شۇ سەنئەت كۇرۇژۇكىدا ناخشا ئېيتتىم. مەكتەپ پۈتتۈرگەندە دادامنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئاۋاز ئارتىسلىقىغا ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىندىم. شۇ چاغلاردا كۆرۈرمەنلەرگە تونۇشلۇق بولغان ئەنگلىيىنىڭ «ئاندې روبسون» فىلىمىدىكى باش قەھرىمان ئاندې روبسون ئاۋازى مەن ياراتقان ئەڭ خاس ئاۋاز ئىدى. كېيىن قازاقىستانغا كۆچۈپ كەتتۇق. شۇ يەردە تۇرۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەتلىرى بىلەن تونۇشتۇم. ئۆزۈمنىڭ سودا بىلەن ئانچە ئېپىم كېلىشمەيدۇ. شۇڭا، سەنئەت ياكى باشقا بىر كەسىپنى تاللاي دەپ ياۋروپاغا چىقتىم. كىنو رېژىسسورلۇق كەسىپنى نىشان قىلىپ مەكتەپ ئىزدىدىم. ئۇ يەرلەردە كىنوچىلىق بىر خىل مۇلازىمەت تۈسىنى ئالغان كەسىپ بولغاچقا، ئوقۇش ھەققى 21 مىڭ دوللار ئىكەن. ئۇنى تاشلاپ مېھمانخانا باشقۇرۇش كەسپىنى ئۆگەنمەكچى بولدۇم. ئوقۇش ئارزۇسىدا يەتتە دۆلەتكە باردىم. ئۇ يەرلەردىمۇ ئوقۇش ھەققى قىممەت بولغاچقا، ئاخىر قازاقىستاندا ئوقۇش نىيىتىگە كېلىپ قايتىپ كەلدىم.

مەن ھازىر قازاقىستان كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئاپپاراتى، ئوپېراتورلۇق فاكۇلتېتى ئوپېراتورلۇق، رېژىسسورلۇق كەسىپدە ئوقۇۋاتىمەن. ئادەتتە رېژىسسورلۇق بىلەن ئوپېراتورلۇق ئايرىم بولىدۇ. بىزنىڭ مەكتەپتە ئوپېراتورلۇق دەپ بىرلا فاكۇلتېت بار، ئەمما رېژىسسورلۇق، ئوپېراتورلۇق، سېنارىست، چىراغچى قاتارلىق كەسپلەردە دەرس بېرىدىغان مۇئەللىملىرىمىز ئايرىم. ھازىر بىزگە ئومۇمىي كەسىپ ئۆگىتىۋاتىدۇ. رېژىسسورلۇق بىلەن ئوپېراتورلۇق تەڭ ماڭىدۇ. بەزىدە مۇئەللىملەر بىلەن بىزنىڭ فىلىملىرىمىز ۋە ئۇنىڭدىكى ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ھەقىقىي ئەكس ئەتمەسلىك ھادىسىسى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالىمىز. بۇنداق چاغلاردا مۇئەللىملەر ماڭا: «سېنىڭ ھەقىقىي بىر رېژىسسور بولۇش ئارزۇيۇڭ بولسا ئوبدان ئوقۇغىن، بىز ساڭا ھەممە نەرسىنى ئۆگىتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن سېنىڭ ئۆز ئۆرپ ـ ئادەتلىرىڭگە پىششىق بولۇشۇڭ زۆرۈر. ئۇلارغا ھۆرمەت قىلغان، مىللىي خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن ۋاقتىڭدا فىلىم ئىشلىسەڭ ئۇ چاغدا ياخشى بىر رېژىسسور، ئوپېراتور بولۇپ چىقالايسەن» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مۇئەللىملەر دەرسلەرنىمۇ ناھايىتى ئەتراپلىق ئۆتىدۇ. ھازىر ئىككى يىلنى تاماملاپ بولدۇم. قالغان ئىككى يىلدا مەنمۇ خەلققە يارىغۇدەك بىر فىلىم ئىشلەپ چىقالايمەن دەپ ئويلايمەن.

**مۇخبىر**: سىزنىڭچە باشقىلار بىلەن بىزنىڭ ئۇن ـ سىن بازارلىرىمىز قايسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ؟

**غەيرەت ۋاھاپ**: قازاقىستاننى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ تەرەپلەردە شەخسلەر كىنو، VCD پلاستىنكىلىرىنى ئىشلەپ چىقىرالمايدۇ. چۈنكى، بىر فىلىم ئىشلەشكە نۇرغۇن مەبلەغ كېتىدۇ. يەنە ئۇنىڭغا مۇكەممەل بولغان بىر سېنارىست، ئوپېراتور، رېژىسسور بولمىسا بولمايدۇ. بىزنىڭ شىنجاڭدا بولسا، بىر قىسىم شەخسىي فىلىم ئىشلىگۈچىلەر 10 ـــ 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپلا بىر فىلىم پۈتكۈزىدىكەن. مەن بۇنى ئوقۇتقۇچىلىرىمغا دەپ بەرسەم ئۇلار كۈلۈپ كەتتى. قازاقىستاندا كىنو ساھەسى ناھايىتى مۇرەككەپ بىر ئىش دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىكىدەك ئاز ئىقتىساد بىلەن فىلىم ئىشلەش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن شەخسلەر فىلىم ئىشلىمەيدۇ، پەقەت دۆلەتلىك كىنو ستۇدىيىسى ئىشلەيدۇ. بازارغا سېلىنغان فىلىملەر ئاساسەن ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى كىنو ستۇدىيىلىرى ئىشلەپ چىقارغان فىلىملەر بولغاچقا، فىلىمنىڭ سۈپىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئادەتتە بىزدە ئىشلەنگەن بىرقىسىم فىلىملەرنى

ئاپارساق ، ئۇلار مازاق قىلىشىدۇ . ئۇ يەردىمۇ ئۇيغۇر ئۇن ـ سىن تىجارەتچىلىرى بار . قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن فىلىملەرنى كۆرۈش ئارزۇسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ فىلىملەرنى ئېلىپ كۆرىدۇ . قازاقىستاندا بۇ يەردىكىدەك ئۇنداق ئەركىن بازار يوق . ئەمما ، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئۇن ـ سىن ماگىزىنلىرى بار . ئۇ يەردە VCD، DVD تېخى تولۇق ئومۇملاشمىغان ، ئاپپاراتى ئۆزى ئەرزان بولغان بىلەن پلاستىنكىسىدىن 4 — 5 نى سېتىۋالغان پۇلغا بىر VCD ، DVD سېتىۋالالايمىز . پلاستىنكا ئىشلەيدىغان زاۋۇتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۇنى روسىيىدىن ئەكېلىدۇ ، قىممەت . روسىيىنىڭ ئۆزىدە ساختا VCD پلاستىنكىلىرى ئىشلەيدىغان زاۋۇتلار پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلاردىمۇ بىر ماگىزىننىڭ ئىچىدە ھەم ساختا ، ھەم زاۋۇتتىن چىققان ھەقىقىي پلاستىنكا سېتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار . ئۇلاردىمۇ بىزگە ئوخشاش بازار تەكشۈرىدىغان ، ساختىپەزلەرگە زەربە بېرىدىغان پائالىيەتلىرى داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇلاردا ئومۇملاشقىنى يەنىلا سىنقويغۇ ئاپپاراتى (لۇشياڭجى) ، ئۇنىڭ لېنتىلىرى ئەرزانراق بولغاچقا ، كۆپىنچە كىشىلەر سىنقويغۇنى ئىشلىتىدۇ . شۇنداق بولغاچقا كوچا ـ كوچىلاردا يېرىلىپ خالىغان پلاستىنكىلارنى ئېلىپ كۆرەلمەيدۇ . خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھەشەمەتلىك ماگىزىنغا كىرسەك پلاستىنكىلار كۆپ . ئاساسەن ئامېرىكىنىڭ پلاستىنكىلىرى.

**مۇخبىر:** ئۇ تەرەپلەردىكى فىلىم ئىشلەش يوللىرى قانداق؟

**غەيرەت ۋاھاپ:** ئۇ يەردىكى سىنارىستلار مەخسۇس كەسىپتە ئوقۇغانلار ، ھەتتا ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئېلىشمۇ ئايرىم بىر كەسىپ دەپ قارىلىدۇ . ئۇلارنى مەخسۇس ئاۋاز رېژىسسورلىرى (ناخشىلارنى ئاۋازغا ئالىدىغان) ئاۋازغا ئالىدۇ . كەسىپتە ئوقۇغان مۇكەممەل كەسىپ ئەھلىلىرى سىنارىيىنى يازىدۇ ، يەنە كەسىپ ئەھلىلىرى سۈرەتكە ئالىدۇ ، رېژىسسورلۇق قىلىدۇ ، بۇ ئومۇملاشقان بىر ئىش . مەخسۇس كىنو ، دراما ئاكتيورلۇق كەسپىنى پۈتتۈرگەن كەسىپ ئەھلىلىرى فىلىملەردە رول ئالىدۇ.

**مۇخبىر:** سىز ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ رېژىسسور ، ئوپېراتور ، سىنارىست تەربىيىلەش ئىشلىرى قانداق؟ سىز بايا يارامىلىق بىر رېژىسسور بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئوپېراتورلۇقنى بىلىشى كېرەك دەپ ئۆتتىڭىز . مۇشۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**غەيرەت ۋاھاپ:** ئۇ يەردىكى مەكتەپلەردە ھەممە كەسىپلەر ئايرىم ـ ئايرىم ، 4 — 5 يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە يېتىلىپ چىقىدۇ . سىنارىستلىق كەسپىدە ئوقۇغانلار ئىككىنچى يىللىق تۈگىگەن ھامان رېژىسسورلۇق كەسپىدىكىلەرگە سىنارىيە يېزىپ ئەۋەتىدۇ . رېژىسسورلۇق كەسپىدىكىلەر ئۇلارنىڭ سىنارىيىلىرىنى ئىشلىتىپ ئاكتيورلۇق ، ئوپېراتورلۇق كەسپىدىكى بالىلارنى رول ئېلىش ، ئوپېراتورلۇققا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق فىلىم ئىشلەيدۇ . ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ روسىيە ۋە فرانسىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن كىنو فېستىۋاللىرىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلىرىمۇ بولغان . ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئالىي مەكتەپتىلا ئۆز كەلگۈسىگە پۇختا ئاساس سالىدۇ . قازاقىستان كىنوچىلىق جەمئىيىتىنىڭ داڭلىق سىنارىستلىرى بولىدۇ . ئۇلارنىڭ يازغان سىنارىيىلىرى ناھايىتى قىممەت . بىزنىڭكىدە بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە 2000 يۈەن بېرىپلا شەخسلەر ئۆزلىرى سىنارىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ ، مەيلى ۋەقەلىكى ياكى سۈرەتلىرى بولسۇن ، ئاددىيلىقتىن قۇتۇلالمىغان فىلىملەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىكەن . چەت ئەللەردە ، مەسىلەن ، روسىيىدە 1919 ـ يىلى تۇنجى كىنوچىلار ئىنستىتۇتى قۇرۇلغان . شۇ چاغلاردا ئاشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغانلار مەيلى رۇسلار ياكى قازاقلار بولسۇن ، ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە كىنو ئەھلىلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققانىكەن.

**مۇخبىر:** بىر سىنارىيىنى پۈتتۈرۈپ ئۇنى بىر پلاستىنكا قىلىپ ئىشلەش ئۈچۈن مەبلەغ كۆپ كېتىدۇ ، دېدۇق . ئۇنداقتا پلاستىنكىنىڭ قىممەت بولۇشى شۇنىڭدىنمۇ؟

**غەيرەت ۋاھاپ:** 1919 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇشۇ ساھەدە بۇ يەردىكى مەخسۇس ئورۇنلاردا ئوقۇپ كېلىۋاتقانلار خېلىلا كۆپ ، قازاقىستاندىمۇ ئىككى چوڭ كىنو ئاكادېمىيىسى بار . دېمەك ، ياخشى مەكتەپ ساپالىق كىشىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتىدۇ . قازاقىستاندا نېفىت بىلەن تەبىئىي گاز شىركىتىدەك ئىقتىسادىي مەنبەسى كۈچلۈك ئورۇنلارنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن ئىشلەنگەن بىرقانچە فىلىمنى كۆردۈم . ناھايىتى ياخشى چىقىپتۇ . دېمەك ، قازاقىستاندا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنلار قازاقىستان كىنو ئاكادېمىيىسىنىڭ رېژىسسورلىرى ۋە خىللانغان كىنو ئاكتيورلىرىغا يۇقىرى مەبلەغ سېلىپ فىلىم ئىشلەيدۇ . فىلىملەر ئاز بولسىمۇ ، ئەمما تولىمۇ ساز ئىشلىنىدۇ . شۇڭا ، تارقىتىلغان پلاستىنكىلار باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال ، ئەلۋەتتە.

**مۇخبىر:** ئۇ يەردە بىزنىڭ پلاستىنكىلىرىمىزنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى قانداق؟

**غەيرەت ۋاھاپ:** ئۇ يەردىكى جۇڭگو بازىرىدا ئۇيغۇرچە لېنتىلارنى سېتىش توچكىسى بار . شىنجاڭدىن چىقىرىلغان بىر قىسىم پلاستىنكىلار ، ئۇ يەردە سىنئالغۇ لېنتىسىغا ئۆزگەرتىپ سېتىلىدۇ . ئۇلارمۇ شىنجاڭدىكى

پېشقەدەم سەنئەتكارلارنىڭ ناخشىلىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق پلاستىنكىلىرىنى كۆپرەك سېتىۋالىدۇ . ناخشا پلاستىنكىلىرىدىكى مۇزىكا تەڭكەش قىلىش ، ئاۋاز ئېلىش تېخنىكىسى تۆۋەن ، فىلىملەردىكى مەزمۇنى ئاددىي ، سۈرەت ئېلىش ، رېژىسسورلۇق ماھارىتى ئاجىز بولغان پلاستىنكىلار بازار تاپالمايدۇ.

**سوئال:** هازىر ئۈن ـ سىن بازارلىرىدا ياشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ . قازاقىستاندا قانداق؟

**غەيرەت ۋاھاپ:** ئۇ تەرەپتە ناخشىچىلاردىن دىلناز ئەخمەدى ، دىلشات ئەخمەدى ، مۇرات ناسىروف ، دەرۋىشلەر توپى ، زۇلپىقار قاتارلىق ياشلار بار . مىللىيچە ناخشا ئېيتىدىغانلاردىن مىرئادىل بىلەن يالقۇنجان كاراشوفنىڭ ناخشىلىرىنى ياشلار ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ . يېقىندا «قازاقىستان دەرىجىدىن تاشقىرى ناخشىچىلار» مۇسابىقىسىدە بىر ئۇيغۇر يىگىت ئۇچىنچى بولدى . هازىر ئۇ بالىنى كۆككە كۆتۈرۈۋاتىدۇ . دىلناز ئەخمەدىدىن تارتىپ دەرۋىشلەر توپىغىچە بولغانلارنىڭ كونسېرتلىرى بولسا زاللىق توشۇپ كېتىدۇ.



**مۇخبىر:** بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى ، قازاقىستان تەرەپتىن ئۇلارنىڭ پلاستىنكىلىرى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى . مەسىلەن ، دىلناز ئەخمەدى ، دەرۋىش ئانسامبىلى قاتارلىقلارنىڭ پلاستىنكىلىرى كىرىش بىلەن ئالقىشقا ئېرىشىپ ، سېتىلىشى زور بولۇۋاتىدۇ . بۇ هادىسىگە قانداق قارايسىز؟

**غەيرەت ۋاھاپ:** قازاقىستاندىمۇ ئۇلارنى ئالاھىدە ئېتىراپ قىلىدۇ . ئاددىيسى بايا دەپ ئۆتكەن «قازاقىستان دەرىجىدىن تاشقىرى ناخشىچىلار» مۇسابىقىسىدە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن ناخشىچى «يەركەنت تەكلىرى» دېگەن ناخشىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ، باھالىغۇچى ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «سەن دەرۋىشلەر توپىنىڭ ‹يەركەنت تەكلىرى› دېگەن ناخشىسىنى ئېيتتىڭ ، ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىش ئۈچۈن يەنە 10 يىل ئۆگىنىشىڭ كېرەك . ناخشىنى خاتا تاللاپ قاپسەن» . دەرۋىش ئانسامبىلىرى ۋە دىلناز ئەخمەدىلەر توپىدىكىلەر كومپوزىتورلۇقتا مەخسۇس ئوقۇغانلار ، سازەندىلىرىمۇ مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى تۈگەتكەنلەر . ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئۈنگە ئالغۇچىلار مەخسۇس كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئاۋاز رېژىسسورلىرى . بىز بۇ يەردىكى ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاۋازغا ئېلىۋاتقان بىر قىسىملار تېخنىكىسى بىلەن ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ ، ستېرېئولۇق ئۈنئالغۇ لېنتىسى ياكى ستېرېئولۇق CD پلاستىنكىلىرىنى ئاڭلىساقلا ھەممىسى ئايان بولىدۇ . بىزنىڭ نۇرغۇن لېنتا ، پلاستىنكىلىرىمىز بىزگە ھېچقانداق ستېرېئولۇق تۇيغۇ بەرمەيدۇ . قازاقىستاننىڭ ئۆزلىرى ئالغان ستېرېئولۇق مۇزىكىلىرىدا مەيلى راۋاب ، تەمبۇر ياكى زامانىۋى چالغۇلار بولسۇن ، 7 ـــ 8 چالغۇ تەڭلا ئىشلىتىلگەن مۇزىكىلاردا ھەربىرسىنىڭ ئاۋازىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئاڭلىغىلى بولىدۇ . بىزنىڭكىدە بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىڭىز بىرى بېسىپ كەتكەن . ئاۋازغا ئېلىش تېخنىكىسى تۆۋەن . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، قازاقىستاندىكى ناخشىچىلار مەخسۇس ئوقۇپ چىققان بولغاچقا كامالەتكە يەتكەن . مەسىلەن ، دىلناز ئەخمەدى يالتىق دېڭىزىدا ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارالىق ناخشا فېستىۋالى»دا دۇنيادىكى 10 چوڭ ناخشىچى قاتارىغا كىرىپ ئالدىنقى 3 ـ ئورۇندىكى ناخشىچى بولۇپ سايلانغان . ئۇنىڭدىن كېيىن دەرۋىشلەر توپى ھەر يىلى ئاسيا ئاۋازىغا تەييارلىق كۆرىدۇ . بۇ ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارالىق ناخشا فېستىۋالى بولۇپ ، بۇ فېستىۋالغا ئامېرىكا قىتئەسى ، ياۋروپا ، ئاسىيا ، ئافرىقىدىن كەلگەن ناخشىچىلار قاتنىشىدۇ . بۇنىڭدا دەرۋىشلەر توپى مۇسابىقىدىكى تاللاشتا قازاقىستان بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشكەن . دىلناز ئەخمەدىنىڭ ئاكىسىمۇ ئىلگىرى شۇ فېستىۋالغا قاتنىشىپ مۇكاپاتلانغان.

**مۇخبىر:** مۇرات ناسىروف ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

**غەيرەت ۋاھاپ:** مەن مۇرات ناسىروفنى ئۆز ۋاقتىدا روسىيىنىڭ تېلېۋىزىيە قانىلىدا كۆرگەن . مۇخبىر مۇرات ناسىروفتىن سورىدى:

ـــ سەن قەيەردىن؟

ـــ ئالمۇتىدىن.

ـــ مىللىتىڭ نېمە؟

www.uyghurkitap.com



— ئۇيغۇر.

— ئۇيغۇر دېگەن قانداق مىللەت؟ — دېگەندە مۇرات ناسىروف:

— قەشقەرنى بىلەمسىلەر؟ قەشقەرنى بىلگەن ئادەم ئۇيغۇرنى بىلىدۇ. مەن ئاشۇ قەشقەرلىق. ئانا يۇرتۇم قەشقەرنى كۆرۈشنى شۇنداق ئارزۇلايمەن، ئەمما تا ھازىرغىچە قەشقەرگە بېرىپ باقمىدىم، مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئارزۇيۇم قەشقەرگە بېرىش، — دەپ جاۋاب بەردى.

— «سىلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىڭلاردا، مەسىلەن، مىللىي تائاملىرىڭلاردا نېمە تاماقلار بار؟» — ئۇلار يەنە ئۇنىڭ قايسى تائاملارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سورىغاندا، مۇرات ناسىروف ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىنىڭ لەغمەن، مانتا، پولۇ، چۆچۈرە ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، رۇسلار لەغمەن دېگەننى چۈشەنمىدى. مۇرات ناسىروف، «لەغمەن ئىتالىيىنىڭ ماكارونىسىغا ئوخشايدۇ، لېكىن لەغمەندەك مەززىلىك تاماق ھېچنەدە يوق» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئۆز مىللىتىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئەزىزانە قەشقىرىمنى كۆرىمەن دەيدىغان ئارزۇسى بار. ئۇ زىيارەت قىلغۇچىلارغا يەنە «ئەزىزانە قەشقىرىمنى كۆرمىسەم، بۇ ھاياتىمدا ئارماندا كېتىمەن، مەن ئىئانە توپلايدىغان بىر سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشنى خالايمەن. مەن قەشقەردە ئوقۇشسىز قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشىمەن» دېگەن. ئەمما، ئۇنى يۇرتىغا بىر قېتىم كېلىپ باقمىغان دەردمەن ناخشىچى دېيسەكمۇ بولىدۇ. ئۇ ھازىر ئانچە ـ مۇنچە ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ئېيتىدىغان بولدى.

**مۇخبىر**: دىلناز ئەخمەدى، مۇرات ناسىروف، دەرۋىشتىكى مۇرات، زۇلپىقارلار باشقا كەسپنىمۇ قىلامدۇ ياكى مەخسۇس سەنئەت بىلەنلا شۇغۇللىنامدۇ؟

**غەيرەت ۋاھاپ**: زۇلپىقار قازاقىستان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 1 ـ قانىلىنىڭ خىزمەتچىسى. كەسپىي ناخشىچى ئەمەس. يۇلتۇزلار توپىمۇ كەسپىي ناخشىچىلار ئەمەس. شۇڭا، ئۇلارنى ئانچە ئېتىراپ قىلىپ كەتمەيدۇ. ئالقىشقا ئېرىشىپ كېلىۋاتقانلار مەخسۇس شۇ كەسپكە ئۆزىنى بېغىشلىغانلار بولۇپ، ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىدۇ. باشقا كەسپ بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. ئۇلار ھەقىقىي كەسپىي ناخشىچى سانىلىدۇ. ئۇلار مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ياردىمىدە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەگەر مەبلەغ سالغۇچى بولمىسا ئۇلار «ئاسىيا ئاۋازى»غا، «ياش قانات»قا، يەنە باشقا چوڭ ـ چوڭ فېستىۋاللارغا قاتنىشالمايدۇ. ھەر بىرسىنىڭ كەينىدە مەبلەغ سالغۇچى بولىدۇ. قازاقىستاندىكى تېگى بار كۆچلۈك شىركەتلەر بۇلار بىلەن توختاملىشىۋالىدۇ. تېخنىكا، ئىقتىساد، تەشۋىقات ئارقىلىق ئۇلارنى تونۇتىدۇ، نامىنى چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىر تونۇلسا بىر ناخشا بىلەنلا تونۇلۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن، دىلناز ئەخمەدى، دىلشات ئەخمەدى، دەرۋىشلەر توپى ھەممىسى شۇنداق تونۇلغان. مۇرات ناسىروفنى قازاقىستانلا ئەمەس، پۈتۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر گەۋدىسى ئېتىراپ قىلىدىغان كومپوزىتور ھەم ناخشىچى. بىزنىڭ مەكتەپتە مۇزىكا كونسېرۋاتورى ئىچىدە ئوقۇۋاتقان قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار، شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار بار. ئۇلارمۇ مۇنتىزىم تەربىيە ئېلىۋاتىدۇ. كەلگۈسىدە تونۇلۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. بۇمۇ شۇ دۆلەتنىڭ مائارىپ، تەربىيىلەش ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن دەپ ئويلايمەن.

**مۇخبىر**: قازاقىستاندىكى ناخشىچىلار مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پۇلى ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامداپ كېتەلەمدۇ؟

**غەيرەت ۋاھاپ**: ئۇلار بىر تونۇلغان بىلەن ھامان مەبلەغ سالغۇچىلار ئۇلارنىڭ MTV سىنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. ئۇنى تېلېۋىزوردا قويىدۇ. بۇ ناخشىچىلار ئۆزىنىڭ تېلېۋىزوردا قويۇلغان MTV سى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىدۇ. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ناخشىسىنى سۆيۈپ ئاڭلايدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كونسېرت ئۆتكۈزىدۇ. كونسېرتنىڭ بېلەت باھاسى ئۇلاردا ناھايىتى قىممەت بولىدۇ. مەسىلەن، ئەڭ ئارقىسىدىكى ئورۇن بېلەتلىرىمۇ 10 دوللاردىن، ئالدىنىڭ 80 دوللاردىن، 100 دوللارغىچە سېتىلىدۇ. ئۇلار بېلەتتىن كىرگەن كىرىم بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇلار پەقەت ئالمۇتادىلا بىر ـ ئىككى مەيداندا قويۇش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ناھىيىلەردە ئويۇن قويىدۇ. قويغان ئويۇنلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى. شۇ پۇلدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەندىن سىرت يەنە ئېشىنىپ قازاقىستاننىڭ نامرات رايونلىرىغا ئىئانە قىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. كىشىلەرنىڭ سۆيىدىغان ناخشىچىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەلقئارا فېستىۋاللارغا قاتنىشىدۇ. قاتناشقان ناخشىچىلار ئاساسەن نەتىجە يارىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

**مۇخبىر**: ئۇلار بىزدىكى ياش ئامىباپ ناخشىچىلاردىن كىملەرنى ياخشى كۆرىدۇ؟

**غەيرەت ۋاھاپ**: قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى ياخشى كۆرىدىغان ياش ناخشىچىلاردىن ئىززەت ئىلياس بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شىرئەلى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، غالىپجان غوپۇرغا ئوخشاش قازاقىستانغا كۆپ چىققان ئارتىسلارنى تونۇيدۇ.

ئۇلار بۇ يەردە كۆپرەك پلاستىنكىسى چىققان كەسپىي ناخشىچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ . ئادەتتىكى ناخشىچىلارنى ئۇلارمۇ ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ . ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ، ئىززەت ئىلياس ، شېرئەلى قاتارلىقلارنىڭ پلاستىنكىلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى يۇقىرىراق . يەنە بىرىگە ، ئۇلار ئۇسسۇللۇق ناخشىلارنى بەكرەك ئاڭلايدۇ . چۈنكى ، توي ـ تۆكۈن ، مەشرەپ ، ئولتۇرۇشلارنى ئۇلار ئۇيغۇر ئۇسسۇلىسىز ئۆتكۈزمەيدۇ . بىزدىكىدەك تانسا ، دىسكو ئويناپ كەتمەيدۇ . شۇڭا ، ئۇسسۇللۇق ناخشىلار ئۇ يەردە بازار تاپالايدۇ . ئەمما ، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇللۇق ناخشىلارغا بولغان تەلىپى ئۈستۈن.

## چاشقان گۈرۈچنى سۆيىدۇ

ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن جوڭگو خەلقىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ نەچچە ئون يىل دەۋر سۈرگەن «ئۈمىد دالاسىدا» ناملىق خەنزۇچە ناخشىدىن ئۇنىڭ ئىجادىيەتچىسى ئاران 15 يۈەن ھەقلەنگەنىدەك ئىشلارغا خاتىمە بېرىلىپ ، بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە سەنئەتكارلارنىڭ قەددى كۆتۈرۈلدى ، بىر ناخشا بىلەن بىر كېچىدىلا مىليونېرغا ئايلىنىدىغان مۆجىزىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى . سەنئەتنىڭ تاۋارلىشىشى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا ئۆز ئورنىنى تېپىشقا يۈزلەندى.



ئەسلىدە ئاپىسىنىڭ ئايدىكى 400 يۈەن پېنسىيە مائاشىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ياڭ چېڭگاڭ بىر سەكرەپلا جوڭگودىكى بايلار قاتارىغا قوشۇلغان.

*2004 ـ يىلى ياڭ چېڭگاڭنىڭ «چاشقان گۈرۈچنى سۆيىدۇ» ناملىق بۇ مۇھەببەت ناخشىسى مەملىكەتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى ياشلار ئارىسىدا زىلزىلە قوزغىغان . بۇنىڭ بىلەن توردا مۇزىكا ئاڭلاش مۇزىكىدىن بەھرىلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى بولۇپ قالغان .2005 ـ يىلى ياڭ چېڭگاڭغا بولغان قىزغىنلىق يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن . ئۇ بۇ ناخشىنىڭ توردا ئاڭلاش نىسبىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان پەيتىدە پلاستىنكىسىنى چىقارغان . ئارقىدىنلا «چاشقان گۈرۈچنى سۆيىدۇ» ناملىك كىتابنى نەشر قىلدۇرغان . بۇ كىتاب يەنە سىنارىيىلەشتۈرۈلۈپ كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلەنگەن . مانا شۇنداق بىرنەچچە باسقۇچلۇق جەريان «چاشقان گۈرۈچنى سۆيىدۇ» دېگەن ناخشىنى تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخكە ئايلاندۇرغان.*

ئۇنىڭ بۇ ناخشىنىڭ نامى بىلەن ئىشلەپ چىقىرىلغان بارلىق مەھسۇلاتلاردىن ھازىرغىچە بولغان كىرىمى 7 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن.

ياڭ چېڭگاڭنىڭ بۇ پلاستىنكىسىنىڭ ھەرقايسى نۇسخىلىرى بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن ، 3 مىليونى سېتىلىپ تۈگىگەن . پلاستىنكىنىڭ بازاردىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 15 ـ 20 يۈەنگىچە بولغان . ئۇ ھەربىر پلاستىنكا ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بىر يۈەندىن باج تاپشۇرىدىغان بولۇپ ، بۇ پلاستىنكىدىن جەمئىي 3 مىليون باج تاپشۇرغان.

ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەسىراتلىرى ، ئەتراپىدىكى ھېكايىلەر ئاساسىدا يېزىلغان ناخشا تېكىستلىرى ، نەسر ۋە ھېكايىلەر كىرگۈزۈلگەن «چاشقان گۈرۈچنى سۆيىدۇ» ناملىق كىتابتا مۇھىمى ئۇنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى دوستلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ . بۇ كىتاب بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن ، دەسلەپكى قەدەمدىكى سېتىلىشى 100 مىڭ نۇسخىغا يەتكەن . كىتابنىڭ سېتىلىشىدا نەق مەيداندا ئىمزا قويۇش شەكلى ئارقىلىق سېتىش زور ئۈنۈم كۆرسەتكەن . بۇ كىتاب ناخشا دولقۇنىدىن كېيىن ، شىركەتنىڭ مەخسۇس ئويۇشتۇرۇشى بىلەن روياپقا چىققان . باھاسى 19.8 يۈەن بېكىتىلگەن بۇ كىتاب ئۇنىڭغا يەنە 300 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىپ كەلگەن.

كىتاب ئاساسىدا سىنارىيىلەشتۈرۈلگەن كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى كۆرۈرمەنلەر ئىچىدە زور غۇلغۇلا قوزغىغان . بولۇپمۇ ، ئۇنىڭدىكى مۇزىكىلارنى ياڭ چېڭگاڭنىڭ ئىشلىشى فىلىمگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ ، فىلىمدىن كىرگەن پايدا 1 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

«چاشقان گۈرۈچنى سۆيىدۇ» ناملىق بۇ ناخشا ياڭ چېڭگاڭنى يەنە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2005 ـ يىللىق «چاغانلىق سەنئەت كېچىلىكى» گە ئېلىپ چىقىپ ، ئەسلىدىكى ئۇنىڭ بىر قېتىملىق سەھنىگە چىقىش ھەققىنى 50 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگە كۆتۈرگەن . ئۇنىڭ ھازىرقى ئايلىق كىرىمى 600 مىڭ

يۈەندىن 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، ئومۇمىي ئېلان كىرىمى 3 مىليون ئەتراپىدا بولغان . ئۇ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «مەن مۇزىكىنى سۆيىمەن ، قانچە پۇل تېپىشىم مۇھىم ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەن . سىز: «چاشقان گۈرۈچنى سۆيىدۇ» دېگەن ناخشىڭىز بىلەن 7 مىليون يۈەن كىرىم قىلىپسىز» دەپ سورىغىنىدا ، ئۇ: «پۇلۇمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن ، بۇ ئىشلارنى شىركەت بېجىرىدۇ ، مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم يەنىلا مۇزىكا» دېگەن . مۇخبىر ئۇنىڭدىن: «بۇنىڭدىن كېيىن قانداق پىلانىڭىز بار؟» دەپ سورىغاندا ، ئۇ: «چاشقان گۈرۈچنى سۆيىدۇ» دېگەن ناخشا بەش يىللىق قان ـ تەرىم بەدىلىگە كەلگەن ، 1998 ـ يىلىدىن هازىرغىچە 1000 دىن ئارتۇق ناخشىنى توپلاپ بولدۇم . مېنى شان ـ شەرەپكە ئېرىشتۈرگەن بۇ ناخشا مېنىڭ ئىجادىيەتلىرىمدىكى تامچە ، مەن تېخى ياش ، كۆپلىگەن پۇرسەتلەر مېنى كۈتۈپ تۇرماقتا» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## «مۇھەببەت»نىڭ ھېكايىسى

**هازىرغىچە نۇرغۇن تېلېۋىزىيە فىلىم چولپانلىرى، ناخشا چولپانلىرى مەيدانغا چىقتى، ئۇلارنى قانداقتۇر تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى ياكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئەمەس، پەقەت شەخسىي مەبلەغ سالغۇچىلار مەيدانغا چىقارغان، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، تونۇلۇشى كەسكىن رىقابەت ئىچىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇلارغا جامائەتچىلىكنىڭ قارىشىمۇ ئوخشاش ئەمەس، ھەتتا كەسپىي سەنئەت ساھەسىدىكىلەرمۇ ئېتىراپ قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مۇقىم كەسپى، ئۇنۋانىمۇ يوق، ئۇلار ھېچقاچان ئۇنۋان ئۈچۈن ياشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ناخشا ـ كۈيلىرى خەلق ئىچىگە تاراپ، يەنە شۇ خەلق ئارقىلىق تونۇلىدۇ**

بىز ئۇنىڭ روھىغا ، ۋوجۇدىغا سىڭىپ كىرگەنسېرى نەزىرىمىزدىكى سەل ھاكاۋۇر ، كۆرەڭ كۆرۈنىدىغان بۇ يىگىت مۇلايىم ، جىمغۇر ، ھەممە ئىشقا سوغۇققان نەزەر بىلەن قارايدىغان يىگىتكە ئالماشتى.

ـــ مەن ئەقلىمنى بىلسەم ، ئائىلىمىزدىكىلەر ئاشخانا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن . كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپ جىمغۇر ، خىيالچان ئىدىم . ھەممە نەرسىگە ھېسداشلىق نەزىرىدە قارايتتىم . قالغان قېرىنداشلىرىم بىلەن خاراكتېرىم ، مىجەزىم ئوخشىمايتتى . 80 ـ يىللاردا گىتار چېلىپ ، ناخشا ئېيتىش مودا بولغاچقىمۇ ، مەنمۇ گىتار چېلىشقا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم . مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ، ماڭا تەسىر قىلغان ئىشلارنى خىيالىمغا كەلگەن سۆز ـ جۈملىلەر بىلەن قۇراشتۇرۇپ ئانچە ـ مۇنچە شېئىر يازىدىغان بولدۇم . يازغان بەزى شېئىرلارنى گىتار بىلەن ئۆزۈم بىلگەن ئاھاڭغا سېلىپ غىڭشىپ ئېيتىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردۈم . بۇ ئىشلارنى ناھايىتى مەخپىي ، پىنھان ئېلىپ باراتتىم . مېنىڭ ناخشا ئېيتىپ ، شېئىر يېزىپ يۈرگىنىمنى دوستلىرىم تولۇق ئۆيدىكىلەرمۇ بىلمەيتتى . ئېيمىشقىدۇر ئۆزۈم يازغان شېئىرلارنى ئۆزۈم بىلگەن ئاھاڭلارغا سېلىپ ناخشا ئېيتسام كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ ، يېنىكلەپ قالاتتىم . ئۇ چاغلاردا ئۇرۇمچىدە ئابلىكىم ياۋاقنىڭ ناخشىلىرى مودا بولغانىدى . ناخشىلىرىنى ئېيتىشنى ياخشى كۆرەتتى . مەنمۇ ئابلىكىم ياۋاقنىڭ ناخشىلىرىغا مەستانە ئىدىم . ئابلىكىم ياۋاق ئېيتقان ئەينى چاغدىكى زىيالىي ياشلارنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ مۇھەببەت كۈيلىرىنىڭ تېكىستى ، مۇزىكىسى جۇشقۇن ، ئۆزگىچە بولۇپ ياشلارنىڭ يۈرەك سىرلىرىغا ۋەكىللىك قىلاتتى . تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك ، رىتىمى لەرزان ناخشىلار ئىدى.

ئويلاپ باقسام ، ئابلىكىم ياۋاقنىڭ ناخشىلىرىنى 5 ـ 6 يىل ئېيتىپ يۈرۈپتىمەن . شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈم يازغان شېئىرلارغا ئاھاڭ ئىشلەپ ناخشا قىلىپ ئېيتىپ يۈردۈم . مېنىڭ نەزىرىمدە قىزلار نازۇك ، ئاجىز يارالغان ، سېھرىي كۈچى ئالەمچە يارالغان پەرىشتە ئىدى . شۇنداق بولغاچقىمىكىن ، 1994 ـ يىلى ئىجاد قىلغان تۇنجى ناخشام «قىز بالا» دېگەن ناخشا بولدى . قەلبىمدە غايەت زور بىر مۇزىكا ئېقىمى دولقۇنلايتتى . بىراق ، مەن ئۇنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيتتىم . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ تولۇق پۈتتۈرمىگەن بولغاچقىمۇ ، مۇزىكىغا قانچە ھېرىسمەن بولسامىمۇ ، ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنى ئىپادىلەشتە قىينىلاتتىم ، مۇھىمى مۇزىكا تىلىنى چۈشەنمەيتتىم . بىراق ، قەلبىمدىكى مۇزىكا ئېقىمى مېنى تىنىمسىز ئىزدىنىشكە ، ئۇنى قەلبىمدىن چىقىرىپ سىرتقا ئاشكارىلاشقا ئۈندەيتتى . 90 ـ يىللاردىن كېيىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا نۇرغۇن دۆلەتتە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن بولدۇم . گەرچە مەن بىر تىجارەتچى بولسامىمۇ ، بارغان دۆلەتلەردە ئۇلارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدىم . مەن بۇ مۇزىكىلارنى ئاڭلىغاندا يىراق بىر سەپەرگە مەشۇقىنى ئۇزىتىۋاتقاندەك ، بەزىدە قويۇق ئورماندا تەنھا ئايلىنىپ

يۈرگەندە ، بەزىدە غازان باسقان ئىپتىدائىي ئورمانلار قوينىدا يۈرىكىمنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتىم . مانا بۇ مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ، كارامىتى ئىدى . شۇنداق لەرزان مۇزىكىلارنى كۆپ ئاڭلىغاچقا ، مۇزىكىغا بولغان تەلپىنىم بەك يۇقىرى ئىدى . بۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە ئېلېكترونلۇق رويال بىلەن ناخشا ئېيتىش دەۋر سۈرگەنىدى . مەن ئۆزۈم تېكىست يېزىپ ئاھاڭ ئىشلىگەن ناخشىلارنى يالغۇز ئېلېكترونلۇق رويال بىلەنلا ئېيتىشقا بولمايتتى . شۇڭا ، «مۇھەببەت» ناملىق پلاستىنكىدىكى ناخشىلارنى 1995 ـ يىلى ئىجاد قىلغان بولساممۇ ، پەقەت ئەل ـ ئاغىنىلەر ئاڭلاپ جەمئىيەتكە ئاشكارىلىمىغانىدىم.

1999 ـ يىلىغا كەلگەندە مەن ئۆزۈم تېكىست يېزىپ ، ئاھاڭ ئىشلىگەن ناخشىلار مەزمۇن ، ئاھاڭ ، رىتىم جەھەتتە خېلى مۇكەممەللەشتى . گىتار بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرىم دوستلىرىم ، تونۇش ـ بىلىشلىرىم ئىچىدە ئومۇملاشتى . لېكىن ، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەل ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كومپوزىتورلار بىلەن كۆرۈشتۈم . مەن مۇزىكا تىلىنى بىلمىگەچكە ، ئۇلارغا ئوي ـ خىيالىمنى چۈشەندۈرۈش ھەققەتەن تەسكە چۈشتى . ئاخىر بىر قانچە مۇزىكانتنى داۋانچىڭغا ماشىنا بىلەن ئېلىپ چىقتىم . ماشىنا ئاستا سۈرئەتتە لەرزان ماڭماقتا ئىدى . بىپايان دالا كۆز ئالدىمىزدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . شاماللار يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى سۆيۈپ ئادەمنى ھاياجانغا سالاتتى . مەن ئۇلارغا: «سىلەر بىزنىڭ ھازىرقى تۇيغۇمىزنى ئىپادىلەپ مۇزىكا ئىشلەڭلار» دېدىم . ئۇلار كۈلۈپ كەتتى . سۆزۈمدىن ھەيران قېلىشتى . «شۇ خىل تۇيغۇنى ئىپادىلەپ مۇزىكا ئىشلەپ بېرىڭلار . يەنى سەپەرگە چىققان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ چەكسىز تەبىئەت قوينىدا ، قۇملۇقلاردا ئاستا قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاياغ تېۋىشىنى مۇزىكا رىتىمى قىلساڭلار» دېدىم . مەن بۇ مۇزىكىلارنى ئىشلەش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئۇن نەچچە يىل تىنىمسىز ئىزدەنگەنىدىم . مۇزىكا پۈتكەندىن كېيىن ھەرقايسى ساھەلەردىكى دوستلىرىمنىڭ پىكرىنى ئالدىم . ئۇلارغىمۇ بۇ ناخشىلار ياردى . مەن ئۇلاردىن: «بۇ ناخشىلارنى ئاڭلاپ قانداق تەسىراتقا كەلدىڭلار؟» دەپ سورىغىنىمدا ، ئۇلار ، بۇ ناخشا ـ مۇزىكىلارنى بۇرۇنمۇ بىر يەردە ئاڭلىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ ، ئەسلەپ بېرەلمىگەنلىكىنى ، گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىشتى . بۇ قېتىم بازارغا سېلىنغان «مۇھەببەت» ناملىق VCD پلاستىنكىسىدىكى مۇزىكىلارنىڭ باشقا مۇزىكىلارغا ئوخشىماسلىقى ، مۇزىكا تەرتىپى ، رىتىمىدە كۆرۈلىدۇ . بۇ مۇزىكىلاردا مىللىي پۇراق يوقمىكىن دېسەك ، مىللىي پۇراقمۇ بار ، ياۋروپا مۇزىكا پۇرىقىمۇ بار ، ئومۇمەن مىللىي مۇزىكا بىلەن ياۋروپا مۇزىكىلىرى ئۆزئارا گىرەلەشكەن ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان . دەۋر خاراكتېرى ئاساس قىلىنغان ، مۇزىكا تەرتىپى بىر خىل لەرزان ، ئەۋرىشىم ھالەتتە داۋاملىشىپ ، بىزنى يىراق ـ يىراقلارغا باشلايدۇ . مەن ئىشلىگەن بۇ ئاھاڭلاردا ئىشلەنگەن ناخشىلارنى ئەسلى پەقەت دوست ـ بۇرادەرلەر ئۆزئارا ئاڭلايدىغان ، ئۆزىمىز ئۈچۈنلا شۇنداق بىر پلاستىنكا چىقىرىپ قويماقچى بولغانىدۇق . بۇ ناخشىلار 2000 ـ يىللاردا دوستلىرىم ئىچىدە كەڭ تارقالغان.



2004 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «ئۇچار قۇش» ئۈن ـ سىن شىركىتى بۇ ناخشىلارغا 30 مىڭ يۈەن باھا قويدى ، لېكىن مەن قوشۇلمىدىم . چۈنكى ، مېنىڭ ناخشىلىرىمنى جەمئىيەتكە تارقىتىش ، يەنە كېلىپ پلاستىنكا قىلىپ سېتىش ئارزۇيۇم يوق ئىدى.

يەنە بىر ئۈن ـ سىن شىركىتى بۇ پلاستىنكىنى سېتىۋېلىشقا 50 مىڭ يۈەن باھا قويدى . ئەمما ، ئۈچ كۈنگىچە كەلمىدى . تۆتىنچى كۈنى كەپتىكەن ، مەن 70 مىڭ يۈەن بېرىشنى ئېيتتىم ، بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان «ئۇچار قۇش» ئۈن ـ سىن شىركىتى 80 مىڭ يۈەن بىلەن سېتىۋالدى . «مۇھەببەت» ناملىق پلاستىنكا بازارغا سېلىنغاندا CD پلاستىنكىسى قىلىپ ئىشلەندى . سۈرىتىمۇ بېرىلمىدى . پەقەت بىر تال قىزىل گۈلنىڭ ئېچىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى بېرىلگەنىدى . پلاستىنكا ئىچىدە يەتتە ناخشام بار ئىدى . بۇ ناخشىلار مېنىڭ ئۇن نەچچە يىللىق قان ـ تەرىمنىڭ ، سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ مەھسۇلى ئىدى . ناخشىلار جەمئىيەتكە تارالغاندىن كېيىن ، كۆرۈرمەنلەر ئىچىدە ئالقىشلاندى . شۇڭا ، شىنجاڭدا سېتىلىش جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى رېكورت ياراتقان ناخشىلار بولۇپ قالدى.

مەن ئۈرۈمچىدىكى ھەممە ئۈن ـ سىن دۇكانلىرىدا بۇ ناخشىلارنىڭ ياڭراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ، ھەتتا نۇرغۇن

ياشلارنىڭ يانفۇن مۇزىكىسىغا بۇ ناخشىنى كىرگۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . «ئۇچارقۇش» ئون ـ سىن شىركىتىگىمۇ بۇ ناخشىلارنىڭ ئورۇندىغۇچىسى ، مۇزىكانتى توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ تېلېفون كەپتۇ . كېيىن مېنى ئۇيەر ـ بۇيەردىن ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدىغانلار كۆپەيدى . ئاكامنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «10 يېرىم بەزمىخانىسى» دا ئايدا 10 مىڭ يۈەن مائاش بېرىش ھېسابىغا ئۈچ ئاي ئىشلەپ بەردىم . بۇ يەردە ئىشلىگەندىن كېيىن تۇرمۇش تەرتىپىم بۇزۇلدى . نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا تېلېفون بېرىپ ئارامىمنى قويمىدى . تېلېفون بېرىدىغانلارنىڭ كۆپلىرى قىزلار ئىدى . بۇرۇنقى سەنئەت ھەققىدىكى پىلانلىرىم بارا ـ بارا سۇغا چىلاشقىلى تۇردى . شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىنمۇ يېنىپ چىقتىم . كېيىن باشقا ئورۇنلاردىمۇ ئايلىقىڭغا 15 مىڭ يۈەن بەرسەك دەپ تەكلىپ قىلىشتى . مەن قوشۇلمىدىم . كېيىن «مۇھەببەت» ناملىق CDپىلاستىنكىسىنىڭ VCD پىلاستىنكىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى . سۈرىتىممۇ بېرىلدى . شۇنىڭ بىلەن كۆرۈرمەنلەر ، زوقلانغۇچىلار تەرتىپكە چۈشتى.

ھازىر بىز مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا «مۇھەببەت» دېگەن نامنى ئەنگە ئالدۇردۇق . شىركەت قۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىلتىماس سۇندۇق . شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ، تۇنجى ئىشنى «مۇھەببەت» ناملىق كىنو فىلىمى بىلەن باشلىماقچى . ھازىر بۇ كىنو فىلىمنىڭ سىنارىيىسىنىمۇ يېزىپ بولدۇم . ئېيتىلىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلار ئىشلىنىپ بولدى . بەلكىم سىلەر: «نېمە ئۈچۈن كىنو ستۇدىيىسى قۇرماقچى بولدۇڭلار ، نېمە ئۈچۈن ‹ مۇھەببەت› دېگەن نامنى شىركەت نامى قىلدىڭلار» دېيىشىڭلارمۇ مۇمكىن . مېنىڭ نەزىرىمدە ، مۇھەببەت ئىنتايىن كەڭ ئۇقۇم ، ئىنتايىن مۇقەددەس ، ئۇلۇغ ھېسسىيات . نۇرغۇن كىشىلەر قىز ـ ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈنىلا مۇھەببەت دېيىشىدۇ . مۇنداق دېيىش مۇھەببەتنى تار مەنىدە چۈشەنگەنلىك بولىدۇ . بىز قويماقچى بولغان «مۇھەببەت» ناملىق كىنو فىلىمدە ئالدى بىلەن ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ، ئائىلىگە بولغان مۇھەببەت ، قېرىنداشلارغا بولغان مۇھەببەت ، دوستلارغا بولغان مۇھەببەت ، ئاتا ـ ئانىلارغا بولغان مۇھەببەت تېما قىلىنغان ھالدا ، كەڭ مەنىدىكى مۇھەببەت ئارقىلىق مۇھەببەت ئۇلۇغلىنىدۇ . مۇھەببەت تونىغا ئورىنىۋالغان ئالدامچىلار قامچىلىنىدۇ . مېنىڭ نەزىرىمدە ، مۇھەببەت كىشىلەرنىڭ روھىغا ، ئۇلارنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە پۈچەكلىشىپ بېرىۋاتقان ۋۇجۇدىغا تەسىر قىلىدۇ . سەنئەت ساھەسىدىكى بارلىق ئىشلىرىم مۇھەببەتكە باغلانغان ، شۇڭا بىز ئىشلىمەكچى بولغان كىنو فىلىمى بولسۇن ، ناخشىلار بولسۇن ، «مۇھەببەت» دېگەن غول لىنىيىنى بويلاپ ماڭىدۇ .

«مۇھەببەت» كىنو ستۇدىيىسى ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭدىكى بىر قىسىم چوڭ شەھەرلەردە سەييارە ئويۇن قويۇشنى ئويلاشتۇق ، ئويۇن قويۇش جەريانىدا ئۆزىمىزنى تەشۋىق قىلىش ، كۆرۈرمەنلەرنىڭ بىزگە بولغان ساداسىنى ئاڭلاش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدۇ . پىلانىمىزدا نەق مەيدان يالغۇز كىشىلىك سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى . بۇنىڭدا ئۆزۈمنىڭ ساپ ، تەبىئىي ئاۋازىمنى زوقلانغۇچىلارغا ئاڭلاتماقچى بولۇۋاتىمەن . بىزدە بۇرۇن نۇرغۇن قېتىم مۇنداق كېچىلىك ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ ، تاماشىبىنلارنى ئالداشتىن باشقا نەرسە بولمىدى . چۈنكى ، نۇرغۇن ناخشىچىلار مۇزىكىنى ، ئاۋازىنى ئۈنئالغۇغا ياكى باشقا زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرگە ئېلىپ ، ساختا كۆرۈنۈش بىلەن ناخشا ئېيتىپ ، تاماشىبىنلارنى ئالدىدى . بۇ ئۆز سەنئىتىمىزگە ئاسىيلىق قىلغان بىلەن باراۋەر . مەن بىر ئىش قىلسام ناھايىتى پىلانلىق قىلىمەن ، راستچىل ، ئەمەلىي بولۇشنى چىقىش قىلىمەن . تاماشىبىنلارنى ئالداشنى خالىمايمەن ، خەلقنى ئالداش جىنايەت ، سەنئەتنى پەقەت خەلققلا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىدۇ . ئەركىن ئابدۇللا ، ئابدۇرېھىم ھېيت قاتارلىق سەنئەتكارلىرىمىز نەق مەيدان ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ ئۆز ئاۋازى بىلەن كۆرۈرمەنلەرنى رازى قىلغان . كۆرۈرمەنلەر سەنئەتچىلەرنىڭ ھەقىقىي ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ . ئۆزىنى ئالداشنى ياقتۇرمايدۇ . سەنئەت ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس ، ئەل ـ جامائەت ئۈچۈن قىلىنغان ئەمگەك . شۇڭا ، خەلق ئەل ـ جامائەت بىلەن روناق تاپىدۇ . ئۈچىنچى پىلانىمىز: 2 قېتىملىق VCD پىلاستىنكىسىنى چىقارماقچى . بۇنىڭغا ئىجادىي ناخشىلارنى ئېيتقاندىن سىرت: «گۈلمەرەم» ، «سەھەر ۋاقتى بىر گۈزەل» ، «مېنى يوقلار كىشى بارمۇ» قاتارلىق ناخشىلارنىمۇ قوشتۇق . بىز بۇ ناخشىلارنى ئەڭ يۇقىرى مۇزىكا سەۋىيىسىدە ئورۇنداپ كىشىلەرگە تونۇتماقچى.

— «مۇھەببەت» ستۇدىيىسى قۇرماقچى بولۇۋېتىپسىلەر ، ئۇنىڭدا قانداق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىدۇ؟ بۇ بۆلۈملەرنىڭ ئىش تەرتىپى قانداق بولىدۇ؟

—مەن كۆپ ئويلىنىپ بىر قىسىم ئىشلارنى ئۇ بېجىرىدۇ . ستۇدىيىدە ئاساسەن كىنو فىلىملىرى قويۇش ئاساس قىلىنىدۇ . ئاساسلىق بۆلۈم MTV بۆلۈمى بولۇپ ، ئاساسەن ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ . (2) مۇزىكا ـ سەنئەت بۆلۈمى ، (3) تەشۋىقات بۆلۈمى ، (4) ئوقۇتۇش بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، بىز تۇنجى قېتىم قويماقچى بولغان «مۇھەببەت» ناملىق فىلىم ئارتىسلار ئىككى ئاي تەربىيىلەنگەندىن كېيىن ئاندىن

رولغا چىقىدۇ . تەلەپ بەك يۇقىرى . مېنىڭچە نۇرغۇن ئارتىسلاردا مۇنداق خاتا قاراش مەۋجۇت . ئۇلار مەن رولغا چىقىۋاتىمەن دەپ قارايدۇ . مېنىڭچە رولغا چىقماقچى بولغان ئارتىسلار مەن مۇشۇ ۋەقەلىكلەرنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن دەيدىغان ھېسسىياتقا كېلىشى كېرەك . ئارتىسلاردا ھېكايە ۋەقەلىكىگە يېقىنلاشمايدىغان ئەھۋال ئېغىر ، رول ئېلىشنى پەقەت رول ئېلىشلا دەپ قارايدۇ . ئەسەرنىڭ ئىچىگە چۆكمەيدۇ . ئەسەر ۋەقەلىكى ، پېرسوناژ بىلەن ئۆزىنى بىر گەۋدە دەپ قارىمايدۇ . مۇنداق كىنولار ئادەمگە ساختا تۇيغۇ بېرىدۇ . جەلپ قىلىش كۈچى بولمايدۇ . ھازىر ئۇيغۇر ئۈن ـ سىن بازىرى پالەچ ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ . نۇرغۇن ئۈن ـ سىن سودىگەرلىرىمۇ بۇ ساھەگە يۈكسەك مۇھەببەت ، مەسئۇلىيەت بىلەن ئەمەس ، پۇل تېپىش ئۈچۈن كىرگەن . شۇڭا ، ئۇلار ئىشلىگەن تېمىلار كونا ، ئىجادىي ئەمەس ، تۇرمۇشتىن يىراقلاشقان ، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان بىرەر كۆرۈنۈشمۇ يوق . سەۋىيىسى ئىپتىدائىي ھالەتتە . ئۈن ـ سىن سودىگەرلىرى خەلققە يۇقىرى سەۋىيىلىك ، ساپ ، ساغلام نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىشى كېرەك . شۇ چاغدىلا ئۈن ـ سىن بازىرى جانلىنىپ ، خەلق ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى تاپالايدۇ.

ھازىر ئۈن ـ سىن سودىگەرلىرى نېمىدىن ئەڭ قورقىدۇ؟ دېگەن سوئالىمىزغا مۇھەممەتجان مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى:

ـــ ئۈن ـ سىن بازىرىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋال بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۈن ـ سىن پلاستىنكىلىرىنى قانۇنسىز كۆپەيتىش قىلمىشى . بۇ خىل قىلمىش بازار تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، تىجارەتچىلەرنى ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتماقتا . ھەتتا بىر قىسىم ئۈن ـ سىن سودىگەرلىرىنى ۋەيران قىلماقتا . كىشىلەر قانۇنسىز كۆپەيتىپ ساتقان پلاستىنكىلارنى 105 يۈەنگە ساتقان بىلەن ئۈن ـ سىن سودىگىرى نەچچە يۈز مىڭ يۈەن زىيان تارتىۋاتىدۇ . شۇڭا ، بىز قۇرغان «مۇھەببەت كىنو ستۇدىيىسى» ئىشقا كىرىشكەن ھامان ئۆز فىلىملىرىنى نازارەت قىلىدىغان ئادەملەر قويۇلىدۇ . مۇنداق ئادەملەر شۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارنى پۇختا بىلىدىغان ئورۇنلاردىن تەكلىپ قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئىنتېرنېت تورىدىن پايدىلىنىپ ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز ئاشكارا تارقىتىلىدۇ . مەن بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولغان كىشىلەر ئۆزئارا سۆھبەتلىشىش يولىغا قويۇلىدۇ.

ئەگەر ئىشلىرىمىز كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ قالسا ، بىز قىلماقچى بولغان يەنە بىر چوڭ ئىش ـــ سەنئەت ساھەسىدىكى بايقالمىغان ئۇقتىلارنى قېزىش بولىدۇ . بۇنىڭدا ناخشا ياكى مۇزىكىدا تالانتى بار ، تەربىيىلىنىش ئىمكانىيىتى يوق ياشلارنى قېزىپ چىقىپ مەخسۇس تەربىيىلەش ئىشلىرىنىمۇ قىلماقچى . تەربىيىلەش خىراجىتى بىزدىن بولىدۇ.

سەنئەتكار ئۆزىنى بىلىشى ، ئۆزىنى نامايان قىلىشتا ئابرۇيىنى ، ئىناۋىتىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . ئۇلار ئازغىنە پۇل ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئورۇنسىز تەلەپلىرىنى ئورۇندىماسلىقى كېرەك . باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئەرمەك بولۇپ قالسا تېخىمۇ بولمايدۇ . بىر سەنئەتكار نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن چوقۇم جاپاغا چىدايدىغان ، بارلىقىنى سەنئەت ئۈچۈن بېغىشلىيالايدىغان روھ ۋە ئىرادىدە ياشىشى كېرەك . شۇنداق بولغاندىلا سەنئەتكارنىڭ قىممىتى بولىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر «سەن بىر سودىگەر ، توققۇزۇڭ تەل ، شۇڭا مۇشۇنداق دەۋاتىسەن» دېيىشى مۇمكىن . 1998 ـ يىلى 2 مىليون يۈەندەك پۇلۇم كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان . مەن شۇ چاغدىمۇ قىلچە چۈشكۈنلىشىپ باقمىغان . بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ھەر ھالدا ھۆكۈمەت بەرگەن مائاشى بار . ئۇ ئۇلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا يېتىدۇ . شۇڭا ۋاقتىنى رېستوران ـ بەزمىخانىلاردا پۇل تېپىشقا ئىسراپ قىلماي ، سەنئەت ئۈچۈن باش قاتۇرسا بولىدۇ . ئۇلار مەلۇم بىر ئورۇن ياكى شەخس «ئۇسسۇل ئويناپ بەر ، ناخشا ئېيتىپ بەر» دېسە ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىسا ، باشقىلار نېمە دېسە لەببەي دەپ تۇرسا سەنئەتنىڭ قىممىتى چۈشىدۇ . ئۆزىنىڭمۇ ئىناۋىتى چۈشىدۇ . ئۇلار ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئوينىسا ئايدا بىرقانچە مىڭ يۈەن تېپىشى مۇمكىن . ئەگەر ئورۇنسىز تەلەپلەرنى رەت قىلسا ، قىممىتى بولىدۇ . ئىچكى ئۆلكىلەردە بىر مەيدان ئويۇنغا قاتنىشىپ بەرسە ياكى بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن 100 ـ 200 مىڭ يۈەنگىچە ، تۆۋەن بولغاندا 50 ـ 100 مىڭ يۈەنگىچە ھەق ئالىدىكەن . بىزنىڭ ئارتىسلىرىمىز بىر فىلىمدە رولغا باشتىن ـ ئاخىر قاتنىشىش جەريانىدا 5 مىڭ يۈەن بەرسە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ . سەنئەتكارلارنىڭ بۇ خىل ئەرزان ھەقلىنىشى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى چۈشۈرىدۇ . ئادەم ئۈچۈن ھايات بىرلا قېتىم كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللەت بايلىقى بولغان سەنئەتكارلار تېخىمۇ شۇنداق . ئۇلار مىللەت روھىنى ، مەدەنىيىتىنى تەرغىپ قىلغۇچىلار . مەن گەرچە ئۆزۈمنى تېخى سەنئەتكار دېيىشكە بالدۇرلۇق قىلساممۇ ، سەنئەتكە بېغىشلانغان ھاياتىمدا سەنئەتنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان ئىشلارنى قىلمايمەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**



# قارا ئۇت

( ھېكايە )

تۇرغۇن مىجىت

مارت ئايتىپىدا ئېرىپ كەتكەن يەر ئەت ـ ئېتىدىن بوشاپ كەتكەنىدى . قۇمساڭغۇ تۇپراق كەتمەن بىلەن تەڭ شىرىلداپ ئاقاتتى . زومچەك ـ زومچەك توپىلارنى ئاۋايلاپ قايرىپ ، ئاستىدىكى يۆگەم ـ يۆگەم ئۇزۇم تاللىرىنى چىقىرىۋاتقان خەيرۇللا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولاتتى . نەم تۇپراق ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان تاللار بەئەينى ئۆچەكتىن چىقىۋاتقان يىلاننى ئەسكە سالاتتى . شۇنداق تۇيغۇ ئىچىدە ئىشلەۋاتقان خەيرۇللا گاھىدا راستىنلا يىلاننى كۆرگەندەك بولۇپ ، ئۆزىچە تەشۋىش ھېس قىلاتتى.

خەيرۇللا ئۆزىدىن 50 ـ 60 مېتىر نېرىدا تەك ئېچىۋاتقان سەرپايغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى ، ئەمما گەپ قىلغۇسى كەلمەيتتى . بۈگۈن نېمىشقىكىن ئۇنىڭ پاراڭغا تازا رايى يوق تۇراتتى . تىنچ ھالدا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىياللارنى سۈرگۈسى كېلەتتى . قولى ئىشتا بولسىمۇ ئۆزى خىياللار ئىچىدە پىرقىرايتتى . خۇددى بىرسى يىلىكلىرىنى پۈتۈن سۇغۇرۇۋالغاندەك پۇت ـ قوللىرى ماغدۇرسىز بولۇپ ، يىنى يەر تارتىپلا تۇراتتى . ئەمما ، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇنى ھورۇن ئىكەن دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرۇشقا پېتىنالمىغانىدى . ئۇ ھارغانسېرى قولىدىكى كەتمەن ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . تال جىجىپ يېغىر قىلىۋەتكەن بارماقلىرى ئېچىشىپ ئاغرىيتتى.

ئۇ بۇۋىلارنىڭ «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس» دېگەن ھېكمىتىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدى . يۇرت مېھرىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر

## تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

ھېس قىلدى . ئۇنىڭ يۇرتىدا ھازىر تېخى قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغانمىغان چاغلار ئىدى . كىشىلەر نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك قىشنىڭ ئاجىز ئايتىپىغا قاقلىنىپ مۆگدەپ ئولتۇرۇشاتتى . تۆمۈردەك قېتىپ كەتكەن يەر ، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان باھاردىن خەۋەرسىزدەك ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى . قىشنىڭ زېرىكىشلىك كۈن ۋە تۈنلىرى ئادەمنى بورۇقتۇرما قىلىۋېتەتتى...

خەيرۇللا ئىشتىن توختىدى . ئۇ بەكلا ھېرىپ كەتكەنىدى . قورسىقىمۇ ئېچىپ كوركىراپ كەتكەنىدى.

— سەرپاي ، ھوي سەرپاي ، بىردەم ئارام ئالغاچ چاي ئىچىۋالايلى.

خەيرۇللانىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىغان سەرپاي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ كەتمەننى تاشلىدى . ئۇ خەيرۇللانىڭ يېنىغا كېلىپ ئەمدىلا ئولتۇراي دېيىشىگە خەيرۇللا كۈلۈپ كەتتى.

— غەلىتە ئىسمىڭ بار ئاداش ـ دە ، سەن . ھەر قېتىم ئىسمىڭنى چاقىرغاندا كۈلكەم قىستاپ كېتىدۇ . مەن كۆپ ئىسىملارنى ئاڭلىغان ، ئەمما بۇنداق غەلىتە ئىسىملارنى ئاڭلىماپتىكەنمەن . ئۆيۈڭدىكىلەرمۇ ئىسىم تاپالمىغاندەك نەدىكى قاملاشمىغان ئىسمنى قويۇپتۇ دېسە.

سەرپاي ئۇنى مەنستىمىگەندەك كۈلۈپ قويدى.

ــــ ئىسمىنىڭمۇ غەلىتىسى بولامدۇ ، ئەخمەق . سەن جاھان كۆرمىگەن ، ئىش كۆرمىگەن ، شۇڭا بىرەر يېڭى گەپنى ئاڭلىساڭ غەلىتە تۇيۇلۇپ كېتىدۇ . دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە ، بوۋام ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىكەن . بۇ ئىسمىنى شۇ بوۋام قويغانىكەن . بۇ ئىسمىنىڭ مەنىسى بەك چوڭقۇرمىش.

ــــ شۇنداقتىمۇ تىلغا ئېلىنىراق ، ماس كەلگۈدەك ئىسىم قويامدۇ دەيمەن.

ــــ نېمىشقا ماس كەلمىگۈدەك . ئىسىم دېگەننى قانداقلا ئاتىسا بولۇۋېرىدۇ ، ياكى ئۇ ماس كەلمەيدىغان ئالا ـ يېشىل كىيىم بولمىسا . بۇرۇن تېخى كىشىلەر بالا تۇغۇلسا سىرتقا چىقىپ ، كۆزىگە ئاۋۋال نېمە چېلىقسا شۇنىڭ ئىسمىنى بالىغا ئىسىم قىلىپ قويىۋېرىشكەنمىش.

ــــ قىزىق گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن سەرپاي.

ھەر ئىككىسىنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى . شۇڭا ، ئالدىراپ چاي ئىچىشكە باشلىدى . تاماق يەۋاتقاندا ھېچقايسىسى گەپ قىلمىدى . چايدىن كېيىن سەرپاي بىر تال تاماكا ئورىدى ۋە ئىشتىھا بىلەن چېكىشكە باشلىدى.

ــــ ئەگەر ئۇزۇم پىشقىچە مۇشۇنداق ئىشلىسەك خېلى پۇل تاپالارمىزمۇ؟ ــــ سورىدى خەيرۇللا ، سەرپاينىڭ ئاغزىدىن دۈگلەك ـ دۈگلەك بولۇپ چىقىۋاتقان تاماكا ئىسىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ.

ــــ ئۆزۈمگە بىرنەرسە دېيەلمەيمەن ، ئەمما سەن تېپىشىڭ مۇمكىن . چۈنكى ، سەن يا چەكمەيسەن ، يا ئىچمەيسەن . ئارتۇق خەج قىلمىغاندىكىن ، چوقۇم كۆپ تاپالايسەن . ھە راست ، سەن ئۈزۈم پىشقىچە ئىشلىمەكچىمۇ؟

ــــ شۇنداق ، ئۆيگە كۆپرەك پۇل بىلەن قايتقۇم بار . نېمە ، سەنچۇ؟

ــــ مەن تەك ئاچىدىغان ئىش ئاياغلاشقاندا بۇ يەردىن كېتىمەن.

ــــ نېمىشقا؟

ــــ ياز كۈنى بۇ يەرنىڭ ئىسسىقىغا چىدىغىلى بولمايدۇ ، مەن ئاپتاپقا بوشراق ، چىدىيالمايمەن.

ــــ تېخى ئايرىلماي بىرگە ئىشلەرمىز دەپتىكەنمەن.

ــــ مۇساپىرنىڭ يۇرتى يوق دەپ ئاڭلىمىغانمىدىڭ . مەندەك جاھانكەزدىلەر بىر جايدا مۇقىم تۇرمايدىغان گەپ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ نىشانىم ساڭا ئوخشاش كۆپ پۇل تېپىش ئەمەس.

ــــ ئەگەر سەن كېتىپ قالساڭ بۇ يەردە غېرىبسىنىپ تۇرالماسلىقىم مۇمكىن.

ــــ ئامال يوق ، چىدايسەن ـ دە . يەنە كېلىپ ئوغۇل بالا دېگەن سەل قارامىراق بولغىنى ياخشى . بەك نازۇك بولۇپ قالسا جاننى باققىلى بولمايدۇ.

خەيرۇللا ئۈندىمىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالغانىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ سەرپايدىن ئايرىلىپ قالغۇسى يوق ئىدى . يۇرتىدىن دىلى رەنجىپ ئۆزۈمچىگە مۇساپىر بولۇپ چىققاندا ، ئۇنىڭ تۇنجى يولۇققان ، يار- دەم قىلغان ، ئىشلەپ پۇل تېپىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن ئادىمى مۇشۇ سەرپاي ئىدى . سەرپاي ئا- تا ـ ئانىسىدىن كىچىك قالغان بولۇپ ، خارۇزارلىقتا چوڭ بولغان ، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى يۇرت ـ يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈۋاتاتتى . خەيرۇللانى بەكرەك تەسىرلەندۈرگىنىمۇ ئۇنىڭ بىراۋغا ئالا نىيەتتە بولمايدىغان ، قىيىنچىلىققا يولۇققان بىرەرسىنى كۆرسە ھېچنېمىسى قالمىسىمۇ ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ، كەمسۆز ، ئاق كۆڭۈللۈكى بولۇپ ، كىشىلەردىكى ئەخلاق ، دىيانەت تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقان مۇشۇنداق بىر كۈنلەردە يورتمۇ يۇرت دوقۇرۇپ يۈرۈيدىغان تەگسىز بىر كىشىنىڭ شۇ ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرماي ياشاپ ئۆتۈشى ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى . پەقەت ئۇنىڭ پۇلى بولمىغاچقىلا كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدۇ ، مەدىكارچى دەپ پەس كۆرىدۇ . ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئې- غىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئۆزىنىڭ ھالال كۈچىنى سەرپ ئەتسىمۇ ، تۇرمۇشىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەيدۇ.

ئۇلار داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئىشقا چۈشتى . خەيرۇللا كەتمەنگە تايانغان ھالدا تۇرۇپ ، كېتىۋاتقان سەرپاينىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى . ئۇ سەرپايغا بىر تۇغقان ئاكىسىدەك ئىچەكىشىپ قالغانىدى . شۇڭا ، سەرپايدىن ئايرىلىپ بۇ يەردە تۇرۇشقا ھېچ كۆزى يەتمىدى . ئاز بولسىمۇ تاپقان پۇلنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىشنىمۇ ئويلىدى . ئەمما ، دىلىنى قاتتىق رەنجىتىپ ، يۇرتتىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولغان ھېلىقى ئىشنى ئويلاپ لاسىدە بولۇپ قالدى . شۇ كۈندىكى ئىشلار يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

*          *

2 ـ ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ، قىشنىڭ ئاچچىقى تېخى يانمىغانىدى. ئاچچىق سوغۇق قۇلاق ۋە بۇرۇنلارنى ھەرىدەك چاقاتتى. ئەتراپنى تىمتاسلىق قاپلىغان، تۇرخۇنلاردىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئىس ئازراقلا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، توڭلاپ قېتىپ قالغاندەك مەھەللە ئاسمىنىدا جىمجىت ئېسىلىپ تۇراتتى.

خەيرۇللا ئائىلە شەرىپەم بىلەن كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۇماق قىلىقلارنى چىقىرىپ ئويناۋاتقان ئىككى ياشلىق ئوغلى مېھرانىنىڭ ساددا ھەرىكەتلىرىگە سۆيۈنۈش ئىچىدە قارىشىپ تۇراتتى. «باللىق ئۆي بازار» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى تۇرمۇشنىڭ غەم ـ قايغۇلىرى ئوغلىنىڭ خۇشاللىقىغا يۇغۇرۇلۇپ، بىر دەملىك بولسىمۇ خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ قالغانىدى. ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىشاتتى. دەل شۇ چاغدا قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك سىرتتىن مەھەللە باشلىقى قاسىمنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ چىرايى پۈرۈشتى.

— خەيرۇل، ھوي خەيرۇل، تېخىچە قونداقتىن چۈشمىدىڭمۇ پاكار، چىقە بۇياققا.

«ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە پاكارنىڭ جېنى چىقىپتۇ» دېگەندەك، بۇ قوپال چاقىرىشتىن تېرىككەن خەيرۇللارنىڭ جۇدۇنى بىراقلا ئۆرلىدى. ئۇ ئىشىكتىن چىققان پېتى ئەسسالامنىڭ ئورنىغا قورسىقىدىكى ئاچچىقنى ياندۇردى:

— نېمە، ئەتىگەندە شۇم قاغىدەك قاقىلدايسەن، ئاخشام تۆشەكتە ئۇخلاپ قالغان بولساڭ ئائىلەڭ خاپا بولۇپ ئۆيدىن ئەتىگەندە قوغلاپ چىقاردىمۇ ـ يا؟

يۈرىكىنى تومىلتىش ئۈچۈن ئەتىگەندە ئىچىۋالغان ھاراقنىڭ تەسىرىدە يۈزلىرى قىزىرىپ تۇرغان قاسىمنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بىر قىزىل ئىككى قىزىل بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ گەپتىن يانغۇسى كەلمەي ئاغزىنى يەنە بۇزدى:

— بىزنى ئۇنداق ئۇخلايدىغانلاردىن كۆرمە جۇمۇ پاكار، ھېلىغۇ بىر خوتۇنكەن، ھەتتا تۆتى بولسىمۇ بىر كېچىدە ھەممىسىگە تېتىيالايمەن. ئۆزۈڭچۇ، زاكاڭدا تولا ئۇخلاپ چوڭ بولالمىغان نېمە سەن.

— تاشنى كىچىك چاغلىما، نى قاتتىق ياغاچنى چاقىدۇ.

— كىمنىڭ تاش، كىمنىڭ ياغاچ ئىكەنلىكىنى ھېلى كۆرىمىز.

قاسىم شۇنى دەپلا باياتىن بېرى ئۇلارنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈپ، بىر چەتتە جىمجىت قاراپ تۇرغان ھېسابچىغا بۇرۇلدى.

— ئاچە دەپتەرنى.

ھېسابچى سومكىسىنى تىزىغا قويۇپ، ئىچىدىكى دەپتەرلەرنى سۇغۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەيرۇللا بىلەن قاسىم ئوتتۇرىسىدىكى تىل جېڭى ئاخىرلاشقان بولدى.

ھېسابچى دەپتەرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ، خەيرۇللا تۆلەشكە تېگىشلىك ھەر خىل سېلىق پۇللارنى ئوقۇشقا باشلىدى. ھېسابات ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، خەيرۇللانىڭ چىرايى تاتاردى، قاسىم بولسا كۆرەڭلىك بىلەن گىدىيىپ قويدى. ئۇششاق ـ چوڭ سېلىقلارنى قوشقاندا خەيرۇللا تۆلەشكە تېگىشلىك پۇل تۆت يۈز يۈەنگە يېتەتتى.

— كۆزدە بىر تۈركۈملىرىنى تۆلىگەنىدىم، يەنە بىرمۇنچە تۇرىدىغۇ؟ نېمانداق تۈگىمەيدىغان سېلىق بۇ.

— ھە، ئېغىر كېلىۋاتامدۇ؟ يەرنى تېرىك دېسە تېرىيسىز، پاختا ساتسىڭىز پۇلىنى چۆنتەككە موك سالىسىز، ئەمدى بېرىدىغاندا تەس كېلىۋاتامدۇ؟

— ھازىر مەندە پۇل يوق.

— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، قوشناچىمىنىڭ ئىشتانبېغىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىپ، قازناق ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقساڭلا پۇلمۇ چىقىپ قالار.

قاسىم مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ خەيرۇللانىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۆيدە ھەقىقەتەن پۇل يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەيرۇللانىڭ ئۆي ئايرىپ چىققىنىغا ئەمدىلا ئۈچ يىل بولغاچقا، قانات ـ قۇيرۇقلىرى تېخى تەڭشەلمىگەنىدى. ياشلىقتىكى بىغەملىكلەر ئۇنى بىكار تەلەپلىك ۋە سورۇندارچىلىقلارغا سۆرەپ، تاپقىنىنى تۈگىتىۋېتەتتى. خەيرۇللاغا جاھان تار بىلىندى، ئېغىر بىر يۈك ئۇنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى تۈيۈقسىز يەرگە پېتىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلدى.

— ھە، بىرنەرسە دېمەمسەن، بىز يەنە باشقا ئائىلىلەرگىمۇ بارمىساق بولمايدۇ، سېنىڭ كۆزۈڭگە قاراپ ئولتۇرغىلى چولىمىز يوق.

خەيرۇللا بەدىنىنىڭ بوش تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. پۇت ـ قوللىرى چارچاپ كەتكەن ئادەمدەك ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۆيدە راستىنلا پۇل يوق.

ئۇ ئاۋازىنىڭ بەكلا بىچارە ئاڭلانغانلىقىنى بىلدى.

— يوق دەپلا ئىششىپ تۇرىدىغان گەپما؟ كۆكەمىلىك قىلاي دەمسەن ـ يا؟

خەيرۇللانىڭ ئىختىيارسىز چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

— پۇل بولسا سىنىڭ ئالدىڭدا سارغىيىپ تۇرماس ئىدىم.

— بايا بەك يوغان گەپ قىلىۋاتاتتىڭ ، مەن تېخى يانچۇقى توم ئوخشايدۇ دەپتىمەن . موزاينىڭ يۇگۈرۈشى سامانلىققىچە ئىكەنغۇ.

قاسىم ھازىرلا خەيرۇللانى سۆيۈۋالىدىغاندەك ، تۇمشۇقىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىنلاشتۇردى . خەيرۇللا قاسىمنىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ كېلىۋاتقان سېسىق پۇراقتىن سەسكىنىپ ئارقىسىغا داجىدى . قاسىم ھەر قېتىم پۇل يىغىشقا چىقىشتىن ئىلگىرى ئازراق ھاراق ئىچىۋالاتتى . بۇنداق قىلغاندا يۈرەك توملاپ ، كىشىلەرگە دادىل گەپ قىلغىلى ، يۈزى قېلىنلاپ ، كۆڭۈل ئاغرىتىشلاردىن خالىي بولغىلى بولاتتى . بۈگۈنمۇ ئۇ يەنە شۇ ئادىتى بويىچە ئازراق ھاراق ئىچىۋالغانىدى.

— ساتە بىرنىمىلىرىڭ بولسا.

— نىمەمنى ساتىمەن؟ ساتقۇدەك ھېچنىمە يوق.

— ئۆي بولۇپ ساتقۇدەكمۇ بىرنەرسە چىقمامدۇ؟

ئاچچىق ، خىجالەتچىلىكتىن خەيرۇللانىڭ چىشلىرى كىرىشتى . گەپلىرى خۇددى بىرنەرسە چايناۋاتقاندەك چىقاتتى.

— تۆت تامدىن بۆلەك ھېچنىمە يوق.

قاسىمنىڭمۇ چىرايى تاتاردى.

— سەن ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەكچىمۇ ياكى قەستەن مۇتتەھەملىك قىلماقچىمۇ؟

— مۇتتەھەملىك دېگەننى سەندىن سورارمىز.

— تۇتۇق پاكار ، پۇل دېسە بەرمەيسەن ، گەپكە كەلگەندە ئاغزىڭدىن پوق ئاقىدۇ . ئېنىق بىر دېگىنە ، پۇلنى بېرەمسەن ، بەرمەمسەن؟

— دېدىمغۇ ، ھازىر پۇل يوق.

— ئەمىسە قاچان بېرىسەن؟

— يېڭىغا چىققاندا.

قاسىم ئەمدى رەسمى تېرىكتى.

— نىمە دەيدۇ ماۋۇ ، بەرسەڭ ئاتامنىڭ پۇلنى بەرمەيسەن ، ھۆكۈمەتنىڭ سېلىقىنى تاپشۇرىسەن ، ھۆكۈمەت سەن يېڭىغا چىققۇچە ساقلاپ تۇرامدىكەن؟

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— سات نىمەڭ بولسا.

— ھېچنىمە يوق.

— كىگىز ـ پالاز ، يوتقان ـ كۆرپەڭ بولامدۇ سات . بولمىغاندا جېنىڭنى سات ، خوتۇنۇڭنى...

قاسىم ئاخىرقى گەپنى خاتا دەپ سالغانلىقىنى سېزىپ توختىۋالدى ، ئەمما ئۇ كېچىككەنىدى . خەيرۇللا گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ بولدى . ئۇنىڭ غۇرۇرى قاتتىق ئازار يېگەندى ، خورلۇق ، ئەلەم دەستىدىن كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى.

— مەھەللە باشلىقى بولغىنىڭغا تۆت كۈن بولماي تۇرۇپ ، دېمىگەن شۇ گېپىڭ قالدىما؟ بىر مەھەللىدە بىرگە ئويناپ چوڭ بولغانىدۇق ، ئەمدى كېلىپ ئازراق پۇل ئۈچۈن خوتۇنۇڭنى سات دېگۈدەك يەرگە يەتتىڭما؟ بىز سېنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن قوللىغان ، مەھەللە باشلىقى سايلىغانىدۇقما؟ خۇمسى ئىكەنسەن قاسىم ، ئادەم ئەمەسكەنسەن.

خەيرۇللانىڭ ئېتىلىپ بېرىپ قاسىمنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ، پۇخادىن چىققۇچە مۇشتلاشقۇسى كەلدى . ئەمما ، نىمە پايدىسى ، ئۇرۇشۇش بىلەن كۆڭلى ئارام تېپىپ قالامتى ، ئاھانەتنى قايتۇرغىلى بولامتى . يەنە كېلىپ ئۇ تۆلەشكە تېگىشلىك پۇللارنى تۆلىيەلمىگەن تۇرسا . ئۆزىگىمۇ ئاز ، كۆزلۈك يىغىم ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ يوغان بىر ئەر تۇرۇپ بىر قىشنى كۇلاڭ كولاپ ، بىكار ئولتۇرۇپ چىقىرىۋەتتى . قولىدا ھۈنەر بولمىغاندىكىن بىر ئىش تېپىپ قىلغان بولسىمۇ مۇشۇ كۈن ، مۇشۇ ئاھانەت يوق . قوشنىسى پازىل جېنىدا قىشچە ئوتۇنچىلىق قىلىپ پۇل تاپتى.

خەيرۇللانىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى ، ئۆزىنى تولىمۇ بىچارە ، ئاجىز ، يارىماس ھېس قىلدى.

قاسىمنىڭ گۆشلۈك يۈزى كۆپۈشۈپ ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى . بۇتتەك قاتقان چىرايىدىن قىلغان گېپىگە پۇشايمان قىلغانلىقىنى ، ياكى بىرمۇنچە ئاۋارە بولغانغا تۇشلۇق ئازراق بولسىمۇ پۇل ئۈندۈرۈۋالالمىغانلىقىغا قورسىقى كۆپۈۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى . ھېسابچى بولسا بىر چەتتە خۇددى ماگىزىنلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى مودېل ھەيكەلگە ئوخشاش ئىپادىسىز قېتىپ تۇراتتى.

ئىشىك تۈۋىدە بالىسىنى باغرىغا باسقىنىچە ، بېشىنى

تۆۋەن سىلىپ ، مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇرغان ئايالىغا قاراپ خەيرۇللانىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئېچىشتى . ئۇ تۇيۇقسىز ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، ئۇچقاندەك ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە بىردەمدە قىشلىق چاپىنى بىلەن قۇلاقچىسىنى كىيىپ چىقتى.

ـــ بۇرۇن بىلمەپتىمەن ، پۇلنىڭ قەدرى شۇنداق بولىدىغان بولسا ، مەن پۇل تاپاي ، پۇل تېپىپ كېلەي.

ئۇ شەرىپەمنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـــ مەن يارىماس ، راستىنلا يارىماس ئىكەنمەن . سىنىمۇ بۇ ئاھانەتكە چېتىۋالدىم . بۇ يۇرتتىن كېتەي ، هازىرلا كېتەي ، جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرىغۇ...

شەرىپەم يۈلقۇنۇپ چىقىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

ـــ مېنى تاشلاپ نەگە بارىسىز؟ بالا بىلەن مەن قانداق قىلىمەن؟

ـــ مەن پۇل تېپىپ كېلەي شەرىپەم . بىرەر يەرگە بېرىپ ئىشلىسەم چوقۇم كۆپ پۇل تاپالايمەن . خەير ، خۇداغا ئامانەت ، ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن.

خەيرۇللا بۇرۇلۇپ چوڭ يول تەرەپكە قاراپ چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلىدى . ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىرسى چاپاننىڭ پېشىنى تارتقاندەك توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى . كۆزلىرىدە يەنىلا ياش لىغىرلاپ تۇراتتى . ئۇ شەرىپەمگە ، ئوغلىغا چىدىماي قالغانىدى . شەرىپەم بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

خەيرۇللا قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

ـــ كەلمىگىن شەرىپەم ، مېنىڭ يولۇمنى توسما . ئەگەر بۈگۈن كەتمىسەم ئاچچىقىمدا بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشۇم مۇمكىن . ئۇ چاغدا تېخىمۇ دەردتە قالىسەن.

خەيرۇللا قاسىمغا قارىدى . ئۇ ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنى ئويلىمىغانىدى . شۇڭا ، بىردىنلا ئالاق ـ جالاق بولۇپ خەيرۇللانى چاقىردى . تەلەپپۇزى خېلى يۇمشاپ قالغانىدى:

ـــ خەيرۇل ، ئاچچىقىڭغا هاي بەر ، خوتۇن ـ بالاڭنى تاشلاپ كەتمە . گەپنى ئويلىماي دەپ ساپتىمەن ، خاپا بولما . كىچىككىمىزدە بولسىمۇ ئاداش ئىدىققۇ.

خەيرۇللا كۈچەپ دىمىغىنى قاقتى.

ـــ يۈرىكىمگە بىر خەنجەر ئۇردۇڭ قاسىم . شۇ گەپنى دېگۈچە مۇشت بىلەن تۆتنى قويساڭچۇ . مەن چوقۇم پۇل تېپىپ كېلىمەن ، پۇلنى چېكەڭگە قىستۇرىمەن.

خەيرۇللا گېپىنى تۈگىتىپلا يۈگۈرگەندەك مېڭىپ كەتتى . شەرىپەم يىغلىغان پېتى ئارقىسىدىن يۈگۈردى ، ئەمما يېتىشەلمىدى . مېھراننىڭ ئاچچىق يىغىسى ئەتراپنى بىر ئالدى . قاسىم بولسا ئالاقزادىلىك ئىچىدە پىرقىرايتتى.

ـــ خەيرۇل... هەي... هەي... بۇنداق...

خەيرۇللا هەش ـ پەش دېگۈچە ئەگمىدىن ئۆتۈپ ، كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇ شۇ ماڭغىنىچە قوشنا كەنتتىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئۇنىڭدىن ئىككى يۈز يۈەن قەرز ئالدى ۋە ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتتى . بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى تاغىسىغا ئېيتمىدى.

* *

خەيرۇللا ئۈرۈمچىدە بىرنەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن ، سەرپاي بىلەن بۇ يۇرتقا كېلىپ ئون نەچچە كۈن بىرگە ئىشلىدى . تەك ئاچچىدىغان ئىشمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى . خەيرۇللا ئون نەچچە مو ئۈزۈملۈكى بار بىر ئائىلىدە تۇرۇپ قالدى . ئۇ بىر ياز مۇشۇ ئۈزۈملەرنىڭ پەرۋىشىنى ئىشلەيدىغانغا كېلىشكەنىدى . كۈز بولغاندا ئۆي ئىگىسى يەنە ئۇنى قۇرۇق ئۈزۈم تىجارىتىگە كىرىشتۈرۈپ قويماقچى بولدى.

سەرپاي كېتىدىغان كۈنى خەيرۇللا ئۇنى چوڭ قاتناش يولىغىچە ئۇزىتىپ باردى . خەيرۇللانىڭ كۆڭلى بەك يېرىم ئىدى.

ـــ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ـــ دېدى سەرپاي ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ـــ ئوغۇل بالا دېگەن ئۆمرىدە نى ـ نى ئىشلارغا يولۇقىدۇ . بىر ھېسابتا يۇرت كۆرگىنىڭمۇ ياخشى . ھېلىقى كۈنى راست ئېغىر بوپسەن ، ساڭا قايىل بولدۇم . مۇبادا ئاچچىقىڭغا هاي بېرەلمەي بىرەر ئىش چىقىرىپ قويغان بولساڭ ، كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيتتى . ئەسكى بىلەن تەڭ بولغاننىڭ پايدىسى يوق ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق ئېغىر ـ بېسىق بول ، هەرقانداق ئىشتا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ، پۇلغا ئۆزۈڭنى بەك ئۇرۇپ كەتمە . بولسا يۇرتۇڭغا بالدۇرراق قايت ، ئايالىڭ بىلەن بالاڭ قىينىلىپ قالمىسۇن.

ـــ ماقۇل ، گېپىڭنى ئېسىمدە ساقلايمەن، ـــ دېدى خەيرۇللا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ . ئۇ خۇددى بىر تۇغقان ئاكىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان بالىغا ئوخشايتتى.

سەرپاي چىققان ئاپتوبۇس كەتكەندىن كېيىنمۇ، خەيرۇللا ئاپتوبۇس كەتكەن تەرەپكە قارىغىنىچە خېلى ئۇزاق تۇردى.

خەيرۇللا يالغۇز قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا ئىشقا بېرىلىپ كەتتى. شۇنداق قىلغاندا كۆڭۈلنى بۇزىدىغان خىياللاردىن بىردەم بولسىمۇ نېرى بولاتتى. ئۇ قاتار كەتكەن تەكلەرنىڭ ئاستىدا تىنىمسىز مىدىرلايتتى، هارام شاخلارنى پۇتايتتى، قېرىمغا ئوغۇت تۆكۈپ چانايتتى، ئىككى ئېرىق ئوتتۇرىسىدىكى بوش يەرنى چاناپ يۇمشاتاتتى. قۇمساڭغۇ تۇپراق كەتمەن بىلەن تەڭ شىرىلداپ ئاقاتتى. باهار كېلىش بىلەن ئەتراپ يايپېشىللىققا پۈركەلدى. باغدىن ـ باغقا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشقاچلار تىنىمسىز ۋىچىرلايتتى.

خەيرۇللا بۇ يەردە بەك ئىسسىق بولىدىغانلىقىغا ئەمدى ئىشەندى. هاۋا تىنجىق بولغاچقا، ئادەم خۇددى پارنىكقا كىرىپ قالغاندەك نەپەسى بوغۇلاتتى. سۇ بۇ يەردە تولىمۇ قىس ئىدى. كارىز سۈيى ياكى ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن چىققان سۇ بىلەن يەر سۇغۇرۇلاتتى. يۇرتتىكىگە ئوخشاش ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ئويناقلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلارنى بۇ يەردە كۆرگىلى بولمايتتى.

ئۆي ئىگىسى 50 ياشلاردىكى ئويۇنخۇمار بىر ئادەم ئىدى. ئۇ هەر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپلا قايسىبىر تونۇشىنىڭ سالقىن ئۆيىگە كىرىۋېلىپ قارت، شاهمات ئويناپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئوغلى شەهەردە خىزمەت قىلاتتى. ئايالىنىڭ ئىككى پۇتى پالەچ بولغاچقا كارىۋاتتىن چۈشمەيتتى. 19 ياشلاردىكى كىچىك قىزى بۇ ئۆينىڭ تامىقىنى ئېتىپ، كىرىنى يۇياتتى، ئاپىسىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالاتتى. خەيرۇللا هازىر بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ بولغانىدى. ئۆي ئىگىسى ئۇنى بالام دەپ چاقىراتتى. بەزى پىلان، ئارزۇلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتاتتى.

خەيرۇللا ئايالى شەرىپەمنى، ئوغلىنى ئەسلەيتتى، سېغىناتتى. ئۇلار يادىغا يەتكەن هامان بۇ يەردىن دەرهال كەتكۈسى كېلەتتى. بارا ـ بارا ئۇ بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدى. ئۆي ئىگىسىنىڭ كىچىك قىزى چىمەنگۈلنىڭ بەزى تەرەپلىرى شەرىپەمگە ئوخشايتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئاۋازى، كۈلكىسى، چاچلىرىدىن كېلىدىغان پۇراق قاتارلىقلار. خەيرۇللا هەر قېتىم چىمەنگۈلگە قارىغىنىدا شەرىپەمنى كۆرگەندەك بولۇپ قالاتتى. تۇرۇپلا كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى تاتلىق هېسلارغا چۆمۈلەتتى، چىمەنگۈل كۆزىگە بۆلەكچە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. تەكلەر ئارىسىدا ئىشلەۋېتىپمۇ پات ـ پات ئۆي تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ قوياتتى. چىمەنگۈلنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالسا ئۆزىچە روهلىنىپ كېتەتتى. مۇبادا چىمەنگۈل ئۇ ئىشلەۋاتقان يەرگە تاماق ئېلىپ كېلىپ قالسا قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالاتتى، چىمەنگۈلنىڭ ئۆز يېنىدا ئۇزاقراق تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي هەيران قالاتتى. تۇرۇپ خىجىل بولاتتى. «مەن ئايالى، بالىسى بار ئادەم» دەپ ئويلايتتى خەيرۇللا، «بۇنداق خىياللاردا يۈرسەم قانداق بولىدۇ، ئايالىم ۋە ئوغلۇمغا قانداق يۈز كېلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئائىلە ماڭا تۇز بېرىۋاتىدۇ، تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاقسام بولماس».

ئەمما، خەيرۇللا چىمەنگۈلنى كۆرگەن هامان هەممىنى ئۇنتۇيتتى، ئۆزىنى سېهىرلىنىپ قالغاندەك هېس قىلاتتى. چىمەنگۈلنىڭ ئارقىسىدىن مەپتۇنكارلىق بىلەن تەلمۈرۈپ قارايتتى.

بىر كۈنى خەيرۇللا تەكلەرنى قىرقىۋاتاتتى، كۈن چۈش بولاي دېگەندە چىمەنگۈل تاماق ئېلىپ كېلىپ قالدى. هاۋا بەكلا ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، ئوچۇقچىلىقتا تۇرغىلى بولمايتتى. چىمەنگۈلنى كۆرۈپ هاياجانلانغان خەيرۇللانىڭ بەدىنىدىن پۇررىدە تەر ئۆرلەپ كەتتى.

ــ ئىسسىقتا تاماق ئېلىپ كېلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولاتتى. قارىڭە، تەرلەپ قىزىرىپ كېتىپسىز، ــ دېدى ئۇ، چىمەنگۈلگە كۆيۈنگەن هالدا.

ــ سىز ئاپتاپتىن قورقماي ئىشلەۋاتقان تۇرسىڭىز، تاماق ئەكەلمىسەم قانداق بولىدۇ، ئەگەر ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىپ ئاغرىپ قالسىڭىز بولماس.

ــ رەهمەت، چىمەنگۈل.

ــ نېمىگە رەهمەت دەيسىز، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى تۇرسا.

چىمەنگۈل تەكنىڭ ئاستىدىكى سايىگە داستىخان سالدى ۋە ئۆزىمۇ بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، كورىدىكى تاماقنى چىنىگە بۆلدى. خەيرۇللا چىمەنگۈلنىڭ قولىدىكى چىنىنى ئېلىۋېتىپ، قوللىرىنىڭ يېنىك تىترەۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. ئۇ ئۆزىدىكى هاياجاننى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن گەپ باشلىدى:

ــ سىزمۇ ئاشتىن بىر قاچا ئىچىڭە، چىمەنگۈل.

ــ بولدى، ــ دېدى چىمەنگۈل، قولىدىكى كورىنىڭ ئاغزىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن، ــ ئۆيدە قورسىقىمنى تويغۇزۇۋالغانىدىم.

— ماڭا تاماق ئەكېلىمەن دەپ تۇزۇكمۇ ئىچمىگەنسىز ، سىز ئىچمىسىڭىز مېنىڭمۇ كېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدىكەن.

چىمەنگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ خەيرۇللاغا لاپپىدە قارىدى ۋە ئۇنىڭ كۆزىدە چاقناپ تۇرغان بىر ئوتنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى.

— مەن... مەن... بولدى ئىچمەي.

— مېنى مەدىكار دەپ كۆزگە ئىلمايۋاتامسىز؟

— ياق... ياق... ئۇنداق ئەمەس . مەن ھېچقاچان سىزگە ئۇنداق نەزەردە قاراپ باقمىدىم.

— مېنىڭ بۇ مۇساپىر ، غېرىب كۆڭلۈمگە پەقەت سىزلا تەسەللى بولۇۋاتىسىز ، چىمەنگۈل . ئۇنداق بولمىغان بولسا بۇ يەردىن ئاللىقاچان كەتكەن بولاتتىم.



خەيرۇللا ئۆزىنىڭ بىردىنلا دادىللىشىپ قالغانلىقىدىن ھەيران قالدى . ئايالى ، بالىسى بار تۇرۇپ يەنە بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش خاتا ئىش ئىدى . ئەمما ، خەيرۇللانىڭ بۇ خاتاغا يول قويغۇسى ، يۈرىكىدە گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتقۇسى كېلەتتى.

خەيرۇللا يەرگە قاراپ ئولتۇرغان چىمەنگۈلنىڭ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى . ئۇ قىزنى خىجىل قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىپ سەل ئوڭايسىزلاندى. بىراق ، بۇنداق پارلاقلىشىدىغان پۇرسەت داۋاملىق كېلىۋەرمەيتتى . شۇڭا ، ئۇ چىمەنگۈلنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ يەنە گەپ كولىدى.

— سەيدۇلكام سىزنى ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى پارلىغىنى قىلغان ، سىز... سىز...

قىز بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سالدى ، نەپەس ئېلىشلىرىمۇ تېزلەشتى.

— مەن... مەن... سىزنى... قاراڭ چىمەنگۈل... مەن... بىر مۇساپىر ، ئىشلەمچى ، سىزگە ماس كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن ، بىراق... كۆڭلۈم... سىزنى كۆرمىسەم...

چىمەنگۈل شارتتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆي تەرەپكە كېتىپ قالدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا ماڭلىيىنى باستۇرۇپ چىگىۋالغان گىرىپ ياغلىقىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ ساڭگىلاپ تۇرغان بىر تۇتام چېچى يەلپۈنۈپ كەلگەن پېتى خەيرۇللانىڭ يۈزلىرىنى سىپاپ ئۆتۈپ كەتتى . تونۇش پۇراقنىڭ تەسىرىدىن خەيرۇللانىڭ قەلبىدە ئاللىقانداق ۋەسۋەسىلەر باش كۆتۈردى . ئۇ خۇددى مەست ئادەمدەك چىمەنگۈلنىڭ ئارقىسىدىن دەلدەڭشىگىنىچە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ توختاپ قالدى . ئارقىدىنلا خۇددى روھى چىقىپ كەتكەندەك لاسسىدە بولۇپ ، بايا چىمەنگۈل ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇنىڭ كاللىسى زىددىيەتلەر بىلەن تولغانىدى . ئايالى ، بالىسى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئازابلىناتتى . ئەمما ، چىمەنگۈلدىن يەنىلا مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى . چىمەنگۈل گەپمۇ قىلماي كېتىپ قالدى . بەلكىم ئۇ خەيرۇللادىن قاتتىق رەنجىگەن بولۇشى مۇمكىن . ئۇنى كۆرگەن يەردە ھومىيىپ ، تەتۈر قاراپ يۈرسە ياكى تېتىقسىز گەپلىرىنى دادىسىغا دېسە ، خەيرۇللا بۇ يۈزىنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرەر؟ سەيدۇللا ئاكا ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرەرمۇ؟ ئىش ھەققىنىمۇ بەرمەستىن تىللاپ قوغلىۋېتەرمۇ؟ ئويلىغانسېرى خەيرۇللانىڭ كاللىسى ئېلىشىپ كەتتى . كەچكىچە قولى ئىشقا بارمىدى.

كەچ كىرگەندە ئۇ مەيۈس ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى . سەيدۇللا ئاكا ھويلىدىكى تەك ئاستىدا ئولتۇرۇپ ، قايسىبىر ئۆيدە بۈگۈن بولغان تاماشاسى توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىنىۋاتاتتى . كەيپىياتىدىن

تولىمۇ خۇشال ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ خەيرۇللانى كۆرۈپلا چىمەنگۈلنى چاقىردى:

— هوي چىمەنگۈل ، چاپسان لۆڭگە بىلەن چۆ-گۈنگە سۇ ئېلىپ چىقىڭ قىزىم ، خەيرۇللام يۈز ـ كۆزىـنى يۇيۇۋالسۇن . بۈگۈن هاۋا بەكلا ئىسسىپ كەتتى دېسە.

چىمەنگۈل بىر قولىدا لۆڭگە ، بىر قولىدا چۆگۈن كۆتۈرگەن هالدا ئۆيدىن چىقتى . خەيرۇللا ئۇنى يۈزۈمگە قارىماس دەپ ئويلىغانىدى ، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن قىز يۈرەكنى تېشىپ ئۆتكۈدەك ئوتلۇق بىر تەبەسسۇم بىلەن يەر تېگىدىن خەيرۇللاغا لاپپىدە قاراپ قويدى . بۇ ئىلتىپاتتىن مەڭدەپ قالغان خەيرۇللا بىردەملىككە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى . قىز ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى . خەيرۇللا قولىنى يۇيماقتا ، نەچچە قېتىم يۇيغانلىقىنى بىلمەيدۇ . ئۇ هەتتا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى . ئاخىر چۆگۈندىكى سۇ تۈگىدى ، خەيرۇللا شۇندىلا قول يۇيۇشتىن توختىدى . قىز ئۇنىڭ هەرىكىتىگە قاراپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى . خەيرۇللا خىجىللىق ئىلكىدە بېشىنى كۆتۈردى . زاۋال چۈشۈپ كەتكەنىدى . ئەمما ، خەيرۇللاغا ئاسمانغا تولۇنئاي كۆتۈرۈلگەندەك ، پۈتۈن ئالەم يورۇپ كەتكەندەك بىلىندى.

ئۇ كەچلىك تاماقنى تولىمۇ كۆڭۈللۈك يېدى . كېچىچە شېرىن چۈشلەر قوينىدا لەززەتلىنىپ چىقتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ خەيرۇللا مەيلى ئىش بولسۇن ، ياكى بولمىسۇن تەكزارلىقتىن كەلمەيدىغان بولۇۋالدى . سەيدۇللا ئاكا ئانچە ـ مۇنچە يوقلاپ قويۇپ كېتەتتى ، تەكزارلىقنىڭ پۈتۈن ئىشى خەيرۇللاغا ئۆتكۈچە قالغانىدى . چىمەنگۈل هەر كۈنى چۈشتە ئۇنىڭغا تاماق ئاپىراتتى . ئۇلار تاماق يېگەچ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مۇڭدىشاتتى . خەيرۇللا چىمەنگۈلگە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى . چىمەنگۈلمۇ خۇددى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا چۈشكەن چىۋىندەك ، ئۇنىڭ كۆڭۈل تورىغا ئىلىنىشىپ قالغانىدى . ئۆزىمۇ شۇنداق بولۇشنى خالايتتى . مانا ئەمدى خەيرۇللا ئايالى ۋە بالىسىنى ئانچە كۆپ ئويلىمايدىغان بولدى . هەتتا گاهىدا خېلى بىر كۈنلەرگىچە ئېسىگىمۇ ئېلىپ قويمايتتى.

ئۈزۈمنىڭ غورىلىرى چىڭىتتەك بولغانىدى . بۇ چاغدا قاندۇرۇپ سۇ قۇيمىسا بولمايتتى . خەيرۇللا تەكلەرنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى كارىز سۈيىنى باشلاپ كەلدى . يېقىنىنىڭياقى كارىزنىڭ سۈيى تۆۋەنلەپ كەتكەچكە ، كېلىدىغان سۇ بەكلا ئاز ئىدى . سەيدۇللا ئاكا سۇ پۇلىنى تۆلەپ قويۇپ بىر كەتكەنچە تەكزارلىققا قايتا كېلىپمۇ قويمىدى . خەيرۇللانىڭ سۇ تۇتۇۋاتقىنىغا بۈگۈن تۆت كۈن بولغان بولۇپ ، تەكلەرنىڭ تېخى ئاران يېرىمى توشقانىدى . شىلدىرلاپ جانسىز ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ خەيرۇللانىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتتى . هاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ ، قۇياش خۇددى ئەجدىهاغا ئوخشاش زېمىنغا ئوت پۈركەيتتى.

خەيرۇللا تەك ئاستىدىكى سالقىن بىر يەرنى تېپىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . ئۇ چۈشىدە يۇرتىنى كۆردى ، ئايالىنى ، بالىسىنى كۆردى . كېيىن مەهەللە باشلىقى قاسىمنى كۆردى . قاسىمنىڭ قولىدا بىر تال مەشئەل بار ئىدى ، ئۇ مەشئەلنى خەيرۇللانىڭ ئالدىغا بىر تاشلىۋېدى ، شۇئان ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخ ، چاۋا ـ چاتقاللارغا ئوت تۇتىشىپ كەتتى . ئوت گۇرۇلدەپ كۆيەتتى . قىزىپ كەتكەن خەيرۇللا ئوتنىڭ تەپتىگە چىدىيالماي قالدى . ئۇ تولغىناتتى ، چاڭقىغانلىقىدىن ئىچ ـ باغرى كۆيۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . خەيرۇللا يېنىدا ئېقىۋاتقان كىچىك ئېرىقتىكى سۇدىن ئىچمەكچى بولدى ، ئەمما هەرقانچە قىلىپمۇ ئىچەلمىدى . تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كەتتى ، مۇزدەك يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە تامچىلاپ چۈشكەندە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

ئەسلىدە چىمەنگۈل ئېرىقتىكى سۇنى ئوچۇملاپ ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېچىۋاتقانىكەن . ئەندىكىپ كەتكەن خەيرۇللا دەرهال ئۇنى تۇتىدى.

— بولدى... بولدى قىلىڭ ، چىمەنگۈل ، مېنى بەك چۆچۈتۈۋەتتىڭىز.

چىمەنگۈل قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلدى.

— بېشىڭىزدا شۇنچە قاراپ تۇرسام تۇيمىغاندىكىن ، چاچتىم تازا . قانداق ، ئەمدىغۇ ئۇيقۇڭىز ئېچىلغاندۇ؟

— ئېچىلدى ، تازا ئېچىلدى دەڭا.

خەيرۇللا چىمەنگۈلگە تەلمۈرۈپ قارىدى . ئىسسىقتا ئۇنىڭ يۈزلىرى ئالمىدەك قىزارغان ، چېكە چاچلىرى تەردىن هۆل بولۇپ ، ماڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغانىدى . خەيرۇللا قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ ، بىرلا تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋالدى . قىزنىڭ پۇراقلىق چاچلىرى ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىپاپ ئۆتكەندە ، يۈرىكىدىكى ئاللىقانداق ۋەسۋەسىلەر باش كۆتۈردى . ئەسلىدە ئۇ قىزنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ مۇڭداشماقچى بولغانىدى ، ئەمما قىزنىڭ تىنىقى ۋە بەدىنىدىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك ها-

رارەت ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. خەيرۇللا قىزنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— ئۇنداق قىلماڭ... بىرەرسى كۆرۈپ قالسا... يا بولمىسا دادام كېلىپ قالدۇ... مېنى... قويۇۋېتىڭ.

بۇ قىزنىڭ ئاغزىدىكىلا گەپ ئىدى. ئۇ شۇنداق دېگەنبىلەن خەيرۇللانىڭ قۇچىقىدا جىمجىت ياتاتتى، ۋۇجۇدى يەڭگىل تىترەيتتى.

— مەن كۆيۈپ كۈل بولاي دېدىم، چىمەنگۈل. بۇ يۇرتىنىڭ ئاپتىپىدا ئەمەس، سىزنىڭ ئوتىڭىزدا جېنىم چىمەنگۈل.

خەيرۇللا قىزنىڭ جىنەستىدەك لەۋلىرىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت كەتكەن، كاللىسىغىمۇ ئوت كەتكەنىدى. ئەتراپتىكى قات ـ قات ئۈزۈم تاللىرى ئۇلارنى غۇچچىدە ئوراپ تۇراتتى.

خەيرۇللا قىزنىڭ كىيىملىرىنى يېشىشكە باشلىغاندا قىز قاتتىق تىپىرلىدى، ئەمما پۇت ـ قوللىرى ئاللىقاچان سېھىرلىنىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى يوقاتقان بولغاچقا، خەيرۇللانىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن، قۇياش خۇددى ئەجدىھادەك زېمىنغا ئوت پۈركەيتتى. ئىككى گەۋدە بىر ـ بىرىگە يىلاندەك چىرمىشاتتى، ئاچچىق تەر ئىچىدە ئېغىر ـ ئېغىر ھاسىرايتتى ...

خەيرۇللا يۇرتىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى، ئايالىنى، بالىسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى. ئۇ ھەر كۈنى شېرىن بىر لەززەت ئىچىدە خامۇش يۈرەتتى. مەيلى ئىش بولسۇن، ياكى بولمىسۇن تەكرارلىقتىن كەلمەيتتى. سەيدۇللا ئاكا ئۇنىڭدەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيدىغان، سادىق ئىشلەمچىگە ئېرىشكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ، خاتىرجەم تاماشاسىنى قىلىپ يۈرەتتى، سورۇنلاردا بۇ ئىشلەمچىسىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى.

ئۈزۈملەر پىشىپ، چۈنچە ئۆيلەرگە ئېسىلىشقا باشلىدى. خەيرۇللا غەيرەت بىلەن ئىشلەيتتى. سەيدۇللا ئاكىمۇ مانا ئەمدى ئويۇنلىرىنى قاتلاپ قويۇپ، ئۈزۈم قۇرۇتۇشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. چىمەنگۈلمۇ تەكرارلىقتا ئۈزۈم ئۈزۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى. مول ھوسۇل شادلىقى كۆڭۈللەرنى يايرىتاتتى. مەرۋايىتتەك جۇلالاپ تۇرغان يېشىل ئۈزۈملەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.

قۇرىغان ئۈزۈملەرنى خامانغا دۆۋىلەۋاتقان خەيرۇللا، چىمەنگۈلنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ كۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بىر يېرىڭىز ئاغرامدۇ چىمەنگۈل؟ ئەگەر مىجەزىڭىز بولمىسا بولدى ئارام ئېلىڭ، مەن يېتىشەلەيمەن، ھېلىمۇ بەك چارچاپ كەتتىڭىز.

چىمەنگۈل ئۈندىمىدى، چىرايى تېخىمۇ تۇتۇلۇپ كەتتى.

— زادى نېمە ئىش بولدى، ماڭا دېسىڭىزچۇ؟ — دېدى خەيرۇللا تىت ـ تىت بولۇپ.

چىمەنگۈل ئەتراپىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا سۆزلىدى:

— بويۇمدا قاپتۇ.

خىرامان تۇرغان خەيرۇللا بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، قولىدىكى قۇرۇق ئۈزۈم قاچىلانغان سېۋەتمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— نى... نېمە؟... بو... بو... بويۇمدا... قاپتۇ؟

— شۇنداق، بويۇمدا قاپتۇ. دادام بىلىپ قالىدىغان بولسا ئۆلگىنىم شۇ. ۋاقتىدا بىر ئامال قىلايلى.

خەيرۇللانىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇ ئۇچۇشنىلا ئويلىغان، چۈشۈشنى ئويلىمىغانىدى. مانا ئەمدى كۈتۈلمىگەندە بىرسى رىزىنكە توقماق بىلەن كاللىسىغا بىرنى قويۇپ ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك ئۇنى قايدۇرۇپلىۋەتتى. ئۇ ھازىر نېمە قىلىشنى، چىمەنگۈلگە نېمىدەپ جاۋاب ۋە تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتى. بىردەمدە كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ مەست ئادەمگە ئوخشاش دەلدەڭشىگىنىچە مېڭىپ چۈنجىگە كىرىپ كەتتى.

كەچلىك تاماقتا خەيرۇللانىڭ گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. ئۆزىنى چوڭقۇر بىر يەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. سەيدۇللا ئاكىنىڭ زوق ـ شوقى بىلەن قىلغان گېپىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى قاتتىق چارچىغانلىقتىن دەپ قارىغان سەيدۇللا ئاكا، ئۇنى بالدۇرراق ئۇخلاشقا دەۋەت قىلدى.

خەيرۇللا ئۇخلاشقا ياتقان بولسىمۇ، كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلاي دېسە سەيدۇللا ئاكا ياقمۇ دېمەس. بىراق، ئايالى بىلەن بالىسىنى قانداق قىلىدۇ؟ كېيىن ئايالى ۋە بالىسى بارلىقى ئاشكارىلىنىپ قالسا، بارار يېرى سامانلىق بولامدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق يۈرۈۋېرىدىغان بولسا،

سەيدۇللا ئاكا قىزىنىڭ بويىدا بارلىقىنى بىلىپ قالىدۇ ـ دە ، ئۇ چاغدا ئىش تېخىمۇ چاتاققا ئايلىنىدۇ ، ئوڭشايمەن دەپمۇ ئوڭشىغىلى بولمايدۇ . مۇبادا بۇ يەردىن جىمجىتلا كېتىپ قالسىچۇ؟

خەيرۇللا ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ئاخىر كېيىنكى يولدا ماڭماقچى بولدى . بۇنداق قىلغاندا نەچچە ئايلىق ئىش ھەققىدىن قۇرۇق قالىدۇ . ئەمما ، بۇنچە ئىشنىڭ ئالدىدا ئۇنچىلىك ئىش ھەققى دېگەن نېمىتى . شۇغىنىسى چىمەنگۈلنىڭ ئالدىدا بىر خۇمسىلىق قىلىدىغان بولدى . ئۇ چىمەنگۈلگە مەڭگۈ يۈز كېلەلمەيدۇ . ئۇ كەتكەندىن كېيىن ، چىمەنگۈل نۇرغۇن تىل ـ ئاھانەتكە ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ، دەرد ـ ئەلەمگە قېلىشى مۇمكىن . خەيرۇللانىڭ ئارقىسىدىن كېچە ـ كۈندۈز قارغاپ ، نالە قىلىشى مۇمكىن . ئەمدى بۇنداق قىلماي نېمە ئامال . بىردەملىك كۆڭۈلنىڭ ئارقىسىغا كىرمىگەن بولسا بۇ كۈنگىمۇ قالماس ئىدى . ئىززىتى بىلەن كېلىپ ، ئىززىتى بىلەن كېتەتتى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن لەنەت ئوقلىرى ئۈزۈلمەيدۇ.

خەيرۇللا ئىككىنچى كۈنى كېچىدە بۇ يەردىن جىمجىتلا كېتىپ قالدى.

خەيرۇللا شۇ ماڭغىنىچە ئۇدۇل يۇرتىغا قايتىپ كەلدى . يۇرت ئەھۋالى يەنىلا بۇرۇنقى پېتى ئىدى . كىشىلەر ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش ، ئېتىزلاردىن ئادەم ، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

خەيرۇللا ھويلىسىغا كىرگەندە ، ئايالى شەرىپەم ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئىشىك بېشىنى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاۋاتاتتى . ئوغلى مېھران يەردىكى چېچىلىپ كەتكەن لايلارنى مىجىپ ئويناۋاتاتتى . بۇلارنى كۆرۈپ خەيرۇللانىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— مەن قايتىپ كەلدىم ، شەرىپەم.

شەرىپەم لاي يۇقى قولىنى پەسكە چۈشۈرۈپ ، ئارقىسىغا قارىدى . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ پۇتىغا قويۇۋالغان ئورۇندۇق مىدىرلاپ كېتىپ ، ئالدى ـ كەينىگە دۇگجۇشكە باشلىدى . خەيرۇللا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى . شەرىپەم لاي يۇقى قولى بىلەن ئېرىنى چىڭ قۇچاقلىدى . ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى . خەيرۇللا بىر قولىدا بالىسىنى كۆتۈرۈۋالدى ، ئۈچ گەۋدە مەھكەم چىرماشتى.

— سىلەرنى كۆرۈشكە ئالدىراپ ، كۆپ پۇل تاپالماي قالدىم، — دېدى خەيرۇللا . ئۇ بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلىنىپ كەتتى.

— كۆپ پۇل بولمىسىمۇ ، جەم بولۇپ بىرگە ياشىساق شۇ كۇپايە.

شەرىپەم خەيرۇللانى چىڭ قۇچاقلىغان پېتى قويۇۋەتمەي تۇراتتى ، خۇددى يەنە كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ، مېھران بولسا لاي يۇقى قولى بىلەن دادىسىنىڭ يۈزىنى سىلاپ ئالا ـ بۇلماچ قىلىۋەتكەنىدى . خەيرۇللا ئائىلە مېھرىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . ئەمما ، ئۇنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ، قانداقتۇر مۇھىم بىر نەرسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك ، بىر يەردە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قېچىپ كەلگەندەك مۇرەككەپ تۇيغۇ ئىچىدە ھالسىرايتتى.

خەيرۇللا ئايالىغا قايتا ـ قايتا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن ، ئاران قولىنى بوشاتتى.

خەيرۇللا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ، ئەتىسىدىن باشلاپ ئېتىز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى . ئۇ يوق چاغدا يەرلەرنى شەرىپەمنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرى تېرىپ قويغانىدى . ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنە ئىزىغا چۈشتى ، نامرات بولسىمۇ ھەر ھالدا كۆڭۈللۈك ياشىدى . شۇنداقتىمۇ خەيرۇللانىڭ يۈرەك ئاغرىقى پات ـ پات قوزغاپ قوياتتى . چىمەنگۈلنى ، سەيدۇللا ئاكىنى ئويلىغىنىدا ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلىنىپ ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى . ئۇ مۇمكىن قەدەر ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا ، دىل ئازابىنى ئايالىغا بىلدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى . خەيرۇللا قايتىپ كەلگەندىن بېرى قاسىم پۇل سۈيلەپ ئۇنىڭ يېنىغا بىرەر قېتىممۇ كېلىپ قويمىدى . ئۇ نېمىشقىكىن خەيرۇللادىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى ، خەيرۇللا بۇنى «ھېلىقى كۈنى قىلغان قوپال گېپى ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتىدۇ» دەپ چۈشىنەتتى.

خەيرۇللا قايتىپ كېلىپ ، بىرەر ئايدىن كېيىن يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى يەنە قالايمىقان قىلىۋەتتى . بىر ئاخشىمى خەيرۇللا ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىۋېتىپ ئۇنىڭ بويىدا بارلىقىنى سېزىپ قالدى . بولغاندىمۇ تەخمىنەن ئۈچ ئايدىن ئاشقاندەك قىلاتتى . خەيرۇللانىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . بۇ نېمە كۈن ئەمدى ، تەقدىر ئۇنىڭغا مۇشۇنداقمۇ چاقچاق قىلارمۇ؟!

خەيرۇللا بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەي كاللىسى قېتىپ كەتتى . ئايالىنىڭ يۈزىگە سالماي شۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئويلىدى ، ئەمما ئەرلىك غۇرۇرى يول قويمىدى . ئەر ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر

uyghurkitap.com

هاقارەت ، خورلۇق بولامدۇ . ئايالى باشقا بىر ئەردىن قورساق كۆتۈرسە ، كىممۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرالىسۇن؟

خەيرۇللانىڭ ئۇيقۇسى ئۇيقۇ ئەمەس ، يېگىنى ئاش ئەمەس ، كۈنلىرى قاتتىق ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى . ئۇ شەرىپەمدىن بالىنىڭ دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراشقا ئۇرۇناتتى ، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى ، دەي دېسە تىلى كۆيەتتى ، دېمەي دېسە دىلى كۆيەتتى . ئېتىز بېشىدا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولاتتى.

«ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دەپ ، شەرىپەم ھەممىنى سېزىپ تۇراتتى . ئۇ يۈز بەرگەن ئىشلارنى خەيرۇللاغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنى خالىمايتتى . بۇ ئىش تولىمۇ دەھشەتلىك ، ئېچىنىشلىق بولغانىدى ، ھېچكىمگە دېيەلمەيتتى . پەقەت تەقدىرگە تەن بېرىپ ، بېشىغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرمەكچى بولۇپ ، سۈكۈت ئىچىدە كۈتۈپ تۇراتتى.

خەيرۇللا چىدىمىدى.

— قانداق بولۇپ بۇ ھالغا قالدىڭ شەرىپەم؟ كىم سېنى بوزەك قىلدى؟ ماڭا دېگىنە ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ھېسابلىشىمەن.

شەرىپەم ئۈندىمەيتتى.

— ئۇنداق قىلما ، جېنىم شەرىپەم . مېنى قىينىما ، مەن چىدىمىدىم ، مېنىڭ ھارام بالىغا ئاتا بولغۇم يوق.

شەرىپەم بېشىنى سالغان پېتى ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى.

خەيرۇللا تاقەت قىلالماي ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى . ئۇ ئۆزىنى ئەسەبىيلەرچە ئۇراتتى.

شەرىپەم ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ئۆزىڭىزنى ئۇرماڭ ، مېنى ئۇرۇڭ ، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭ.

خەيرۇللا ھۆكرەپ يىغلىدى ، ھالىدىن كېتىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى . قورقۇپ كەتكەن مېھران ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئېسەدەپ يىغلاپ ئولتۇراتتى . شەرىپەم ئوغلىدىن تەسەللى تاپماقچى بولغاندەك ، ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، باغرىغا چىڭ باستى.

خەيرۇللا دەلدەڭشىگىنىچە مېڭىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى . ئۇ يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە غەرق مەست ئىدى . شەرىپەم ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي ئۇزۇنغىچە ئۆكسۈپ يىغلىدى.

مەھەللىدە ئۇششاق گەپلەر كۆپىيىشكە باشلىدى . كىشىلەر بىر ـ بىرىگە پىچىرلىشاتتى ، خەيرۇللانىڭ ، شەرىپەمنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ كۈلۈشەتتى . خەيرۇللانىڭ ئانىسى ئاھانەتكە چىدىماي ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قەدەم باسماس بولدى . شەرىپەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ، ئاكا ـ ئىنىلىرى بۇ ئىشنىڭ ئېنىقىنى ئاق ، قارىسىنى قارا قىلىپ ئېنىقلىماقچى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، شەرىپەم گەپ قىلماي تۇرۇۋالغاچقا نەتىجە چىقىرالماي قايتىپ كېتىشتى . بۇ ئىش پۈتۈن مەھەللىگە تارقىلىپ بولدى . خەيرۇللا كۈن بويى مەست يۈرەتتى.

بىر كۈنى خەيرۇللا ئورنىدىن تۇرغاندا كۈن خېلى بىر ۋاق بولغانىدى . ئاخشامقى هاراقنىڭ تەسىرىدە بېشى ئاغرىپ ، ئاشقازىنى ئېچىشىپ تۇراتتى . مېھران ئۇنىڭ يېنىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى . شەرىپەم سىرتقا چىقىپ كەتكەنمۇ كۆرۈنمەيتتى . خەيرۇللا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى . كۈچلۈك ئاپتاپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقاتتى . ئۇ چەللىنىڭ ئاستىدا ئېسىلىپ تۇرغان بىر نەرسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قارىدى.

— ئاھ ، بۇ نېمە ئالامەت؟!

شەرىپەم ئۆزىنى ئېسىۋالغان بولۇپ ، كۆزلىرى پولتىيىپ ، تىللىرى ساڭگىلاپ قالغان ، بويىمۇ ئۇزىراپ كەتكەنىدى . خەيرۇللانىڭ كۆز ئالدىدا چاقماق چېقىلغاندەك ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى . ئۇ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ئۆزىنى شەرىپەمگە ئاتتى:


— ئاھ شەرىپەم ، جېنىم شەرىپەم . بۇنداق قىلمىساڭ بولاتتى ئەمەسمۇ . مەنمۇ پاك ئەر ئەمەستىم... مېنى نېمە بولسۇن دېدىڭ جېنىم شەرىپەم . سەن تېخى ئۇ ئەرنىڭ كىملىكىنىمۇ دەپ بەرمىگەنىدىڭغۇ؟ بۇ سىرنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتتىڭمۇ شەرىپەم؟!...

خەيرۇللا ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە شەرىپەمنى سىرتماقتىن بوشاتماقچى بولدى . تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى ، كۆز قارىچۇقى تۆپىگە تارتىلىپ ، ھاڭۋېقىپ قالدى . شەرىپەمنىڭ جەستى يەلاندەك سوزۇلۇپ ، بىر ئۇچى ئاسماندا ، بىر ئۇچى يەردە سۆرىلىپ قالدى.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

## پارىژدىكى ئۇيغۇر قىزىنىڭ بايانى (2)

# دولانلار پارىژدا



### مۇقەددەس مىجىت

بىر دوستۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن فرانسىيە دۆلەتلىك «دۇنيا مەدەنىيەتلىرى مەركىزى»گە كېچىلىك كونسېرت كۆرگىلى باردىم. كونسېرت رەسمىي باشلىنىشتىن بۇرۇن، سەھنىگە چاچلىرى ھەتتا قاشلىرىمۇ پېڭى ياغقان قاردەك ئاقارغان، ئېگىز بويلۇق، سالاپەتلىك بىر كىشى چىقتى. ئۇ:

— قەدىرلىك مېھمانلار، كەچلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن! «مەدەنىيەت مەركىزى»مىزگە «8 ـ نۆۋەتلىك تەسەۋۋۇر فېستىۋالى»نى كۆرگىلى كەلگەنلىكىڭلارنى قارشى ئالىمەن. بۇ گۈزەل ئاخشامنى قازاقىستاندىن تەكلىپ قىلىنغان خەلق سەنئەتكارلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىزدىن ھاياجانغا چۆمۈۋاتىمەن. كونسېرت جەريانىدا ئاپپاراتلىرىڭلارنى ياندۇرۇپ، سەنئەتكارلىرىمىزنى ئاۋارە قىلماسلىقىڭلارنى ئۆتۈنىمەن. يەنە يانفونلارنىمۇ ئېتىۋەتسەڭلار» دېدى.

دوستۇم ماڭا:

— بۇ كىشى «مەدەنىيەت مەركىزى»نىڭ دىرېكتورى بولىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى.

ئويۇن باشلاندى. تۆت كىشىلىك بۇ كىچىك ئانسامبىل قازاق خەلق ناخشىلىرى ۋە قازاق دەرۋىشلىرىنىڭ ئۆلەڭلىرىدىن بىر سائەتكە يېقىن نومۇرلارنى كۆرسەتتى.

يۇرتۇمنى بەك سېغىنغانلىقىمدىنمۇ ياكى پارىژ سەھنىسىدە ئۆز تىلىدا ئويۇن قويۇۋاتقان قازاق سەنئەت-

**ئىجادىيەت مەركىزىمىز ئۇيۇشتۇرغان**



## چەت ئەل نەزەرىدىكى بىز



كارلارنىڭ تەلىيىدىن شادلانغىنىمدىنمۇ، ھاياجاندا چاۋاكنى تولا چېلىپ قوللىرىمنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى سەزمەي قاپتىمەن.

ئويۇن ئاخىرلاشتى. خۇددى يېقىن كىشىلىرىمدىن ئايرىلىدىغاندەك كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئەمما، تۇيۇقسىزلا بىر ئۈمىد، بىر ئىشەنچ ئوتى قەلبىمدە يېلىنجىماقتا ئىدى.

پارىژغا كېلىپ يېرىم يىلدىن كېيىنكى بىر قېتىملىق «ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش» دەرسىدە ئۆزۈم ھەققىدە 45 مىنۇت سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، شۇ قېتىملىق دەرستىن كېيىن «بۇ تۇنجى قېتىملىقى، لېكىن ئاخىرقى قېتىملىقى ئەمەس!» دەپ ئۆزۈمگە ئەھدە قىلغانىدىم. «ئىككىنچى قېتىملىقى! ئىككىنچى قېتىملىقىنى باشلايمەن! ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنى پارىژغا ئېلىپ كېلىمەن! كۆردۈڭلارمۇ بىزنى، كۆردۈڭلارمۇ بىزنىڭ سەنئىتىمىزنى، دەيمەن، خەپ! ئاشۇ ئاقباش دىرېكتورنى چوقۇم تاپىمسام!...»

مەن بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتتىم. بايىلا يىراقتىن ۋىلىلدىغان ئۇچقۇن ئەمدى ئىچ ـ باغرىمنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى...

بۇ — 2004 ـ يىلى مارت ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئاخشاملىرىنىڭ بىرى ئىدى. كېچىلىك ئۆتۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىدا چۈشلۈك تاماقتا ئىدىم. خۇددى چۈشۈمگە خىزىر كىرگەندەك، ھېلىقى ئاق چاچ، ئاق ساقاللىق دىرېكتور ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى. «ۋاھ، ئەڭ ياخشى پۇرسەت!» دېدىم مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن شادلىنىپ. مەن تاماقنى يەپ بولغۇچە ئۇ كىشىدىن كۆزۈمنى

پەقەتلا ئۆزمىدىم. ئۇنىڭغا قانداق ئېغىز ئېچىش توغرىسىدا ئويلىنىۋالدىم. ئىچىمدە نۇرغۇن جۈملىلەرنى تۈزۈپ، پىچىرلاپ مەشىق قىلدىم. ئۇ تامىقىنى يەپ بولۇپ سىرتقا ماڭدى. شۇ چاغدا مەن ئاجايىپ بىر جاسارەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردۈم:

— ئەپەندىم!

ئاۋازىم تولىمۇ جاراڭلىق چىقىپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، سىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى، — دېدىم ـ دە، يەنە ئارقىدىنلا كاللامغا كەلگەن: «ئۇ كىشى، كەچۈرۈڭ قىزچاق، ئىشىم ئالدىراش ئىدى، دەپ قالارمۇ» دېگەن ئەندىشىدە يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى.

— قېنى، قىزچاق، قۇلىقىم سىزدە، — دېگەن مۇلايىم بىر ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى. ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، سۆزۈمنى ئەستايىدىل تىڭشاشقا تەييارلاندى. مەن گەپنى ئۇدۇللا باشلىدىم:

— بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى قازاقىستان سەنئەتكارلىرىنىڭ ئويۇنىنى «مەدەنىيەت مەركىزى»دە كۆرۈپ بەك ھاياجانلاندىم. سىز بىلەمسىز؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىسىمۇ بەك گۈزەل، ئېسىل. ئەگەر ئۇلار كەلگەن بولسا فېستىۋالىڭىز تېخىمۇ قايناپ كېتەر ئىكەن!

— سىز ئۇيغۇرمۇ؟ — دەرھال سورىدى ئۇ.

— ھەئە!

ئۇ قولۇمنى قىزغىنلىق بىلەن قايتىدىن سىقىپ، ھۆرمەت نەزىرىدە ماڭا تىكىلدى. مەن فرانسىيىگە كەلگەندىن بۇيان ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرگىنىمدە، ئۇيغۇرنى ئاڭلىغان، بىلىدىغان، شۇنداقلا شۇنچە ھۆرمەت بىلدۈرگەن تۇنجى كىشىنى كۆرۈۋاتاتتىم. «ئۇنچىۋالىمۇ ناتونۇش ئەمەس ئىكەنمىزغۇ، نېمىدېگەن گۈزەل مىنۇتلار ـ ھە!» يۈرىكىم شۇنچىلىك خاتىرجەم سوقۇشقا باشلىدى، ۋۇجۇدۇم «ۋىللىدە» ئىسسىپ قالدى.

— مەركىزىمىزگە ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارلىرى كېلىپ باقمىغان، — دېدى ئۇ ئەپسۇسلانغان تەلەپپۇزدا.

— ئەگەر مەن شۇنداق ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارلىرىنى تونۇشتۇرسامچۇ؟ ئۇلارنى پارىژغا ئەكېلەلەمدىم؟

ئۇ كۈلۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا:

— ئەگەر سىز شۇنداق قىلالىسىڭىز، شۇنداق ئېسىل ئۈچۈر، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىيەلىسىڭىز، ئەلۋەتتە ئەكېلەلەيمىز، — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن.

— رەھمەت سىزگە، مەن بۇ ئىشنى قىلىمەن، قىلالايمەن!

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ تېلېفون بوتكىسىغا مېڭىپ ئەمەس، «ئۇچۇپ» كەلدىم:

— ئاپا، ئاپا! فرانسىيە دۆلەتلىك «مەدەنىيەت مەركىزى»نىڭ دىرېكتورى بىلەن ھازىرلا سۆزلەشتىم... خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئەلنەغمىچىلەردىن، ھېچقانداق تاشقى سەنئەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، خەلق سەنئەتكارلىرىدىن پارىژغا چاقىرتىدىغان بولدۇم. سىڭىلچە، ئەڭ مۇۋاپىق نامزات قەيەردىدۇ؟ كىمدۇ؟ ئاپا، سىستېمىلىق تەربىيە ئالغان سەنئەتكارلار ئەمەس، ساپ خەلق سەنئەتكارلىرىدىن جۇمۇ! ئىسىت، داۋۇتجان ناسىر ھايات بولغان بولسا ـ ھە، ئاپا، ئاشۇنداق خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۈچۈرىنى ئالالىساڭ، ماڭا بىر سىنئالغۇ لېنتىسىنى ئەۋەتىپ بەرگىن. ئاپا، بۇ بەلكىم ئۇيغۇر مىراس سەنئىتىنى فرانسىيىگە، دۇنياغا تونۇتۇشتىكى تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت بولۇپ قالار. ئاپا، تېز بول، مەن كۈتىمەن!...

گەپنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تۆكۈپ «ئۇھ!» دېدىم. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاپام مەن ئۈچۈن مەكىت «دولان مۇقام»چىلىرىنىڭ شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا قويغان بىر يېرىم سائەتلىك ئويۇنى ئېلىنغان VCD پلاستىنكىسىنى ئىنتېرنېتقا چىقاردى. مەن بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىدە ئۇنى ئىنتېرنېتتىن چۈشۈرۈپ، ئاۋايلاپ سومكامغا سالدىم ـ دە، ھاياجان ئىلكىدە «مەدەنىيەت مەركىزى»گە ئېلىپ كەلدىم. لېكىن...

مەن ئۇنى PC دا كۆچۈرگەنىدىم، «مەدەنىيەت مەركىزى» MACئىشلىتىدىكەن. بارلىق كومپيۇتېرلىرىدا سىناپ باققان بولساقمۇ ئۇنۇمى بولمىدى.

مەن تەمتىرەپلا قالدىم. ۋاقىتنى ئالتۇندىن بەك قەدىرلەيدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ «بولدى! ۋاقتىمىزنى زايە قىلدىڭ!» دەپ رەنجىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم.

— سىستېما توغرا كەلمەي قالدى، كەچۈرۈڭ، ماڭا يەنە بىر پۇرسەت بەرسىڭىز، vidio لېنتا قىلدۇرۇپ 10 كۈندە قولىڭىزغا يەتكۈزسەم، — دەپ ئۆتۈندۈم دىرېكتوردىن. ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن:

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىز ئېيتقىنىڭىزدەك قىلالايسىز. ماتېرىيالنى تەييارلاپ كېلىڭ، قاچان چەكسىڭىز ئىشىكىمىز سىز ئۈچۈن ئوچۇق، — دېدى.

ئۇنىڭ ۋەدىسىدىن قەلبىم يېڭىۋاشتىن ئۈمىدۋارلىققا چۆمدى. مەن يەنە تېلېفون بوتكىسىغا يۈگۈردۈم:

— ئاپا، ئاپا! سەن ماڭا ئەمدى...

— خاتىرجەم بولۇڭ، قىزىم! — ئاپاممۇ ۋەدە بەردى.

پوچتىغا تەلمۈرۈپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. ئاخىر تېز پوچتا يوللانمىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم. تەقەززالىق بىلەن ئېچىپ، ئاپام يوللىغان «دولان مۇقامى» Vidio لېنتىسىنى كۆرگىنىمدە، ئۇنى بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ

نەچچىنى چۈرگىلىۋەتتىم ۋە شۇ كۈنىلا «مەدەنىيەت مەركىزى»گە قاراپ چاپتىم.

دىرېكتورنىڭ ئىشىكىنى بۇ قېتىم ئېخىمۇ دادىل چەكتىم.

ـــ كىرىڭ!

قولۇمدىكى لېنتىنى كۆرۈپ دىرېكتور ئورنىدىن دەرھال تۇردى ـ دە ، سىنقويغۇنى ئېچىپ لېنتىنى سالدى . ئارىدىن بىر مىنۇتمۇ ئۆتمىدى ، ئۇ جىددىي ھالدا ھەممە ئىشخانىلارغا تېلېفون بېرىپ خىزمەتچىلەرنى چاقىردى . يەنە يېرىم مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەي زالغا يىغىلدى ، دائىم تىپتىنچ تەرتىپتە تۇرىدىغان زالدا ئۇ:

ـــ بولۇڭلار ، تېز بولۇڭلار! ئاجايىپ بىر مۇزىكا ، ئاجايىپ بىر ئەلنەغمىچىلەر ، بولۇڭلار! ـــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى . ئادەتتە ناھايىتى پەس ئاۋازدا سىلىق سۆز قىلىدىغان بۇ دىرېكتور خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇ زالدىن يەنە تېز قايتىپ كىرىپ ، مۇرىلىرىمدىن چىڭ قۇچاقلىغانچە:

ـــ دەل ئۆزىنى تېپىپسىز قىزچاق ، بىزگە دەل مۇشۇنداق ساپ سەنئەت ، سەنئەتكارلار كېرەك، ـــ دېدى . ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاخىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى ، بۇ چاغدا كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ھاياجانلىق ياش تامچىلىرى قوشۇلۇپ ، مەڭزىمدىن ئېرىق بولۇپ ئېقىشقا باشلىغانىدى...

ـــ بۇلار چوقۇم پارىژغا كېلىشى كېرەك!

ـــ بۇلارنى چوقۇم چاقىرتىمىز ، ئېسىل سەنئەت ، ئېسىل سەنئەتكارلار...

ئىشخانىلاردىن يىغىلىشىپ چىققان ۋە چىقىۋاتقانلار دىرېكتور ئىشخانىسىغا پاتماي قالدى . ئۇلارنىڭ گاھ بىرلىرى مېنى قۇچاقلاپ تەبرىكلىسە ، گاھ بىرلىرى قولۇمنى سىقىپ تەبرىكلىشەتتى . يەنە بىرلىرى بولسا باشمالتىقىنى ئېگىز چىقىرىپ ماڭا مەدەت بېرىشەتتى . سوئاللارغا كۆمۈلۈپ كەتتىم...

ـــ بۇ سەنئەتكارلارنى 9 ـ نۆۋەتلىك «تەسەۋۋۇر فېستىۋالى» مىزغا ئەكېلىشكە ھەممىمىز بىرلىكتە تىرىشايلى ، سىز ئۇلارنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئادرېسىنى بىزگە تېز يەتكۈزۈڭ! بىز دەرھال تەكلىپنامە ئەۋەتىمىز ، ئۇلارنى ئەكەلمىسەك بولمايدۇ! ـــ دېدى دىرېكتور ماڭا قايتا ـ قايتا جېكىپ.

ـــ رەھمەت سىزگە ، مەن ھەرقانداق بەدەل تۆلەپ ، بۇ سەنئەتكارلارنى پارىژغا كەلتۈرىمەن ، شېرىن ئەپەندى.

ـــ شېرىن دەۋېرىڭ ، بىز ئەمدى ھەمكارلاشقۇچىلارغا ئايلاندۇق، ـــ دېدى ئۇ رەھمىتىمگە جاۋابەن.

«مەدەنىيەت مەركىزى»دىن چىققاندا ، خۇددى بىراقلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك ئېغىر بىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم . ئادىتىم بويىچە تېلېفوندا ئاپامغا تونجى غەلىبەمدىن دوكلات بەردىم ، يەنە يېڭى ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇۋەتتىم (چۈنكى مەن دولان مۇقامچىلىرى توغرۇلۇق مول ماتېرىيالغا موھتاج ئىدىم).

مېتروغا ئولتۇرۇپ ياتىقىمغا قايتىپ كېتىۋاتقىنىمدا ، خېلى كۈنلەردىن بۇيانقى ئەندىشە ، غەملىرىم خىيالىمدىن كۆتۈرۈلگەنىدى . بىر چاغدا مەڭزىمدە كۈلكە جىلۋە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم ـ دە ، دەرھال ئەتراپىمغا قارىدىم ، ھەممە ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى . مېنىڭلا قەلبىم دولقۇنلاۋاتاتتى . «ئۇلار پات ئارىدا بۇ يەردە ، دەل قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكى ـــ پارىژدا ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ جاراڭلايدىغانلىقىنى بىلمەيۋاتىدۇ ـ دە ، ھازىرچە بوپتۇ ، سىلەر بەرىبىر كۆرىسىلەر ، ئاڭلايسىلەر ، مەندەك ھاياجانلىنىسىلەر...»

مېترودىن چۈشۈپ ياتاققا يۈگۈردۈم ، خۇددى خۇش خەۋەرنى بەش مىنۇت ئىچىدە بىرەرسىگە بىرىنچى بولۇپ ئېيتىۋالمىسام باشقا بىرسى تارتىۋالىدىغاندەك ، ئىشىكنى ئاچتىم ـ دە ، يۈرتدىشىمغا ئاغزى ـ ئاغزىمغا تەگمەي سۆزلىۋەتتىم . ئەمما... ھەيراتتا قېتىپلا قالدىم . سادا يوق ئىدى . مەن ئۇنىڭ: «تولىمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ ، مەنمۇ ياردەم قىلاي ، تەڭ قىلايلى» دېيىشىنى كۈتۈپ ئاغزىغا قارىدىم.

ـــ مۇمكىن ئەمەس ، ئۇلارنى ئەكېلەلمەيسىز! ـــ بۇ سوغۇق پوزىتسىيە بەك تاسادىپىي بولدى . ئۈمىدسىزلىك بىر مىنۇتقا يېقىن قەلبىمنى مۇجۇۋەتتى ، شەيتان قانلىرىمدا سەكرەپ ـ سەكرەپ:

ـــ ئەكېلەلمەيسەن ، قىلالمايسەن ، پارىژدا ئۇيغۇر دولان مۇقامىنى ياڭرىتالمايسەن... ـــ دەپ شادلانغىلى تۇردى . ئەمما ، مېنىڭ كىچىكىمدىن باشلاپ بەزى قىيىنراق ئىشلارغىمۇ تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ قويىدىغان خاراكتېرىم قانلىرىمنى ئۆز قىنىغا قايتۇرۇپ كەلدى . ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ «خەپ!» دېدىم . جاۋابىم پەقەت شۇ بولدى ، ئەمما ئىشلىرىمغا ئىلگىرىكىدىنمۇ زور قىزغىنلىق ، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن باش چۆكۈردۈم.

ئالدى بىلەن «مەدەنىيەت مەركىزى»نىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ماتېرىيال ئىزدەشكە كىرىشتىم . ئاپام ئارقىلىق (دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشىم ئاپام ، ئۇ مېنىڭ بۇ پىلانىمنى ئورۇندىشىمغا نۇرغۇن ۋاقىت ، كۈچ ، ئەقىل چىقاردى . ئاپامنىڭ ياردىمىسىز بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئاپا! ساڭا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت!) دولان مۇقامچىلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ،

www.uyghurkitap.com



تەرجىمھالى ، سۈرەتلىك ماتېرىياللىرىنى تاپتىم . ئاندىن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ «مەدەنىيەت مەركىزى»گە ئاپاردىم . تىزىملىكتىكى سەككىز كىشىلىك «دولان مۇقامى گۇرۇپپىسى» دېھقان سەنئەتكارلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ چوڭى 73 ياشتا ، كىچىكى 34 ياشتا ئىدى . بۇ گۇرۇپپا ئىلگىرى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «خەلق سەنئىتى» مۇسابىقىسىدە 1 ـ لىككە ئېرىشكەنىكەن.

ئەمدى ئۇلارغا چاقىرىقنامە ئەۋەتىش كېرەك . ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ فرانسىيىگە كېلىشتىن بۇرۇنقى رەسمىيەتلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان بىر تەشكىل بولۇشى كېرەك ئىدى . بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى قايسى ئورۇنغا تاپشۇرسام بولار؟... شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن ئالاقىلىشايمۇ ياكى بىۋاستە مەكتەپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنى ئىزدەيمۇ؟

ئاخىرىدا ئانا مەكتىپىم ـــ شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنى تاللىدىم ھەمدە رازاق نۇر قاتارلىق ئىككى رەھبەرنى سەنئەتكارلار بىلەن فرانسىيىگە بىللە كېلىشكە تەكلىپ قىلىش پىلانىمنى «مەدەنىيەت مەركىزى»گە سۇندۇم.

ـــ بولىدۇ! ـــ دېدى ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل خارۋاد خانىم، ـــ ئاشۇ سەنئەتكارلارلا كېلىدىغان بولسا ، يەنە قانچىلىك ئادەمنى قوشساڭمۇ بولىدۇ . بىراق شەرت شۇكى ، بىز دەسلەپتە كۆرگەن vidio لېنتىسىدىكى سەككىز سەنئەتكارنىڭ بىرىنىڭمۇ ئالماشتۇرۇلۇشىنى (ئالاھىدە ئەھۋال يۈز بەرمىسە) ، ھەتتا كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭمۇ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى خالىمايمىز . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي ، ئەمما تەبىئىي كىيىملىرى ئورنىغا ئاجايىپ ، پارقىراق سەھنە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ يۈرمىسۇن ، تېلېفوندا بۇنى ئالاھىدە جېكىلىگىن!

خارۋاد خانىم يەنە:

ـــ بۇ كىشىلەرنىڭ يانتاق يېزىسىدىن چىقىپ ، يانتاق يېزىسىغا قايتقۇچە بولغان بارلىق چىقىمىنى ، يەنە رەھبەرلەرنىڭ چىقىمىنىمۇ بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز . سەنئەتكارلارنىڭ ھەربىر مەيدان ئويۇنى ئۈچۈن ئايرىم ھەق بېرىمىز... ـــ دېدى.

مەن ئۇنىڭغا رازاق نۇر ئەپەندىنىڭ ئالاقىلىشىش ئادرېسىنى بەردىم . ئۇلارنىڭ تەلەپ ـ تەكلىپلىرىنى رازاق ئەپەندىگە ئۇقتۇردۇم . يانتاق يېزىسىدىكى سەنئەتكارلار بىلەن سەنئەت ئىنستىتۇتى ، سەنئەت ئىنستىتۇتى بىلەن فرانسىيە دۆلەتلىك «مەدەنىيەت مەركىزى» ئوتتۇرىسىدا دەسلەپكى ئالاقىنى ئەنە شۇنداق باغلىدىم (بۇ يەردە «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى»دىكى رازاق ئەپەندىگە ۋە ئىنستىتۇت تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدىكى جەمىلە خانىمغا رەھمەت ئېيتىمەن!).

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم «مەدەنىيەت مەركىزى»گە بېرىپ تۇردۇم . تېلېفون بېرىش ، كۆرۈلگەن مەسىلە ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ، ئىككى تەرەپكە ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈش ، ئەۋەتىلىدىغان تەكلىپنامىلەرنى تۈزۈش ، كۆزدىن كەچۈرۈشكە ، ئىسىم ـ فامىلىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولۇش ، ساناقسىز تېلېفونلارنى بېرىش ، فاكس قوبۇل قىلىش ۋە يوللاش... دېگەندەك خىزمەتلەر مېنىڭ ئەڭ ھۇزۇرلۇق مەشغۇلاتىمغا ئايلاندى.

بىر قېتىم خارۋاد خانىم:

ـــ مەن ئۆمرۈمدە بىر گۇرۇپپا ئۈچۈن مۇنداق قايتا ـ قايتا تەكلىپنامە ئەۋەتىپ باقمىغان ، ئەمما سېنىڭ يۇرتداشلىرىڭ ، ئاشۇ سەنئەتكارلىرىڭ ئۈچۈن مىڭ قېتىم تەكلىپنامە ئەۋەتىشكىمۇ رازى، ـــ دېدى چاقچاق قىلىپ.

ئۇ گەرچە بۇ سۆزنى چاقچاق قىلغاندەك ئېيتقان بولسىمۇ ، ئەمما ھەر قېتىم بۇ ئىشتا كىچىككىنە بىر توسالغۇ كۆرۈلسە «مەدەنىيەت مەركىزى»دىكى ھەر بىر خادىم ئەنسىرەيتتى . ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپكە تېلېفون بېرىشىپ ، ئامال ـ چارە ئىزدەشكە باشلايتتى . ھەممە رەسمىيەتنى ناھايىتى ئەستايىدىل تەييارلاپ ، بىرەر ھالقىدىمۇ مەسىلە چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشاتتى . ھەر قېتىم رازاق ئەپەندىمدىن: «مۇنۇ رەسمىيەتىمىز پۈتتى!» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ، ھەممىمىز شادلىققا چۆمەتتۇق . بۇ جەرياندا مەن «مەدەنىيەت مەركىزى»دىكىلەردىن: «ساڭا ئېھتىياجىمىز بار ئىدى ، كېلەلەمسەن؟» دەپ تېلېفون كېلىشى بىلەنلا ھەممە ئىشىمنى ، ھەتتا دەرسلىرىمنى تاشلاپ ، ئۇ يەرگە يۈگۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتتىم.

دېھقان سەنئەتكارلىرىمىزغا پاسپورت بېجىرىش ئىشى سەل سوزۇلدى . مەن كۈندە دېگۈدەك خۇش خەۋەر كۈتتۈم ، تاقىتىم قالمىغاندا تېلېفون بەردىم:

ـــ رازاق ئەپەندىمۇ؟ پاسپورتلار تەييار بولدىمۇ؟

ـــ ياق ، ئاز قالدى.

ئەتراپىمدا جاۋابقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان «مەدەنىيەت مەركىزى»نىڭ خىزمەتچىلىرى تىلىمنى چۈشەنمىگەچكە ، كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىشىپ چىراي ئىپادەمگە سەپسېلىپ تۇرۇۋالاتتى . بولۇپمۇ خارۋاد خانىم قۇلاقلىرىنىمۇ دىڭ تۇتۇپ ، خۇددى ئۇيغۇرچىنى چۈشىنىدىغاندەك تېلېفونغا يېقىن كېلىۋالاتتى...

چىرايىم سەل تۇتۇلسىلا ئۇلار ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى سورىمايلا: «ئۈمىدۋار بول ، ئۇلار چوقۇم كېلەلەيدۇ!»

دېيىشىپ تەسەللى بېرىشەتتى.

سوغۇق بىر كۈن ئىدى . ئاسماندىكى تۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان بۇلۇتلارغا قاراپ مەيۈسلىنىپ قالدىم ـ دە ، ياتاقتىن چىقماي كىتاب كۆردۈم ، تېلېفون جىرىڭلىدى:

ـــ ئاللۇ ، مۇقەددەس ، «مەدەنىيەت مەركىزى»مىزگە كېلىپ شىنجاڭغا يەنە تېلېفون بېرىپ كۆرسەك...

ـــ ماقۇل ، ھازىر بارىمەن.

سوغۇق غوللىرىمنى قورۇدى . توختىماي يېغىۋاتقان سىم ـ سىم يامغۇر جېنىمغا تەگدى . مەن خارۋاد خانىمنىڭ ئىشخانىسىنى بوش چەكتىم.

ـــ كىرىڭ!

ـــ ياخشى كەپسىز ، رازاق ئەپەندى بىلەن ئالاقىلاشقان بولسىڭىز.

مەن تېلېفون نومۇرىنى تېز ـ تېز باستىم ، يۈرىكىممۇ تېز ـ تېز سوقۇشقا ، ھەتتا دۈپۈلدىگەن ئاۋازى ئۆزۈمگە ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ـــ ھە ، مۇقەددەسما؟ پاسپورتلار تەييار بولدى.

تۇيۇقسىز بۇلۇتلار تاراپ ، قۇياش پارقىراپ كەتكەندەك ئەتراپىم يورۇپلا كەتتى . خارۋاد خانىم بىلەن چىڭ قۇچاقلىشىپ خۇش خەۋەرگە ئورتاقلاشتۇق.

«تەشۋىقات» تەييارلىق خىزمەتلىرىمىز ئىچىدە بىر مۇھىم نۇقتا بولدى . 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان «9 ـ نۆۋەتلىك تەسەۋۋۇر فېستىۋالى»نىڭ كۈنتەرتىپلىرى ، قاتنىشىدىغان گۇرۇپپىلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان كىتابچىلار بېسىلىپ ھەقسىز تارقىتىلدى ، ھەرقايىسى مۇزىكا ، مەدەنىيەت تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ، مەكتەپلەرگە ، مۇزىكىشۇناسلارغا تەكلىپنامىلەرنى ئەۋەتىش ، فېستىۋال ئېلانى چۈشۈرۈلگەن ئاتكىرىتكىلارنى بېسىپ بېلەت سېتىش ئورۇنلىرىغا ، مۇزىكا مەكتەپلىرىگە ۋە ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىنالىرىغا چاپلاش خىزمەتلىرى تاماملاندى . «شىنجاڭ دولان ئۇيغۇر مۇقامچىلىرى 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە ‹ دۇنيا مەدەنىيەتلىرى مەركىزى›دە ئويۇن قويىدۇ» دەپ يېزىلغان يوغان ـ يوغان ئېلان تاختىلىرى ، دولان مۇقامچىلىرىمىزنىڭ مۇزىكا چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ قىيامىغا يەتكەن كۆرۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلگەن رەسىملەر قەدىمكى ئىمارەتلەر بىلەن تولغان ، ئېسىل پىكاپلار غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كوچىلارغا ئېسىلدى.

ھەر كۈنى مەكتەپكە ماڭغىنىمدا ، مېترودا ئولتۇرغىنىمدا ، مېترودىن چۈشكىنىمدە ، «ئۇيغۇر دولان مۇقامى» ئېلان تاختىلىرىنى ساناپ ماڭىمەن ، پەقەت ئاشۇ تاختىلارغىلا قارايمەن ، كۈلىمەن ، سەكرەپ ـ سەكرەپ قويىمەن ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالىمەن.

«ئەي ئادەملەر! بۇ ئىشلارنى مەن تاپتىم ، بىلەمسىلەر!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىغۇم كېلىدۇ ، ئۆزۈمچە: «ئويان ئۆتۈپ ، بۇيان ئۆتۈپ ئالاي كۆڭلۈڭنى...» دەپ دولان مۇقامىنى غىڭشىيمەن.

مەن بەل باغلىغان بىر ئىشىمنى: ئۇيغۇر سەنئىتىنى ، يەنە كېلىپ دېھقان سەنئەتكارلارنى پارىژغا تەكلىپ قىلىپ ، پارىژلىقلارغا مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى تونۇتۇش ، خەلقىمىزنى تونۇتۇش پىلانىمنى ئورۇنداش ئالدىدا تۇراتتىم . بۇ كۆڭلەردىكى ھېسسىياتىمنى تىل بىلەن ئىپادىلىيەلمەي قالدىم . دەرسلىرىم تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ھەتتاكى ئاسان تۇيۇلۇشقا باشلىدى ، خاسىيەتلىك بۇ ئىشىمدىن تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتىم . «مانا ئۇيغۇرلارنى دۇنيا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان پارىژمۇ ، پارىژلىقلارمۇ تونۇپ قالىدىغان بولدى» دېگەن يېقىملىق تۇيغۇلارغا بېرىلگىنىمدە ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىپ كېتىدىغان بولدۇم.

* *

2005 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ھارپىسىدا زادىلا ئۇخلىيالمىدىم . ساراسىمىگە چۈشۈپ تاڭ سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم . چۈنكى ، مەن بىر يىل كۈتكەن قەدىردان كىشىلىرىم ، ئەتىۋارلىق دېھقان سەنئەتكارلىرىم بۈگۈن پارىژغا كېلىدۇ!...

مەن شارىل دېگول خەلقئارا ئايرودرومىغا سەنئەتكارلىرىمىز چۈشكەن ئايروپىلان قونۇشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن يېتىپ كەلدىم . توۋا! خىيال دېگەن ئاجايىپ پەرۋاز قىلىدىكەن ـ ھە! تۇيۇقسىزلا: «ئۇلار ئايروپىلاندىن چۈشمىسە قانداق قىلارمەن؟» دېگەن ئەندىشە مېنى ئازابلاشقا باشلىدى . ۋاقىت شۇنچە تېز ئۆتمەكتە ، تەقەززالىقىم چېكىگە يەتمەكتە ئىدى.

كۆزۈم بىردىنلا بادام دوپپا كىيگەن ، ئىچىگە ئاپئاق كۆڭلەك كىيىپ ، كۆلرەڭ چاپان ئۈستىدىن يېشىل يىپەك بەلۋاغ (پوتا) باغلىغان بىر كىشىگە چۈشتى.

ـــ كەلدى ، كەلدى! ـــ مەن ۋارقىراپ كەتتىم ، ئۇلارغا قاراپ غۇلاچلىرىمنى كەڭ ئېچىپ يۈگۈردۈم...

ئالدىمدا سەككىز سەنئەتكار بىلەن ئۈچ رەھبىرى خادىم تۇراتتى . مەن ئۇلارغا بىرمۇبىر سىنچىلاپ قاراپ چىقتىم ، مېنىڭ ئۇلاردىن سورايدىغان نۇرغۇن سوئاللىرىم بار ئىدى . ئۇلارنى چىڭ ـ چىڭ قۇچاقلاپ ، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن يۇرت پۇرىقىنى قانغۇچە سۈمۈرۈۋالغۇم كېلەتتى . يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ ئىككى يىل بولغاندا ،

ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمنى پارىژدا كۆرۈش مېنى بەختبۆشۈكىدە لەرزان تەۋرىتىشكە باشلىدى . سەنئەتكار دېھقانلار ئەتراپىمىكى ھەممە نەرسىگە قىزىقسىنىپ قارىشاتتى ، رازاق ئەپەندى:

— مانا بۇ قىز سىلەرنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلغان مۇقەددەس بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى.

ئۇلار گۆررىدە مېنى ئارىغا ئېلىۋالدى:

— ئاللا ، مۇشۇ قىز شۇما؟!

— كىچىكلا قىزكەنيا بۇ!

ئۇلار بىلەن باشقىدىن قىزغىن ـ قىزغىن سالاملىشىپ كەتتىم . ئۇلارنى ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتتىم . مېتروغا چىقىپمۇ قوللىرىمنىڭ ھاياجاندىن تىترەۋاتقانلىقىنى ، يۈرىكىمدىكى تاتلىق ئېغىشلارنىڭ تېخى توختىمىغانلىقىنى سەزدىم . «ئەمدى ئىڭشىپ ئەمەس ، ۋارقىراپ دولان مۇقامىنى ئېيتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدىم . مەن ئوقۇتقۇچىلىرىمغا ، دوستلىرىمغا دولان مۇقامچىلىرىنىڭ پارىژغا كېلىشىگە ياردەم قىلغان ، تەقەززا بولغان بارلىق پارىژلىقلارغا تېلېفون بېرىپ ، دولان مۇقامچىلىرىنىڭ پارىژدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردۇم . بۇ چاغدا ھەرقاچان تېلېفونىنى ئاۋايلاپ ئىشلىتىدىغان ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىم يادىمدىن تامامەن كۆتۈرۈلگەنىدى...

3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە سەنئەتكارلار چۈشكەن مېھمانخانىغا كەلدىم . بىرەر قۇر «هاي ـ هوي!»لاردىن كېيىن ، يىغىلىشىپ «مەدەنىيەت مەركىزى»گە كەلدۇق . يول بويى پارىژلىقلار بىزنىڭ بۇ ئالاھىدە تۈپىمىزغا: ئۈستىگە قارا ئۇزۇن چاپان ، بېشىغا قارا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن سىپتا ئۆرە تۇماق ، ئىنچىگە ئاپئاق كۆڭلەك كىيگەن بۇ مويسىپىتلارغا ، چىمەن دوپپىلىق نۇرباھار خانىمغا قاراپ كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى.

مەن سەپنىڭ ئالدىدا بېشىمنى تىك تۇتۇپ ، كۆكرىكىمنى مەغرۇر كېرىپ يول باشلاپ مېڭىۋەردىم...

«مەدەنىيەت مەركىزى»دىكىلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن ، ھەربىر سەنئەتكار ۋە رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلغاندا ، مېنىڭ ئىنچىكە تىللىرىم چىقىپ ، ھەر بىر سۆزنى چۈشۈرۈپ قويماي تولۇق تەرجىمە قىلىش مەسئۇلىيىتىدە بولدۇم . دىرېكتور خازنادار شېرىف ئەپەندى نۇرغۇن مۇخبىرلارنىڭ بىزنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ، بۈگۈن ئەتىگەندە رەپىتىس قىلىدىغانلىقىمىزنى ، ئاندىن كېيىن كوللېكتىپ رەسىمگە چۈشىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى . رەپىتىس زالىغا كىرىشىمىز بىلەنلا ، فرانسىيە دۆلەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيىسىنىڭ مۇخبىرى ، «دۇنيا» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى... دېگەندەك بىرمۇنچە ئاخبارات ئورۇندىكىلەر بىزنى ئورىۋېلىشتى . مەن ئاۋۋال «مەدەنىيەت مەركىزى» خىزمەتچىلىرىگە ، مۇخبىرلارغا دېھقان سەنئەتكارلار ئۆمىكى ئەزالىرىنى تونۇشتۇردۇم:

— ھۆسىيۈن يايا (توغرىسى ھۆسىيۈن يەھيا) باش نەغمىچى ، ھەسەن يايا غىجەكچى (توغرىسى ھەسەن يەھيا بۇ ئىككىيلەن قوشكېزەك) ، ئابدۇجېلىل روزى قالۇنچى ، ئەخەت توختى راۋابچى ، تۇردى سوپى ، مۇتەللىپ مۇھەممەت ، زۇنۇن ئىسلاملار نەغمىچى ، مانا بۇ چىرايلىق خانىم ئۇسسۇلچى نۇرباھار نادىر . بۇ كىشى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ شۇجىسى غوپۇر ئەپەندى ، بۇ مۇزىكا فاكۇلتېتى مەسئۇلى رازاق نۇر ئەپەندى ، بۇ كىشى مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۇ جى ئەپەندى.

مۇخبىرلارنىڭ ئاپپاراتلىرى چارسىلداپ ، ئۈنئالغۇلىرى ئايلىنىشقا باشلىدى . ئەمما ، ئۇلار تاقەت بىلەن بىرمۇ سوئال سورىمىدى . دولان مۇقامچىلىرى رەپىتىسنى باشلىدى.

مۇزىكىغا ئەگىشىپ بەدىنىمدىكى ھۈجەيرىلىرىم بىردىنلا ئويغىنىپ كەتكەندەك سىلكىنىپ كەتتىم . تۇرۇپ ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ مۇقام ئېيتقۇم ، تۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكۈم كېلەتتى ، تۇرۇپلا ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا تۇتاتتى . تاراملاپ كېتىشكە ئاران تۇرۇۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى «غۇرت ـ غۇرت» قىلىپ ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم . گەرچە بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم «دولان مۇقامچىلىرى» بىلەن شۇنچە يېقىن ئارىلىقتا ئۇچرىشىشىم بولسىمۇ ، بىر خىل يېقىملىق ، ناھايىتى تونۇش تۇيغۇ مېنى گاھ يۇرتىمىزنىڭ باغلىرىغا ، گاھ پايانسىز سىرلىق تەكلىماكان چۆللۈكلىرىگە باشلاپ بولغانىدى . شۇ پەيتتە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا مەشرەپ ئويناپ چوڭ بولغان بۇ كىشىلەر بىلەن تامامەن بىرلىشىپ كەتكەنىدىم . ئۇلارغا ئەگىشىپ مۇقام توۋلايتتىم ، ئۆزۈمچە مەنمۇ توغرا ، ئاھاڭدار ئېيتىۋاتاتتىم...

بىرىنچى مۇقام ئاياغلاشتى ، مەنمۇ خىياللىرىمدىن يېنىپ كەلدىم . ئەتراپىمدىكىلەرنىڭمۇ چېھرىدە مېنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەبەسسۇملارنى كۆرگىنىمدە ، تېخىمۇ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەشكە باشلىدىم . يېنىمدا ئولتۇرغان دىرېكتور ياردەمچىسى ماگا قاراپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ تۇرۇپ:

— فېستىۋالىمىزنىڭ ئەڭ ئېسىل ئويۇنى — مانا بۇ! — دېدى.

رەپىتىس ئاياغلاشتى ، مۇخبىرلار «گۆررىدە» ئولاشتى:

— سىلەرنىڭ دېھقان سەنئەتكار ئىكەنلىكىڭلارغا ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى ، بۇ راستمۇ؟

— بۇ سىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە چىقىشىڭلارمۇ؟ قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسىلەر؟

— «دولان مۇقامى» هازىرقى مودا زامانىنىڭ تەسىرىگە زادىلا ئۇچرىمىغانىكەن ، سىلەر «دولان مۇقام»ىڭلارنى بۇنداق ئورۇنداش ئەنئەنەڭلارنى قانداق ساقلىغان؟

— ياشلار قىزىقامدۇ؟

— شاگىرتلىرىڭلار بارمۇ؟ كۆپمۇ ـ ئازمۇ؟

— قانداق ۋاقىتتا ، قانداق سورۇندا بۇ مۇقاملار ئورۇندىلىدۇ؟

— تېكىستلىرىڭلارنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

مەن يەنە ئالدىراش بولۇپ كەتتىم . سوئاللار ، جاۋابلارنى بىرمۇبىر تەرجىمە قىلدىم...

«مەدەنىيەت مەركىزى»دىكى مۇزىكشۇناس ، هۆرمەتكە سازاۋەر پېئىر بوئا مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرى تۈگىگەندىن كېيىن ، هەيرانلىقتا تولغان كۆزلىرىنى دېهقان سەنئەتكارلارغا تىكىپ هاياجان بىلەن:

— مەن ئاجايىپ بىر سەنئەتنى كۆردۈم ، ئاجايىپ قىزىقتىم، — دېدى.

دولان مۇقامچىلىرىنىڭ پارىژدىكى ئىككىنچى كۈنى مانا مۇشۇنداق تۈگىمەس سوئال ، مەدهىيىلەر ئىچىدە ۋە ئاپپاراتلارنىڭ نۇرلىرى ، چاس ـ چۇسلىرى بىلەن ئاياغلاشتى.

30 ـ مارت كۈنى ، ئەتىگەن . مەن «دولان مۇقام»چىلىرىمىزنى باشلاپ پويىزغا چىقتىم . بىز پويىزدا فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى پارىژ شەهىرىدىن 350 كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى كىچىك ، پاكىز بىر شەهەرگە كەلدۇق . فرانسىيىدىكى تۇنجى مەيدان ئويۇن مۇشۇ ۋىتخې شەهىرىدە قويۇلۇشى كېرەك ئىدى . كوچىلار جىمجىت ، ئادەملەر ناهايىتى شالاڭ ، ئاپتوموبىللارمۇ ئاندا ـ ساندا ئۆتەتتى . مەن يەنە ئەندىشىگە چۈشتۈم . بىزنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كىشلەرنىڭ سانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، بۇ شەهەر ئادەمسىز شەهەردەكلا كۆرۈنەتتى ، ئويۇن كۆرگۈدەك ئادەم چىقارمۇ؟...

بىز ئۇدۇللا كونسېرت زالىغا باردۇق . زالنىڭ ئىشىك ئالدىغا ، كىرىش ئېغىزىغا «دولان مۇقام»ىنىڭ تەشۋىقات ۋاراقلىرى قويۇلغانىكەن.

چۈشتىن كېيىنكى رەپىتىس ناهايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى . ئازراق دەم ئېلىشتىن كېيىن ، كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە داخىل بولدۇق ، ئاندىن كەچتىكى ئويۇنغا تەييارلىق باشلىنىپ كەتتى . ۋاقىت توشۇشقا ئاز قالغاندا ، هەممە تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ زالغا كىرىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم . بايىلا تىمتاس تۇرغان شەهەر بىردىنلا قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى . زال لىق تولدى.

ئورۇنلىرىغا جايلىشىۋالغانلار دەرهال بۇ ئاخشاملىق كونسېرتنىڭ تەشۋىقات ۋارىقىنى كۆرۈشەتتى (مەن بۇنىڭغا ئالاهىدە دىققەت قىلىمەن ، ئەلۋەتتە . چۈنكى ، ئاشۇ ئېلان تەشۋىقات ۋەرەقىدا مېنىڭمۇ ئىسمىم بار ئىدى) . بەزىلىرى سەهنىگە قويۇلغان داپ ، دولان غىجىكى ، دولان راۋابى ، قالۇنلارنى ئىما قىلىشىپ ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى . مۇقامچىلار سەهنىگە قەدەم قويۇۋىدى ، پۈتۈن زال ئالقىش سادالىرىدىن تەۋرەپ كەتتى . مەن سەهنىنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتتۈۋېلىپ ، ئۇلارغا «دولان مۇقامىنىڭ سېهرىي كۈچىنى فرانسۇزلارغا بىر كۆرسىتىپ قويۇڭلار ، ئۇلارنى تاڭ قالدۇرۇۋېتىڭلار!» دەپ مەدەتكار بولدۇم.

قالۇنچى ئابدۇجېلىل ئاكا ئوڭ قولىغا زەخمەك ئېلىپ ، قالۇننىڭ سىمىنى ئالدىغا تارتىپ يېنىك ئۇرۇپ ، سول قولىدىكى گوشتاپ بىلەن سىمنى بېسىپ سىيرىۋىدى ، پارىژلىقلار هېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان سېهىرلىك بىر سادا سەهنىدىن گويا نۇرغا ئوخشاش چېچىلىپ ، هەربىر كىشىنىڭ مەيلىنى رام قىلىۋالدى . زال بىردىنلا بىرمۇ ئىنسان يوقتەك ، پەقەتلا پايانسىز تەكلىماكان قۇملۇقىغا باغرىنى يېقىپ تۆرەلگەن ، ئۈنگەن ، تومۇر ـ تومۇرلىرىغا سەنئەت هۆجەيرىلىرى تىنىپ كەتكەن ئابدۇجېلىل ئاكىلا باردەك بولۇپ قالدى . باش نەغمىچى هۆسۈيۈن يايانىڭ سەنئەت مۇهەببىتىگە تويۇنغان كۈچلۈك ئاۋازى ياڭرىدى:

مەن كېتەر بولدۇم يارىم،
ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.
مېهرىبان يار قالدى دەپ،
چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي.

ئۇنىڭ ئاۋازىغا كۆپچىلىك جور بولۇشتى . غىجەكنىڭ مۇڭى ، راۋابنىڭ ناهايىتى ئېنىق ئۇدارلىق ئاۋازى ، داپنىڭ رىتىمى كىشىلەرگە ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا باشلىدى ، بەش مىنۇتتىن كۆپرەك داۋاملاشقان «باش باياۋان» ئوقۇلۇپ بولدى . زالدىكى «ئۆزىنى ئۇنتۇغان» كىشىلەر بىرنەچچە سېكۇنتقىچە ئۆزىگە كېلەلمىگەندەك جىمىپ كەتتى . ئاندىن شۇنداق بىر شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك چاۋاك ـ ئالقىش كۆتۈرۈلدىكى ئەدەپ ـ قائىدىگە ئاممىۋى سورۇنلاردا هەممىدىن بەك دىققەت قىلىدىغان فرانسىيىلىكلەر چاۋاكقا قانائەت قىلماي « !BRAVO! BRAVO» (يارايسىلەر ، يارايسىلەر!) دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

ئالدىنقى تۆت مۇقام ئاخىرلاشقاندا ، نەغمىچىلەرنى ئارام ئالدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن «پوتا ئويۇنى» ئوينالدى . ئۇلاپلا ئاخىرقى مۇقاممۇ ئورۇندالدى . ئالقىشلارغا چۆمگەن مۇقامچىلار ، ئۇسسۇلچىلار بۇ قىزغىن كۆرۈرمەنلەرگە هۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام قايتۇردى . ئەمما ، تاماشىبىنلارنىڭ

uyghurkitap.com



ئالقىشى خۇددى دېڭىز تاشقىنىدەك ھەيۋەتلىك گۈرۈلدەپ تۇردى ، ۋارقىراشلار ئەۋجىگە چىقتى . شۇ تەرىقىدە بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى ، بولمىدى ، ئۇلار قايتىشنى ئويلاپمۇ قويمىغاندەك ، چاۋاكنى توختىتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ماڭا تاماشىبىنلار چاۋاك چېلىۋاتقان بولماستىن ، بەلكى «شۇنچە يىراق يۇرتتىن فرانسىيىگە كېلىپ ئېسىل سەنئىتىڭلاردىن بىزنى ھۇزۇرلاندۇرغانلىقىڭلاردىن ئۆزىمىزنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمىز ، سىلەرگە كۆپ رەھمەت! بۇ ئاخشام ئۇنتۇلمايدۇ» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى . مۇقامچىلىرىمىز سەھنىگە چىقتى ، چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلەن سالام قىلدى ، چاۋاك ، ئالقىش ، ياخشى تىلەكلەر ، ماختاشلار يەنىلا توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— يەنە ئاڭلايمىز ، نەغمە قىلىپ بەرسەڭلار ، دەپ ئۆتۈنۈۋاتىدۇ ، قانداق قىلىمىز؟ — دەپ يەتكۈزدۇم مەن ئۇلارغا.

— بولىدۇ، — مۇقامچىلار مەسلىھەتلەشتى، — ئۇششاق پەدىدىن بىرنەچچىنى چالايلى.

نۇرباھارنىڭ نەپىس قامىتى ئەڭ ئالدى بىلەن سەھنىدە كۆرۈنۈشى بىلەنلا تاماشىبىنلار چۇرقىرىشىپ كەتتى . يېقىملىق خەلق ئاھاڭلىرى ئۇلارنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى . ئۇلار خۇددى بۇ ناخشىلارنى چۈشىنىدىغاندەك رىتىملىق چاۋاك چېلىپ جور بولۇشتى...

ئويۇن ئاخىرلاشقىلى ئون مىنۇتچە بولغان بولسىمۇ ، نۇرغۇن كىشىلەر زالدىن چىقىشقا ئۇنىماي سەھنىگە قاراپ تۇرۇۋېلىشتى . بەلكىم ئۇلار ئۆزلىرى ئىزدەۋاتقان ياۋروپا ھەتتا دۇنيا مۇزىكىسىنىڭ يىلتىزىنى تۇيۇقسىزلا دولان مۇقاملىرىغا باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىپ قالغان تەتقىقاتچىلاردۇر (ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار دولان مۇقامىنى كۆرۈش ئۈچۈنلا مەخسۇس كەلگەنىدى) ، بەلكىم بىر سائەتتىن كۆپرەك داۋاملاشقان مۇقام ئاخىرىدا ياش مۇقامچىلىرىمىزنىڭ ئەدەپ بىلەن ياشانغان مۇقامچىلىرىمىزنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزغانلىقىنى (ئۇزۇن ۋاقىت بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغاندا ياشانغانلارنىڭ پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ قالىدۇ ، بىلىنى رۇسلىيالمايدۇ ـ دە!) ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگىنىدە ، ھەم سەنئەتنىڭ ، ھەم مېھرى ـ مۇھەببەت ، ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ قۇدرىتىدىن ئۇلارنىڭ قەلبى لەرزىگە كەلگەندۇر...

كىشىلەر ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قىيمىغان ھالدا بىر ـ بىرلەپ تارقىلىشقا باشلىدى . دادىلىراقلىرىدىن نەچچىسى سەھنىگە چىقىۋېلىپ ، ئاجايىپ ناخشىلارغا جور بولغان چالغۇلارغا قىزىقسىنىپ قوللىرىنى ئاستا تەگكۈزۈپ بېقىشتى ، ئارقىدىن توختىماي سۈرەتكە تارتتى . بەزىلىرى مەندىن:

— ئۇلارنىڭ كەسپى نېمە؟

— فرانسىيىدە قانچىلىك تۇرىدۇ ، قانچە مەيدان ئويۇن قويىدۇ ، ئويۇننى نەدە داۋاملاشتۇرىدۇ؟ — دەپ سوراشتى.

— بۇ ئاجايىپ چالغۇنى چېلىپ تۇرۇپ بەرسە ، بىر سۈرەتكە تارتىۋالسام بولامدۇ؟ — دەپ يالۋۇرۇپ ئىجازەت سورايتتى يەنە بەزىلىرى . يەنە بەزىلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالايىتەن سالام قىلىپ ، ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيتتى.



تۇنجى مەيدان ئويۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇلۇپ ، قىزغىن تەشەككۈرلەر ئىچىدە ئاخىرلاشتى . ۋىتخې مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ دىرېكتورى ھەر بىر سەنئەتكار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشتى ، ئەڭ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى تەبرىكلىدى.

ئەتىسى مەن ئۇلارنى باشلاپ ۋىتخېنى زىيارەت قىلدۇردۇم . نەچچە يۈز يىللىق تاش كوچىلار ئارانلا قالغان بولسىمۇ ، قايتا ـ قايتا رېمونت قىلىنىپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۆيلەر ، كۆركەم تاش فونتانلار ۋە 11 ـ ئەسىردىن بۇيانقى نۇرغۇن قانلىق جەڭلەرنىڭ شاھىدى ، نۇرغۇن شاھلارنىڭ ئوردىسى «ۋىتخې قەلئەسى» بۇ شەھەرنى فرانسىيە تارىخىنىڭ مۇھىم بىرقىسمى سۈپىتىدە نامايان قىلىپ تۇراتتى . ئېگىز ، تىك ئىمارەتلەر بولمىغان بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى ئۆز شەھىرىنىڭ قەدىمكى تارىخى ئىزنالىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ئەڭ مەغرۇر ھېسابلايتتى.

كوچىلاردا قىزغىن ۋىتخېلىكلەر پات ـ پات بىزنى ئورىۋېلىشاتتى ، رومانتىك ھېسسىياتلارغا باي بۇ كىشىلەر

ئاخشامقى بۈيۈك سەنئەتكە ئاپىرىن ئوقۇيتتى . بىر جۈپ ئەر ـ ئايال مۇقامچىلىرىمىزغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىپ ئۆتتى ، بىر توپ ئوقۇغۇچىلار: «قاراڭلار ، قاراڭلار! بۇلار ئاخشامقى سەنئەتكارلار ئەمەسمۇ؟» دېيىشىپ ، ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشتى... بىرنەچچە سائەتلىك زىيارەت جەريانىدا ، بىر كېچىدىلا بۇ شەھەرنىڭ چولپانلىرىغا ئايلىنىپ قالغان مۇقامچىلىرىمىز شەھەر ئاھالىسىدىن رازىمەنلىك ، تەبەسسۇم مۇكاپاتى ئالدى . پويىزغا چىقىپ پارىژغا يول ئالغىنىمىزدا ، بىرمۇنچە كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن توپلىشىپ: «سىلەرگە ئاق يول بولسۇن! ۋىتتېنغا يەنە كېلىڭلار!» دەپ ئىلتىجا قىلىشقانچە دوستانە قول پۇلاڭلىتىشىپ خوشلاشتى.

شۇ كۈنى پارىژدا يەنە بىر مەيدان ئويۇن قويۇلماقچى ئىدى . كەچتە بىز كونسېرت زالى ئالدىغا كەلگىنىمىزدە ، سىرتتا كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ زال ئىشىكىنىڭ



تېزرەك ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى . مەن توپلانغانلار ئارىسىدا ساۋاقداشلىرىمنى ، مۇزىكا ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىرمۇنچە نوپۇزلۇق پروفېسسورلارنى كۆردۈم . بۇنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى پارىژ «ئىنسان» مۇزېيىدىكى بىر قېتىملىق دەرستىن كېيىنكى سۆھبەتتە بۇ قېتىمقى فېستىۋال توغرۇلۇق ئالاھىدە توختالغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ 31 ـ مارتتىكى ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ كېچىلىكىگە ئالاھىدە قىزىقىۋاتقانلىقىنى ، چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن تەتقىقاتچى تىن كۈنخەي (موڭغۇلشۇناس) ، تىتوفلار تۇرۇپتۇ . مەن يەنە بىرنەچچە قەدەم ئالدىمغا مېڭىپ مېرىيام ئولسون (ئەرەبشۇناس) ، نىكولا (ھىندىشۇناس) دەك ئاتاقلىق مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ كۆردۈم . شۇنچە كۆپ ئاتاقلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «مەدەنىيەت مەركىزى»گە بۇنداق بىراقلا يىغىلىشى «9 ـ نۆۋەتلىك تەسەۋۋۇر فېستىۋالى» باشلانغان بىر ئايدىن بۇيان تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

زال بىردەمدىلا توشۇشقا باشلىدى . مەن سەل ئارقىدا كەلگەنلەرنىڭ ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن زالغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . مانا شۇ دەقىقىلەردىلا پارىژغا يېڭى كەلگەن كۈنلىرىمدە مەندىن كۆپ سورالغان ھەم كاللامغا ئورنىۋېلىپ ، مېنى ناھايىتى ئازابلىغان «ئۇيغۇر دېگەن قانداق مىللەت؟» (مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار مەندىن شۇنداق سوراشقانىدى) دېگەندەك سوئاللارنى كاللامدىن سىقىپ چىقىرىپ ، يىراقلارغا ئېتىۋەتتىم ـ دە ، بىردىنلا يېنىكلەپ قالدىم ھەمدە سەھنىنىڭ ئاستىدا ئالدىراش تەييارلىق قىلىۋاتقان دولان مۇقامچىلىرىمىزغا قوشۇلۇپ كەتتىم . ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردۈم ، نەرسىلىرىنى سۇنۇپ بەردىم ، نۇرباھار ھەدەمنىڭ چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈشكە يارەملىشىپ ، ئۇنى تازا چىرايلىق ياساندۇرۇۋەتتىم.

ئويۇن باشلاندى ، ئۇلاپ چېلىنىۋاتقان چاۋاكلار پوتا ئۇسسۇلى بىلەن قاتتىق كۈلكە سادالىرىغا يۇغۇرۇلدى . مۇقام ئەۋجى پارىژلىقلارنىڭ قايىللىق چاۋاكلىرىنى ئالتە مىنۇتقا سوزدى . مەن بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاۋاكنى ئۇرۇمچى كۇلۇبلىرىدا زادىلا كۆرمىگەن . ئەڭ ئۇزۇن ئالقىش سادالىرى ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋېنا يېڭى يىللىق مۇزىكا كېچىلىكىدە بولىدىكەن ، دەپ ئويلايتتىم . ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ، پارىژلىقلارمۇ خۇددى ۋىتتېنلىقلاردەك مۇزىكانت ـ نەغمىچىلەرنى تېخىمۇ يېقىن ئارىلىقتا كۆرۈش ، سۆرەتكە تارتىۋېلىش پۇرسىتىنى ئىزدەپ تۇرۇۋالدى . مۇقامچىلىرىمىز سىرتقا چىقىشى بىلەنلا نۇرغۇن ئادەملەر ئۇلارنى ئورىۋالدى ، ئاپپاراتلار يەنە چاراسلاشقا باشلىدى . بەزىلەر پۈتۈن دۇنياغا ئورتاق تىل بولغان باشمالتاق مەدھىيىسى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئىزھارلاشتى . بىرنەچچە خانىم نۇرباھار ھەدىنىڭ كۆڭلەكلىرىنى ھەۋەس بىلەن تۇتۇشۇپ: «ئۆزىڭىز بەك چىرايلىق ئىكەنسىز ، كۆڭلىكىڭىز ئاندىن چىرايلىق ئىكەن»

دېيىشىپ كەتتى.

سەھنىدىن چۈشۈپ مەنمۇ مېنى ساقلاۋاتقان ساۋاقداش ، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ قورشاۋىدا قالدىم .

— سېنى تەبرىكلەيمىز! ئاخىر ئارزۇيۇڭغا يەتتىڭ.

— يۇرتۇڭنىڭ مۇزىكىسى ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن!

ماختاشلاردىن كېيىن ئۇلارمۇ توختىماي سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى:

— ئۈچ چالغۇ ئەسۋابى ئۈچ خىل مېلودىيىنى مۇستەقىل ئورۇندامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇلار نېمىگە ئاساسەن بىرلىكنى تاپىدۇ؟

— ئۇسسۇلچىلارنىڭ دۈگىلەك دائىرە ھاسىل قىلىپ پىرقىرىشىدا بىرەر مەنە بارمۇ؟

— ئۇلار ئادەتتە قانداق ۋاقىتتا ، نېمىلەرنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيدۇ؟ بۇنىڭ قانۇنىيىتى قانداق؟

— داپنى پىرقىرىتىپ ئۇرىدىكەن ، بۇنىڭ باخشى ، پېرىخونلۇق بىلەن باغلىنىشى بارمۇ؟

— قامچا بىلەن بىر - بىرىنى ئۇرغانىنىڭ مەنىسى نېمە؟

— چالغان ئاھاڭلىرى مۇقىم ئاھاڭلارمۇ؟ ياكى چالغۇچىلار نەق مەيداندا ۋارىيانتلاشتۇرامدۇ؟...

ۋاي - ۋۇي! مەن جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرەلمەيلا قالدىم.

— ھەي ئىسىت! — دېيىشەتتى ئۇلارنىڭ بەزىلەرى، — ئەگەر ئۇيغۇرچە بىلگەن بولسام ، ئۆزلىرىدىن سورايدىغان نۇرغۇن سوئاللىرىم بار ئىدى.

— نېمىدېگەن ئۆزگىچە ، ئۇلارنىڭ مۇزىكىسىدا ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچ بار ئىكەن.

سوئاللار چوڭقۇرلاپ ، پىكىرلىشىشلەر بىلەن بىر سائەتچە تورۇشۇپ كېتىپتۇق . زال ئىگىلىرى «كەچۈرۈڭلار ، ئىشىكنى تاقايمىز» دېگەندىلا ، ھەممىمىز ئىلاجسىز تارقالدۇق.

پارىژدىكى بىرىنچى مەيدان ئويۇننىڭ غۇلغۇلىسى ، تەسىرى بىلەن 2 - ، 3 - مەيداننىڭ بېلىتى تېخىمۇ قىس بولۇپ كەتتى . نۇرغۇن كىشىلەر يېقىن كىشىلەرىنى ، ئۇستازلىرىنى باشلاپ كېلىپ قايتا كۆردى ، ھەتتا ئۇدا تۆت قېتىم كۆرگەنلەرمۇ كۆپ بولدى .

بىر دوستۇم ماڭا: «پارىژدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن سەنئەتكارلارنىڭ ئويۇنى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ . بىراق ، بۇنداق ئېسىل ئويۇن يىلدا بىرەر قېتىم قويۇلىدۇ . بۇنداق ئويۇندىن قانداقمۇ مەھرۇم قالالايمەن . ئۈچ مەيدان كۆرۈپ بولدۇم ، ئەمما بۇ سەنئەتتىن تولۇق ھۇزۇرلىنىشىمغا ئازلىق قىلىدۇ» دېدى.

3 - مەيدان ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىمىزنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق مىنىستىرى ۋاڭ ئەپەندى بىزنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى . بىز تەملىك چۈشلۈك تاماقتىن يېگىچە ماغدۇرغا تولۇپ ، 3 - مەيدان ئويۇننى قويۇشقا ماڭدۇق.

3 - مەيدان ئويۇندىن كېيىن ، «مەدەنىيەت مەركىزى»دىكىلەر دولان مۇقام چالغۇلىرىنى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ساقلاش ئۈچۈن سېتىۋېلىش ئويى بارلىقىنى بىلدۈردى . بۇ بۆلۈمگە مەسئۇل پېئىر بوئا بۇ چالغۇلارنىڭ دولان خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ فرانسىيىگە قىلغان سەپىرىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ياخشى ساقلىنىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى.

بىز كونسېرت زالىدىن چىقىپ بۇ نۆۋەتمۇ قورشاۋدا قالدۇق . بىر چاغدا 25 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت قىزارغان ھالدا يېنىمغا كەلدى - دە ، ئۆزىنىڭ بۇ ئويۇندىن بەك ھاياجانلانغانلىقى ، ئىلگىرى شىنجاڭغا بارغانلىقى ، شىنجاڭنى بەك ياقتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى . ئۇ يەنە ھەر خىل دوپپىلارنى يىغىپ ساقلاش ھەۋەسكارى بولۇپ ، شىنجاڭدىن نۇرغۇن چىرايلىق دوپپىلارنى ئەكەلگەنلىكىنى ، لېكىن دولان تۇمىقى يوقلۇقىنى ، ئەدەپسىزلىك بولمىسا ، مۇزىكانتلارنىڭ بىرەرسىنىڭ تۇمىقىنى سېتىۋېلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى . مەن غىجەكچى ھەسەن ئاكىغا بۇ گەپنى دېۋىدىم ، ئۇ خۇشاللىق بىلەن تۇمىقىنى سېتىپ بەردى.

ھەرقانداق بىر ئۆمەك ئىككى قېتىم ئويۇن قويۇش ئىجازىتى ئالالايدىغان فرانسىيىدە بىزنىڭ مۇقامچىلىرىمىز تۆت مەيدان ئويۇن قويدى . ئويۇندىن كېيىن مۇقامچىلىرىمىز ھېچ چارچىغاندەك ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، مەن ئۇلارنى باشلاپ پىلان بويىچە ھەشەمەتلىك لوۋر سارىيىنى ، ئېيفېل مۇنارىنى ، بۇۋىمەرىيەم چېركاۋىنى ، پارىژنىڭ 5 - رايونىدىكى ئاق ۋە كۆك مەرمەردىن سېلىنغان ئايرىم ئىبادەت ئۆيلىرى ، كۈتۈپخانىلىرى ، ھامماملىرى بار پارىژ چوڭ مەسچىتىنى زىيارەت قىلدۇردۇم . بىر ئەسىردىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بۇ مەسچىتنى ماراكەش شاھزادىسى مەبلەغ چىقىرىپ ، فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن سالدۇرغان . دولان مۇقامچىلىرىمىز بۇ يەردە ئۆيدىن ئايرىلغاندىن بۇيان ئۈزۈلۈپ قالغان دۇئا - تىلاۋەتلىرىنى قىلىشۋالدى.

مەسچىتتىن چىقىپ بوتانىكا باغچىسىغا كەلدۇق . باقمىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ

دېھقان سەنئەتكارلىرىمىز ھەر خىل ئۆسۈملۈك ، گۈل ـ گىيا ۋە ھايۋانلارغا بەك قىزىقتى . ئۇلار ماڭا: «بالام! بۇ- گۈن بىزنى ئەجەب ياخشى يەرلەرگە باشلاپ ئەكەلدىڭيا!...» دېيىشتى.

كەچتە «مەدەنىيەت مەركىزى»دىكىلەر بىلەن خوشلىشىش زىياپىتى ماراكەشلىكلەر ئاچقان رېستوراندا ماراكەشچە «كۇس ـ كۇس» ۋە باشقا تائاملار بىلەن باش- لاندى . زىياپەت ئارىلىقىدا «مەدەنىيەت مەركىزى»نىڭ دىرېكتورى شېرىف ئەپەندى سۆز ئالدى:

— قەدىرلىك مېھمانلار! سىلەر بىلەن تونۇشۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالىغىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن . سىلەرگە بۈگۈن بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي: بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئوماققىنە بىر قىز تاماقخانىدا مېنى توسۇۋېلىپ:

— مەن ئۇيغۇر قىزى ، فېستىۋالىڭلاردا ئۇيغۇر مۇزىكىسى كەم قاپتۇ ، بۇ قانداق بولغىنى ، شۇنداق ئې- سىل مۇزىكا پارىژدا كەم بولسا بولمايدۇ، — دېدى . مەن ئۇ قىزغا:

— ئىلگىرى ئۆزبېكىستاندىن ئۇيغۇر سەنئەتكارلى- رى كەلگەن، — دې- دىم.



— ياق! ياق! ھەقىقىي ئۇيغۇر مۇزىكىسى بىزنىڭ يۇرتتا . شۇ يەردىن كەلسە ھېساب، — دەپ چىڭ تۇردى قىزچاق.

دىرېكتور ئەپەن- دى ھېكايىسىنى ئا- شۇنداق باشلىدى ، ئۇ دولان خەلق سەن- ئەتكارلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ پارىژغا كېلىش سەۋەبى ، جەريانىنى تولۇق سۆزلىدى ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ: «... بۇ ئوماق قىزچاق كىم؟ دەپ سورايسىلەر ھەرقاچان ،ئۇ بۈگۈن مانا مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپتۇ . ئۇ — مۇقەددەس! ئۇنىڭ ئامانلىقىنى تىلەيمىز! — دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى.

مەن ئىسسىق كۆز ياشلىرىمنى تۇتۇپ قالالمىدىم ، ھەم خىجىللىق ، ھەم مەغرۇرلۇق مېنى بىراقلا چۇلغى- ۋالدى . بېشىمنى كۆتۈرۈپ ھۆسۈيۈن ئاكا ، ھەسەنكام- لارنىڭمۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ ، ماڭا قاراپ مىننەتدارلىق بىلەن باش لىڭشىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

زىياپەت ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى . دىرېكتور ئۇلارغا «9 ـ نۆۋەتلىك تەسەۋۋۇر فېستىۋالى»غا قاتناشقانلىق گۇ- ۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى . بىزمۇ ئۇلارغا «دولان مۇقامى»نىڭ نوتا ـ تېكىستلىرى رەتلەنگەن يۇرۇشلۇك كىتاب ۋە «12 مۇقام»نىڭ VCD پىلاستىنكىسىنى ، راۋاب قاتارلىق چالغۇلىرىمىزنىڭ مودېلىنى تەقدىم قىلدۇق.

«مەدەنىيەت مەركىزى»دىكى دانىيەل خانىم زىياپەت- تىن كېيىن ماڭا:

— بۇلار نېمىدېگەن يېقىشلىق ، سەمىمىي كى- شىلەر ، بىزدە كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك چىقىپ تۇر- دىغان بۇنداق كىشىلەر قالمىدى . ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى ، خاراكتېرى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى . دولان مۇقامچىلىرى بىلەن بىللە بولغاندا ، كىشى ئۆزىنى بەك راھەت ھېس قىلىدىكەن ، گەرچە بىر ـ بىرىمىزنىڭ تىلىنى ئۇقۇش- مىساقمۇ... — دېدى.

مەن ئوقۇۋاتقان «پارىژ 10 ـ ئۇنىۋېرسىتېتى» ئىنسان مۇزىكىشۇناسلىق كافېدراسىنىڭ مۇدىرى مىرىيەم ئول- سون كېچىلىك ئۆتۈپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مېنى چاقىرتىپ ، ئۆزىنىڭ «دولان مۇقامى» توغرى- سىدىكى تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بەردى . ئۇ يەنە: «دولان مۇقام» چىلىرى- نىڭ ئاۋازى نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۈچلۈك؟ ئۇلار- نىڭ ئۆزگىچە ئاۋاز تېخ- نىكىسى تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە . بۇنى چوڭقۇرلاپ قېزىش كې- رەك . داپ ئۇرۇشى مارا- كەش خەلق سەنئەتكار- لىرىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن ، بۇ نۇقتىدىمۇ قانداق باغلىنىش بارلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش كېرەك، — دېدى.

خارۋاد خانىم: «مۇقەددەس ، ھۆسۈيۈن يەھيادىن سوراپ باقسىڭىز ، ئۇلار نەغمە بىلەن كېسەل داۋالامدۇ» دەپ ھاۋالە قىلدى.

مەن بۇ سوئالنى ھۆسۈيۈن يەھيا ئاكىغا يەتكۈزگى- نىمدە ، ئۇ ناھايىتى تەبىئىي ، ئاددىي قىلىپ:

— بىز كېسەل داۋالىمايمىز ، ئەمما كىشىلەرگە شاد ـ خۇراملىق يەتكۈزىمىز ، غەملىك كىشىلەرنىڭ

كۆڭلىنى ئاچىمىز... ــ دەپ جاۋاب قايتۇردى.

* *

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر ، دەۋرداشلار! ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغىچە توغراق روھىدا ياشىغان ، سەنئەت سادالىرىنى دولان غىجىكىنىڭ سېھىرلىك قىل تارلىرى بىلەن بۈگۈنگىچە ئۇلىغان دولان مۇقامچىلىرىمىز خۇددى مۇقام سادالىرىدەكلا ئۇزۇن تارىخى بار كەتمەنلىرىنى ئېتىز بېشىغا قويۇپ ، مالۋارانلىرىنى قوتانغا سولاپ ، قوللىرىغا ئەتىۋارلىق دولان چالغۇلىرىنى ئېلىپ ، سەنئەت ئالىمىدەك كەڭرى باغرىغا دولان مۇقاملىرىنى تېڭىپ پارىژغا كەلدى . ئۇيغۇر دېھقان سەنئەتكارلىرى سالاھىيىتى بىلەن پارىژغا ئاجايىپ مەنىلىك ئىزلىرىنى تۇنجى بولۇپ باستى . پارىژلىقلارنىڭ قولاق تۈۋىدە ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزنىڭ مىراس مۇقامىنى جاراڭلاتتى ، پۈتكۈل پارىژدا ئۇيغۇر دېھقان سەنئەتكارلىرىنىڭ ئاجايىپ ئوبرازىنى كۆرسەتتى . ھەقىقەتەن تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىش بولدى ، بۇ ئىشنىڭ شاھىدى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەھۋالنى ئاددىي ، ئەينەن يېزىپ سىلەرگە تەقدىم قىلدىم . مەن بۇ ئاددىي يازمام ئارقىلىق يەنە سەنئەت تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۈچۈن چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى «دولان مۇقامى» ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزمەكچى بولدۇم . شۇڭا ، ئۇلار ھېس قىلغان نۇقتىلار بويىچە سورىغان سوئاللارنىمۇ ئەينەن يېزىپ قويدۇم . تەتقىقاتچىلىرىمىزغا ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

ئاخىرىدا يەنە شادلىق ئۈستىگە شادلىق يەتكۈزۈشنى لايىق تاپتىم . «دولان مۇقام» گۇرۇپپىسى پارىژغا كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، «مەدەنىيەت مەركىزى»نىڭ زالىدا نۆۋەتتىكى ئويۇن ئۈچۈن رەپتىس قىلىۋاتاتتى . بىرەيلەن مېنى سىرتقا چاقىردى . چىقسام ، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىمىزنىڭ راۋاب كەسپىدە ئوقۇپ ، ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىققان ئابدۇسەمى ئەپەندى ئىكەن . ئۇ «دولان مۇقام» گۇرۇپپىسىنىڭ پارىژغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ياپونىيە «2005 ـ يىللىق يىپەك يولى مۇزىكا فېستىۋالى» تەشكىلىي بۆلۈمىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن پارىژغا كەپتۇ . ئەمما ، «مەدەنىيەت مەركىزى» خادىملىرى ئۇنىڭ رەپتىس زالىغا كىرىشىنى رەت قىلغاچقا كىرەلمەپتۇ . ئۇ ماڭا: ياپونىيە «2005 ـ يىللىق يىپەك يولى مۇزىكا فېستىۋالى» تەشكىلىي بۆلۈمى «دولان مۇقامى» گۇرۇپپىسىنىڭ پارىژغا كېلىپ ئويۇن قويىدىغانلىقىنى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن ئوقۇپ ، بۇ گۇرۇپپىنى ئۆزلىرىنىڭ فېستىۋالىغا تەكلىپ قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ، شۇڭا ئۆزىنى مەخسۇس دېھقان سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ، ئېھتىياجى ، ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلىرىنى چۈشىنىش ، بىلىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى .

پەممىچە ، ئەستايىدىل ياپونىيىلىكلەر دولان مۇقامچىلىرىمىزنى تەكلىپ قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەلا مۇلازىملىق قىلىشنى تەڭلا باشلىۋەتكەندى.

ئابدۇسەمى ئەپەندى دىرېكتورنى تېپىپ ، پارىژغا كېلىش مەقسىتىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ، شېرىن ئەپەندى ناھايىتى خۇشال بولدى ھەمدە ئۇنىڭغا بىر بېلەت تەقدىم قىلىپ ، 2 ـ مەيدان ئويۇننى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى (مەن ياپونىيە «2005 ـ يىللىق يىپەك يولى فېستىۋالى»نىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۈرۈمچىدە 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا كۆرۈشتۈم . ئۇلار 11 ـ ئايدىكى بۇ فېستىۋالغا قاتنىشىدىغان «دولان مۇقام» سەنئەتكارلىرى گۇرۇپپىسىنى ، نومۇرلارنىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈپ بېكىتىپ بولدى).

يەنە بىر خۇش خەۋەر: ئاخىرقى رەپتىس ، ئويۇن بىلەن ئالدىراش ئىدىم . 2 ـ مەيدان ئويۇندىن كېيىن ، دولان مۇقامچىلىرىمىزنى زىيارەت قىلغان پارىژ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئايال مۇخبىرى مېنى ئىزدەپ كەلدى ھەمدە كانادالىق ۋاڭ ئەپەندىنى ماڭا تونۇشتۇردى . ۋاڭ ئەپەندى قىزغىن كۆرۈشۈپ ماڭا:

ــ مەن ئۈن ــ سىن نەشرىياتچىسى . «دولان مۇقامى» ئۆزگىچە سەنئەت ئىكەن . سىز ئۇلارنى كاناداغا ئېلىپ بارسىڭىز ، ئۇلارنى كانادالىقلارمۇ تونۇپ قالسا ، مەبلەغ بىزدىن بولىدۇ . سىز ھەمكارلىشالارسىزمۇ؟ ــ دېدى . ئۇ نام كارتىسىنى ماڭا بېرىپ ، بۇ ئىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمنى ئۆتۈندى.

مەن بەك خۇشال بولدۇم . نېمىشقا خۇشال بولماي؟ دېھقان سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ پارىژدىن باشلانغان تۇنجى قۇتلۇق سەپىرى دۇنياغا تۇتىشىپ كەتسە ، ئۇلارنىڭ مۇقام ساداسى دۇنيادا ئۈزۈلمەس سادالارنى ياڭراتسا ، بۇنىڭغا قايسىبىر ئۇيغۇر بالىسى خۇشال بولمىسۇن؟! مەن نېمىشقا كۈچ چىقىرالمىغۇدەكمەن ، مەن كۈچۈمنى ، بارلىقىمنى چىقىرىمەن ، بۇ يولدا قانچىلىك ماڭالىسام ، شۇنچىلىك مەنزىلگىچە ماڭىمەن!

2005 ـ يىل ، پارىژ ــ ئۈرۈمچى ــ بېيجىڭ.

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

# شېئىرلار

### شاھىپ ئابدۇسالام نۇربەگ

## تۇندىكى غېرىبلىق

تېنى كېزەر تېنىمنى كىشنەكتە يۈرەك
چىم
بىر ئۇلۇغ چۆچەكنى ئاڭلىماقتا جىم
ناتونۇش ئادەملەر يېمەكتە مېنى
ناتونۇش ئادەملەر يېمەكتە سېنى
كۆزلەردە

گۈلزىبا ئەۋرىشىم تېنىڭ ئىچىدە
قالدۇرغان ئىدىغۇ تېنىم ئەسلىمە
قەلبىڭنى
سۇلاپ قويۇپ قەلبىمگە
كەتمەكچى بولغانسەن قەيەرگە

يىراقلىغان سەن ئەمەس تېنىڭ
پاراقشىغان تەن ئەمەس مېھرىڭ
سۈمۈرمەكتە مېنى
سۈمۈرگىنىمدەك ھېلىلا سېنى
جىملىقىڭ

كېتۋال سىردىشىم بوپ قالسۇن ھەۋەس
تاشماقتا كېچەكىدىن كېچەمدىكى ئەس
گۈل
ئىشقىمنى ئاتىدىم ساڭا ھەر سەھەر
ئايرىلىش نىماندىق بوپ كەتتى خەتەر
سۆيمەكتە ئايالىم غېرىبلىقىمنى
تەنھالىق ئىچرە

## يالقۇنلىنىش

تېڭىرقاش ئىچرە
قۇراشتۇرۇپ ئۆزۈڭنى تەكرار
پارچىلانساڭ ئۆزۈڭگە يەنە
ئەسلىنەرسەن شائىر قەلبىدە

ئېيتىپ قالساڭ ناۋادا بىر كۈن
شاھىپ يوقاپ كەتكەندۇ نەگە
شاماللاردىن سوراپ ئىسمىمنى
ئادرېسىمنى بېرىدۇ جەزمەن
ئەڭ سەمىمىي دوستۇڭ رۇقىيە

بىر چاغلار
سىم ـ سىم يامغۇر كەبى ياشلىرىڭ
تۆكۈلىدۇ چوقۇم قەلبىمگە
تەلپۈنەرمۇ يەنە ئاشىقىڭ
كەتمەك بولۇپ كېتەلمەيمەن ئاھ
باغرىمدىكى ئايسىز ئايدىڭنى
تاشلىغانچە ھىجران چۆلىگە

## تەننامە

يېگانە تارمەن
ئىشقىڭ ئارا تۈندە كۈيلەنگەن

چېچەكلەردە روھىڭ جىلۋىسى
ئويغاتقۇچى دىللارنى كەزگەن
پەرۋازىڭدا شاھىپنىڭ قەلبى
ئېرىمەكتە خىيالىي كەبى

ئەڭ مۇكەممەل شېئىر سەن ، پەقەت
ئۇيۇپ قالغان مەڭگۈ تاشلاردا

سۈرگۈنگاھ ئىچرە
گۈلزارىڭغا تەلپۈنگەن قۇشمەن
زۇلمەت ئېرۇر قۇياشلىق تېڭىم
پارلىمىسا جامالىڭ روشەن

يىرتۇۋەتتى ماھىيىتىنى
تۇيغۇمدىكى رەڭدار كېپىنەك
ئاشۇ كۈنىنىڭ خاتىمە كۈنى

## كېچە

ئالبىرغا تەدلىد

كېچە
جىمجىت شۇ كېچە
تۈنۈمەكتە قەبرىستانلىقتا

يوللار
سىڭىپ كەتكەن باغرىغا تۈننىڭ
چېچىلىدۇ ئوتلار تىلسىمى
ئۆتمۈشۈمگە تۇتاشقان جايدا

چوڭقۇرلۇقۇم ھاكلاشقان دېڭىز
چېقىنىدايدۇ كېچىلەرنىڭ سۈزۈك قەلبىدە

سوئال دەرىخى
نۇرلانماقتا تۈننىڭ قوينىدا
بوشلۇقىدا مەرسىيەلەرنىڭ
تەنھالىقىم ئۆزۈمگە گۇۋاھ

كېچە
جىمجىت شۇ كېچە
زەن سېلىپ يۈرەكنىڭ پىچىرلىشىغا
شۇ قەدەر ئىچكىرىلەپ كىردىم ئۆزۈمگە

## ئىككى شېئىر

**قەيسەر تۇرسۇن**

### چىقتىم مەن كۆڭلۈمدە بىر شەھەر قۇرۇپ

چىقتىم مەن كۆڭلۈمدە بىر شەھەر قۇرۇپ ،
ئاسماندىن بىپايان ، ھاياتتىن گۈزەل .
زۇمرەتكە ئايلانغان سۆيگۈ كۆيلىرى
ئاھ ، ئۇنى شۇ قەدەر قىلدى مۇكەممەل .

سۈپسۈزۈك ئاسمىنى كېلەر لەرزىگە ،
مۇھەببەت قۇشلىرى قاققاندا قانات .
ئويلىدىم مەن ئۇنى چىرايلىق بېزەپ ،
تۇغۇلغان كۆڭۈلگە قىلىشنى سوۋغات .

ئېپ ماڭار سوۋغىنى گۈزەل بىر دېڭىز
ھەيۋەتلىك بىر دانە پاراخوت بىلەن .
ساقلىدىم ئالتە يىل ساندۇقتا سېلىپ ،
تۈيۈقسىز ۋاز كەچكەن خىيالىمنى مەن .

خىيالنىڭ نۇرانە سېھرىگە قاراپ ،
بىر مىسكىن تۈيغۇغا تولدى پاراخوت .
بىلىمەن ، مەن ساڭا ئەۋەتكەن شەھەر ،
ئاسمانغا ئىئانە قىلىنغان بۇلۇت .

بىراق ئۇ ساقلىنار دىلىمدا ھامان ،
ساقلاشتا ھېچقانداق يوقتۇر مۇددىئا .
قايتىدىن قىنىمدا بېزەيمەن يەنە ،
ئايرىلغان چاغلارنى ئەسلىگەندىلا .

### ۋاز كېچىش خاتىرىسى

سۈپسۈزۈك دەريالار سۇنماقتا ئاپتاپ ،
قاناتسىز شامالار سۇرمەكتە خىيال .
ئاشىقلىق چۆلدە پاكلىنىش ئۈچۈن ،
كۆيمەكتە دەريادا بىر دەردمەن ئايال .

شامالار غەملەرنى كېتەلمەس ئېلىپ ،
دەريالار ھەسرەتنى يۇيالمايدۇ ھەم .
ئۆلۈمگە مېھرىنى بېغىشلاش ئۈچۈن
ھاياتنى قايتىدىن سۆيدى مەلىكەم .

بىلمىدىم مەن ئۇنى ئۇنتۇشنى قانداق
ۋە ياكى ئۆزۈمدىن ئېلىشنى قىساس .
ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ياشىماق ئۈچۈن ،
تۇرمۇشقا قايتىدىن سۇندۇم ئىلتىماس .

چۈنكى مەن ئىسپاتلاپ چىقمىغان بىلەن
ئۇمىدسىز ئادەم ئەڭ خاتىرجەم ھامان .
لېكىن ئۇ كېسەلچان يۈرىكى بىلەن
ھەتتاكى ئۆلۈمنى قىلار پەرىشان .

# ئۈچ شېئىر

**چىمەنگۈل ئاۋۇت**

## مېنى سۆيەتتىڭ ...

ئەجەب بىر سۆيۈملۈك ئىدىم سەن ئۈچۈن ،
چىدايتتىڭ ھەممىگە يەنىلا تىمتاس .
رىيائىلىق مېھرىنى پارە قىلسىمۇ ،
سەن يەنە ئۆزۈڭدىن ئالاتتىڭ قىساس .

شۇ كۈنى كۆزۈڭگە قارىماي تۇرۇپ ،
ئېسىمدە قولۇڭنى كۈچەپ سىققىنىم .
شۇنچىلىك بىپەرۋا ، شۇنچىلىك چوڭقۇر ،
ھېچكىمنى مەن سەندەك سۆيۈپ باقمىدىم .

بىلىسەن پىغانىمنى بارلىقىمنى ھەم ،
پەقەت سەن بولغاچقا ياشىدىم خۇشال .
نەپرەتكە ئەرزىمەس ئۆتكەن كۈنلىرىم ،
مەڭگۈلۈك ئازابتۇر بىز ئۈچۈن بۇ ھال .

كىملەرنىڭ باغرىدا ياش تۆكەي مەيلى ،
كىملەرگە ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر ئاتاي .
سەن ئامراق ناخشىدەك ئېزىلىپ تۇرۇپ ،
كەل سېنىڭ دەردىڭنى دەردىمگە قاتاي!

## سېغىندىم

گۈگۈمغا گۈگۈمدەك سىڭىشتىم ئاستا ،
پاشنىڭ چېقىشىمۇ قىينايدۇ مېنى .
بىر تال يوپۇرماقنى تىتىپ ئولتۇرۇپ ،
سېغىندىم ، سېغىندىم يەنىلا سېنى .

يالىڭاياغ پۇتۇمنى سىلايدۇ قۇملار ،
ئېرىقتىن بىر سازاڭ ئۈمۈلەپ ئۆتتى .
سەن ئامراق زالىم رەڭ يادىمغا كېلىپ ،
يالغۇزلۇق ئازابىم پەلەككە يەتتى .

«سەل كەلدى قېچىڭلار» دېگەن بىر ئاۋاز ،
ئەتراپقا ھەسرەتلىك يامرىدى شۇئان .
ئېقىتىپ كەتسىمۇ بارچە نەرسىنى ،
ئېسىمدە بىر ئۆمۈر قالىسەن ئامان .

ئېپ كېلەر ھاياتلىق ئېقىنلىرىدا ،
ماڭىمۇ ، ساڭىمۇ تونۇش پىراقنى .
ئېھ ، بىر تال تۈگمىدەك يېقىملىق يۇلتۇز
سېغىنار ، مەن سېنى سېغىنغىنىمدەك—
ئايىغىڭ ئاستىدىكى بەرگى قىياقنى...

## ھىلال تىرناقلىرىنى ئېلىۋاتقان قىز

كاككۇكتەك كۈلۈپ كەتتى سۈزۈك بەك سۈزۈك ،
ھىلال تىرناقلىرىنى ئېلىۋاتقان قىز .
نېمىلەر ئېسىدىن كەچتىكىن ئۇنىڭ ،
ئىشىكى چېكىلدى بوش ھەم تۇيۇقسىز .

ئۇ شۇنداق ئورنىدىن تۇرغانتى يۇمران ،
شاپتۇلنىڭ چېچىكى يەرگە تۆكۈلدى .
ئاھۇدەك تەلمۈرۈپ ئاقماقتا ۋاقىت ،
نەم چاچلار غۇنچىدەك قات ـ قات تۆگۈلدى .

كۆرگىلى بولىدۇ قاراڭغۇلۇقنى ،
ئىشىكنىڭ يوچۇقى ئىللىقتۇر ئىللىق .
پەشتاقتىن چۈشۈۋاتقىنى ئوماق بىر موماي ،
ھاياتلىق بار ئۇنىڭ سېۋىتىدە لىق...

# ئاپتاپلىق يامغۇر

**ئەخەت كەلپىن ئىنسانى**

## ئوغلاق تارتىشىش

ـــ ئوغلاق تارتىشىدىكەن يۇرۇڭلار، ـــ دېدى
ئارىمىزدىن كىمدۇر بىرسى .

شۇ ھامان ئاتتەك ھاياجانلاندۇق
ۋە ئوغلاق تارتىشىش مەيدانى
بىر دەمدىلا يېتىپ باردۇق .

نەچچە مىڭ ئادەم هاياجان بىلەن
ئوغلاق تارتىششىنى كۆرۈۋېتىپتۇ .
كۆرۈۋېتىپتىيۇ ، روهىي ئالىمىدە
قەيسەرلىك بىلەن ئېلىششىنى سۆيۈۋېتىپتۇ .

چەۋەندازلار ئاتنىڭ ئۈستىدە
تۇرۇپتۇ بىر - بىرسىگە تاشلىنىپ .
قەدىمكى قۇچاقلاشما جەڭ
كېتىپتۇ بوگۇن باشلىنىپ .

ئامبۇردەك قوللار ، دېۋىنگەن ئاتلار ،
يادەك بەللەر ، چاچرىغان تاشلار ،
يۇلقۇنۇشلار ، يىقىلىشلار ، يۇلۇپ ئېلىشلار
يەنە ، يەنە نېمىدۇر ئىشلار:—
لىق كەلگەن بۇ جەڭ مەيدانىدا ،
كۆكلىكى يىرتىلىپ ، چېچى پاخپايغان
گۈزەلدىنمۇ گۈزەلرەك بىر قىز
تەرەپ - تەرەپتىن تالىنىلماقتا...

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە
قىيىن سوئال سوراپ مەلىكە ،
جاۋابىنى تاپقان يىگىتكە
كۆكۈل بەرگەندەك؛
تالىنىلغان چىرايلىق ئوغلاق
ئالغان ، ئالغاندا ئېلىپ قاچقانغا
چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ بەك
بولار ئاخىرى لەززەتلىك تاماق!

غەلىبە كۆپ هاللاردا بولار مۇشۇنداق:
يۈزتۇرانە سۆهبەتلەردىكى...
چېلىششتىكى...
كۆرۈنمەس ئىس - تۈتەكسىز جەڭلەردىكى...

## هايات - مامات ئارىلىقى

ئۆلۈم ۋە كۆرۈم ئارىلىقى قىلدەك ئارىلىق ،
سەن هامان ياشايسەن قىلنىڭ ئۈستىدە .
قىلدەك ئارىلىقتا يوشۇرۇن تۇپان ،
قىلدەك ئارىلىقتا راسا تەنتەنە!
يىلدەك تۈيۈلغاندا قىلدەك ئارىلىق ،
سەن جەزمەن شادىمان كۈنلەر ئىچىدە .
قىلدەك تۈيۈلغاندا يىلدەك ئارىلىق ،
ھەسرىتا!... سەن ئەينى زۇلمەت كېچىدە...
ئاتتەك چاپچىغان بولساڭ بولماپتۇ ،
كالىدەك ماڭماقمۇ خاتالىق ئەمەس .
قىلدەك ئارىلىقتا ساقلانساڭ گاهى—
يىلدەك ئارىلىقتا ساقلانمىقىڭ تەس!...

## شوپۇر قىز

ماڭا قاراپ - قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشكەن
بۇرۇتلۇق ، بۇرۇتسىز شوپۇرلارغا بەرمىگەن ،
ئۆتكەندە ، پۇلۇم تۇرۇپمۇ تاكسىغا چىقماي
ۋېلىسىپىتكە ئولتۇرغان ھېلىقى كىراكەشكە
بەرگەن پۇلنى ،
تۇساتتىنلا ئويلاپ قالدىم سىزگە بېرىشنى...

تاكسىڭىزنى ھەيدەپ شەھەرنى ئارىلىسىڭىز
شەھەرگە ھۆسن قوشۇلغاندەك
ئاجايىپ تۈيغۇلارغا چۆمۈلىدىكەنمەن - دە ،
يېنىڭىزدا بىردەم ئولتۇرۇپ
ئۇنى - بۇنى سورىغان بولۇپ
ئۆزۈمنى باشلىقتەك ، سىزنى خاس كاتىپىمدەك
ھېس قىلىپ قالىدىكەنمەن ، جېنىم شوپۇر قىز!

ئەر ھەيدەۋاتقان تاكسى كىراسى
مېنى خېلى تەرلەتتى .

شەھەرنى بىر ئايلاندۇرىڭا ،
تاپىنلىق... قانچە پۇل كېتەتتى...

ئىچىمدە شۇنداق ئويلاپ
سىز بىلەن تۇرۇۋالسام ئۇزاقراق ،
چوقۇم كۆلۈشكە باشلايسىز
خىزمەت ئورنۇمنى دەپ بېرىمەن
تېلېفون نومۇرىمىزنى يېزىشىۋالىمىز
كېيىنچە لازىم بولۇشىمىز...

لېكىن ،
شېرىن خىياللار قالار شۇ يېتى .
كىرا پۇلىغا تۇشلۇق
تاپالمايمەن ئەتىسى سىزنى .
كوچىغا چىقسام ماشىنىڭىز يوق
تېلېفون بەرسەم ئەرنىڭ ئاۋازى!...

شەھەر دېگەنگە بارماي دەيمەن ،
ھەي ، شوپۇر قىز ، شوپۇر قىز!
بارسام ئەتراپقا باقماي دەيمەن ،
ھەي ، شوپۇر قىز ، شوپۇر قىز .
باقسام ، سۇ بولۇپ ئاقماي دەيمەن ،
… …

## يەر تالىشىش

بىر غېرىچ يەر ، بىرلا غېرىچ يەر
ئىككىمىزنى تالاشتۇردى…

ئىككى ۋەتەن بولۇپ ئىككى ئۆي ،
تالىشىدۇ بىر غېرىچ يەرنى .
بىر غېرىچ يەر گۈزەل قىز بولۇپ
ئازابلايدۇ ئېھ ، ئىككى ئەرنى!

مېھرى ئىسسىق ئاشۇ قىز ئۈچۈن
قان تۆكۈشتىن يانمايمەن پەقەت .
قان تۆكۈشكە تەيياردۇر ئۇمۇ ،
قىزدەك گۈزەل ئاشۇ يەرنى دەپ…

بىر غېرىچ يەر — بىر گۈزەل قىزچاق
نېچۈن ماڭا بولمايدۇ تەۋە؟
ياكى ئۆتۈپ كەتمەيدۇ
ئۇ تەرەپكە نېمىچۈن يەنە؟
ئاسمانغا يا چىقىپ كەتمەيدۇ ،
يا ئىزىدىن يىتىپ كەتمەيدۇ .
ئىككىمىزنى شادلاندۇرۇپ تەڭ
قاچانغىچە
بىرسىمىزدىن كېچىپ كەتمەيدۇ؟!

قوشنام بىلەن مەن ،
تالىشىمىز ئۇنى ئەسەبىي .
بىرسىمىزگە سەللا ئۆتسە ئۇ ،
بىرسىمىز قەبىھ…

بىر غېرىچ يەر — بىر گۈزەل قىزچاق
ئارىمىزدا تەگلىكتە قېلىپ
پايانىدا كۆتۈرەر پەرياد .
ئاھ ، ئۇنى دەپ ئىككى قەيسەر ئەر
تۇيۇقسىزلا ياقا سىقىشىپ
دۈشمەنلىشەر ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق .

يەر تالىشىش …

# ئاچا يول

**مۇسا ئەھەد**

1

قانداق دېمە شائىر كەچمىشى ،
پىلسىراتتۇر بۇ يولنىڭ بېشى .

2

قۇياش قاچان قىلدى كەيىننى ،
خىرەلەشتى قاچان ئاي ساڭا .
بىمەزمىسىز رىۋايەت كەبى ،
ۋۇجۇدۇڭدىن بىخلانغان تۈنلەر ،
بارسا كەلمەس ئاچا يولسىمان ،
تەقدىرىڭگە چىرماشقان كۈنلەر
قىسمىتىمۇ شائىرلىقنىڭ؟
يا ئۆزىمۇ مۇڭلۇق شېئىرىڭنىڭ؟
ئەرۋاھ كەبى بىر قارا سايە ،
ھەمراھ بولدى ئۆمرۈڭگە قاچان؟
شۇنچە ئۇۋلار تورۇپ نە ئۈچۈن
سەن ئۇۋچىغا بوپقالدىڭ نىشان؟
ئەرۋاھ كەبى بىر قارا سايە ،
كەلگەندىمۇ ساڭا يېقىنلاپ ،
يورۇۋەردىڭ مەغرۇر ۋە بىغەم ،
تەزگەندىمۇ بېشىڭدىن ھوما ،
يۈتكەندىمۇ ھويلاڭدىن ئاپتاپ .
تەقدىر شۇنداق قىلدى مەسخىرە ،
ئاسمىنىڭدا ئاي ـ يۇلتۇز خىرە .

هاياتىڭدىن ئېچىلدى بىر بەت ،
قىسمىتىڭدە يوچۇن مەنزىرە .
ساڭا پەقەت بولدى ، تەسەللى ،
قەغەز ، قەلەم ، شۇ كونا شىرە .
تەقدىر دېدىڭ سەنمۇ ھەممىنى ،
قۇياش ساڭا قىلسا كەينىنى .
ئاياز كەبى سوغۇق بىر كوچا ،
ئاچقان چېغى ساڭا باغرىنى .
دېدىڭ شۇندا بەلكىم ھەق ماڭا ،
كۆرسەتكىسى كەلگەندۇ روشەن
ھاياتىڭ چىن ئەسلى رەڭگىنى .
شۇنداق دېدىڭ ، شۇنداق دەپ ئۆتتۈڭ ،
ئاي تۇرۇپمۇ ئايدىڭسىز قالغان
ھاياتىڭنىڭ قالدۇق تېگىنى .

**3**

جان سىقىلغان ئۇزاق تۈنلەرنىڭ
تەگكەندىمۇ پىنھان قىلىچى ،
يۈرىكىڭدە ساقلانغان بىر چوغ
ئۈمىدلەرنىڭ بولدى بىر ئۇچى .
قۇياش يەنە قانچە ئۇز دېدىڭ ،
ھايات قانچە ئەزىز ، مۆھتەرەم .
ياشلىقتىكى تۈنجى سۆيۈشتەك ،
تاڭلار چۈلغاپ ئۆتكەن ھەربىر دەم .
ئېپار چاچقىپ تۇرغان گۈل ـ گىياھ ،
دەشتىلەرگە زىننەت كۆك شىۋاق ،
ھېسلىرىڭدا مەيىن تەۋرىنىپ
كۆرۈندۇ بولۇپ ھۆر سەنەم .
سەنمۇ ئەسلى ياۋا گۈل ئىدىڭ .
ئېگىز تاغلار ، قىرلاردا ئۆسكەن .
تەنلىرىڭنى تاۋلاپ چاقماقلار
لەۋلىرىڭنى بورانلار ئۆپكەن .
تۇرساڭمۇ گەر باغلاردا بىر پەس ،
جىسمىڭدىكى ياۋايى بىر كۈچ
ۋۇجۇدۇڭنىڭ تېرەن تەكتىدە ،
ئۆركەش ياساپ ، كۆتۈرگەن ئۆپقۇن .
بولۇپ قالدىڭ قاچان ئەۋرىشىم ،
ئىرادەڭنى كىم قىلدى تۇتقۇن؟

**4**

غالىب ، مەغرۇر روھقا ۋەكىلسەن ،
شائىر دېمەك ۋولقان يا ياراق .
شائىر دېمەك ئىزگۈ تاڭلارنىڭ
يۈرىكىدىن قاينىغان بۇلاق .

**5**

چۆلدە يۈرسەڭ چۆل دەپ كەتمىدىڭ ،
بېغىڭ باردا سالمىدىڭ داۋراڭ .
بولغاندىمۇ قۇشقاچلارغا يەم ،
ئاددىي روزىخارىڭ ، ئاددىي نېسۋەڭ ،
ئۆكۈنمىدىڭ بىر تال مېۋىسىز ،
قالغاندىمۇ سەن تىككەن باراڭ .
خۇي ـ پەيلىڭگە رەڭ بېرەلمىدىڭ ،
بولالمىدىڭ شاتۇتى ۋە يا .
بولمىدىڭ گۈل تىكىپ باغۋەن ،
يۇتتى ئەجەب سەن سەپكەن زىيا .
تالاي چاڭگا تىزدىڭ ئۆمرۈڭدە
تۇرالمىدىڭ ئىسسىق ئۇۋاڭدا
بىلەلمىدىڭ قانداق بىر كەچمىش
يىلتىز تارتىپ كەلگەن تۇغۇمدا؟

**6**

ساڭا ھېچكىم مۇڭداش بولمىسا ،
ساڭا ھېچكىم سىرداش بولمىسا ،
ئۆزۈڭ بىلەن چىقتىڭ سىردىشىپ ،
تەقدىرىڭگە يۈردۈڭ پال ئېچىپ .
گاھ ئۆزۈڭگە باقتىڭ دەرگۇمان ،
مەن ئاۋۋالقى مەنمۇ ، يا ئەمەس .
بارچە قابىل پەقەت مەن نېچۈن ،
بولۇپ قالدىم ئەجەب يارىماس؟
خىياللىرىڭ شۇنداق توقۇناق ،
كۆرۈنمەيدۇ ئۇنىڭ باش ـ كۆچى .
باھار كەتمەي كەلگەن كەچكۈزنىڭ
گۈللىرىدە قالدۇق كۆز يېشى .
قۇياش يۇتسە ئايىم بار دېدىڭ ،
ئايىم يۇتسە يۇلتۇزلىرىم ھەم .
ئۆزگەرسىمۇ ئادەملەر پەيلى ،
ئۆزگەرمىدى هاياتىڭكى تەم.

# قايتىپ كەلدىم سەھراغا

**غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد**

دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېقىپ ئېگىز بىنالارنىڭ
ئاسفالت يوللارنى تاشلاپ ئارقامغا ،
تاكسىلاردىنمۇ تېز يۈگۈرۈپ
قايتىپ كەلدىم سەھراغا .

شەھەر مەدەنىيىتى
بىر ـ بىرسىنى يېيىش سەنئىتى .
تىنىمسىز سۇركۇلۇۋاتقان ئىمكانىيەتتىن
ئۇپراپ كەتكەن تەقدىر يىڭنىسى
تۇرار ئىدى سانجىلىپ ،
ئاغرىتىپ ، ئاغرىتماي
يامار ئىدى يىپ سالماي .
مەن ئاشۇ چەكسىز ئۆزۈن يوق يىپنى بويلاپ
قايتىپ كەلدىم سەھراغا .

ئورما ۋاقتى قولۇمدا ئورغاق
ئەنسىزلىككە تولغان بۇغدايلار
تۇراتتى ئالدىمدا قاتار ـ قاتار .

مەن ئەسەبىي ھاياجان بىلەن قىلاتتىم قىرغىن
يىقىلاتتى ئايىغىمغا تەسلىم بولغان ئەسكەرلەر .
بۇ دەھشەتلىك جەڭ پەيتى
توسالمايتتى ئالدىمنى ھېچكىم .
مەن قايتىدىن ھېس قىلاتتىم
تراگېدىيىگە تولغان ھاياتىمدىكى يوشۇرۇن كۈچنى .
ئۆزۈن يىللاردىن بېرى
بۇ مەن ئېرىشكەن بىردىنبىر ھاياجان ئىدى .
تەسلىم بولغانلار قالمايدۇ ئامان!
يىقىلىۋاتقان بۇغدايلار
ئۆگىتەتتى ماڭا ناخشا...

چۈشتىن كېيىن
قۇياش ئىچ كۆڭلىكىنىمۇ سېلىۋەتتى .
مۇھەببەت ـــ رەھىمسىز ئاپتاپ ،
دوزاخ ـ
يارى تاشلىۋەتكەن كىشىنىڭ قەلبى!

# شېئىرلار

**ئەخمەتجان ئوسمان** (توغراق)

## كاككۇك گۈلى

كۆن پاتتى قەلبىمنى چىرمىدى تەشۋىش ،
شەپەق رەڭگىدە ئۆگىدى ئالەم .
كۆن چىقتى سايرىدى باھار قۇشلىرى ،
شۇ سائەت ھۇجرامدا باشلاندى زۇلمەت .

كۆن بىلەن تۈننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ،
تۇغۇلۇپ ئۆسمەكتە دادىسىز بالا .
ھېچگەپ ئەمەس بۇ بەلكىم ئازغۇنلار ئۈچۈن ،
بىلگەنگە ئاپەتتۇر ـ ساقايماس يارا .

شورلاشتى ھوسۇللۇق ئېتىزلار ئەنە ،
نەپسىمىز قىلماقتا چۆللەرنى بوستان .
تەبىئەت غەزەپتە ھۆۋلىدى كۆرگىن ،
بېھىشتىن بىر ـ بىرلەپ قوغلاندى ئىنسان...

## تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى

تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئالداپ ئۆزۈمنى
سېتىۋالدىم تورت بىلەن كەمپۈت
تورتقا سانجىپ 32 شام
يورۇتماقچى بولۇپ قەلبىمنى .

نۇرسىز ئۆي
شام نۇرىدا يورۇدى قىزغۇچ
غۇۋالىق ئىچىدە نامەلۇم ئۇمىد
تۈيۈلار ئۇ ماڭا بىر ئالتۇن ئاچقۇچ .
يارغا ئوخشىتىپ قارىدىم ئايغا
تەشنالىقتا سىلىدىم تامنى
ئوخشىتىپ تامدىن قايتقان سادانى
جانانىنىڭ نازلىنىپ شىۋىرلىشىغا .

ھىجران دەۋرىدە
قارلىغاچ كىرمەس بولدى ئۆيۈمگە
ئىشىك ئالدىم بوستانلىقلاردا
ئاڭلانمىدى بۇلبۇل ناۋاسى .

چۈشەنمىدى ھېچكىم ھېچكىمنى
چۈشەنمەي ياشىدى ئۆزىنى ھەتتا
چۈشەنمىدىم مەنمۇ بۇ قېتىم
ناشتا قىلىپ ئولتۇرۇپ تەنھا
سۈرگەن شېرىن خىياللىرىمنى

ئۇچمە پىشتى
قىزاردى ئەنە غورىنىڭ ئۇچى
باغلاش ئۈچۈن رىشتىمىزنى كۆر
تارقالماقتا جىگدە پۇرىقى .
سەھرادىكى جىگدە تۈۋىدە
شەھەردىكى راۋاق ئىچىدە
جاڭگالدىكى سوك ـ سوك ئۈستىدە
نۇرلانماقتا باھار ئاپتىپى .

مۇھەببەت
رەشىك ـ ھەسەت
دۈشمەنلىك بىلەن دوستلۇقمۇ
ھايات بىلەن ماماتمۇ ھەتتا
باغلىنىشلىق ئىكەن ئەسلىدە
قىز ـ يىگىتنىڭ شېرىن چۈشىگە .

ئەپسۇس
چۈشلىرىمىز بۇزۇلدى نەچچە
شېرىن چۈشلەر چۈش پېتى قالدى
قۇرۇتتۇق نەسلىنى بەخت قۇشىنىڭ
بەخت
بۇ بەلكىم بوپ قالار بىز ئۈچۈن تىلسىم
ئايرىلدۇق بىز شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە
باش قوشۇپ بىرلىشىپ يەڭمەي ئازابنى .
ئايرىلدۇق
تالىشىپ بوردا نان قېرىنداش تۇرۇپ
پۇچۇق تەڭگە ، ئىمتىيازنى دەپ...

بولدى بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم
تامغا قاراپ سۈردۈم كۆپ خىيال
خىياللىرىم چەكسىز دېڭىزدا
بولۇپ قالدى ئازابلىق ئارال .

«تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن»
تورت ئۈستىگە يېزىلغان بۇ خەت
تورت ئۈستىدە 32 شام
كۆيدۈرمەكچى قالغان ئۆمرۈمنى
پۈۋلەيمەن ھېلى
تاشلاپ ئۆزۈمنى جەننەت قوينىغا
پۈۋلەپ ئۆچۈرىمەن نۇرنىڭ ھەممىنى
باشلاپ ئۆيۈمدە يېڭى بىر زۇلمەت .
يۈرىكىمنى پارچىلاپ ئۆزۈم
سىنى ئىزدەپ تۆت تامغا قاراپ
ئىچىشىم مۇمكىن بىر ئوچۇم قانىنى
قولۇمنىڭ كەينىدە يېشىمنى سىيپاپ...

## ئىككى شېئىر

### ئابلەت ئەخمەت

### يانۋارنىڭ ئون ئۈچى

تۇغۇلغان كۈنۈڭ دەپ ئېيتمىدىم ساڭا ،
بەش ياشقا كىرگىنىڭ كۆڭلۈڭدە ئايان .
ھەر مىنۇت بىر سوئال تاشلىغان دۇنيا ،
ئۆزىنى چۈچەكتەك قىلماقتا بايان .

يانۋارنىڭ بۇلۇتلۇق پەيشەنبە كۈنى ،
قەغشلىك قىلمىدىڭ تىكلىدىڭ تەمكىن .
ئىسسىقلا بىر تاماق يېيەلمىدىڭ دەپ ،
روھىمدىن ئۆكۈنۈش ئۈزىدى غەمكىن .

ئۇكاڭنىڭ تەمتىلەپ چىقماقتا تىلى ،
قول ـ پۇتى ، كۆزىدە قىلىپ ئىشارە .
ئېغىزغا قارىتىش تەس كەلمەكتە تەس ،
تۇغۇلماس توشقاندىن سۆزلەپ ھېكايە .

كەچ سائەت سەككىزدىن ھالقىدى مانا .
ئۈچ جۈپ كۆز ئىشىككە تىكىلەر پات ـ پات .
تېخىچە خىزمەتتىن چۈشمىگەچ ئاناڭ ،
تىت ـ تىتلىق قەلبىڭگە يايماقتا قانات .

شۇ تاپتا ئەنسىرەپ يۈرەكلىرى سۇ ،
دۇنيانىڭ ئىشچىسى ئاناڭ مېھرىبان .
چارچاتتى ياشاشنىڭ غەملىرى چەكسىز ،
ئۇ ساڭا پەرۋانە ، ئۇ ساڭا گۈلخان .

كىچىكتىڭ ، خىزمەتتىن بالدۇر چۈشتۈڭ دەپ ،
ئاڭلىغان تەنبىھ ھەم تۈتۈلغان مائاش .
ھەممىسى بىر تىيىن شادلىقىڭ ئۈچۈن ،
بىز خۇشال سەن يىغلاپ تۆكمىسەڭلا ياش .

چۈشىنىپ يېتىسەن ھەممىنى ئاخىر ،
توختايدۇ ئادەملەر چىقارغان قۇيۇن .
نېمىدەپ ۋىز ئېيتسام سەن تېخى بەش ياش ،
قەلبىڭگە ھۆكۈمران ئويۇن ، ئاھ ئويۇن .

## ئىككى جايدا لاۋۇلدايدۇ بىر گۈلخان

چېچەكلەردىن تۆكۈلمەكتە ھاياجان ،
قەدىمىڭدىن بىلىنمەكتە سېغىنىش .
باھار بىلەن رەڭ تالاشتى كۆزلىرىڭ ،
لەۋلىرىڭنى تاراشلايدۇ قىزغىنىش .

سۆيۈشمەكتە كۆيلەر ، قۇشلار ، شاماللار ،
يوپۇرماقلار شۇبرلايدۇ ئۈن ـ تىنسىز .
گۈللەر سېنى ئىزدەپ يۈرەر تاڭلاردىن ،
تۈنلەر كۆيەر ئىزلىرىڭدا تىۋىشسىز .

ئىككى جايدا لاۋۇلدايدۇ بىر گۈلخان ،
بىلىپ ـ بىلمەي كىرىشمەكتە قەلبىمىز .
ئەسلىمىلەر چاقنىتىدۇ يىللارنى ،
داۋانلاردا ئۆتتۈلگەندە قەدرىمىز .

سۆيۈش ئۈچۈن يارالدۇق بۇ دۇنياغا ،
سۆيۈلەيلى بىللە جېنىم ، ئۆلمەيلى .
بىزنى قوغلاپ ئارام بەرمەس ھىجراننى ،
ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىغا كۆمەيلى.

## سېنى كۆرمىسەم...

### ئەخمەت كەلپىن ئەلتۈرك

كۈندە سېنى كۆرۈپ تۇرمىسام ،
بۇ جىسمىمدا قالمايدۇ يۈرەك .
ھېچنېمە يوق تەنھا قەلبىمدە ،
سېنى قېنىپ كۆرۈشتىن بۆلەك!

بىراق سېنىڭ ئوماق كۆزلىرىڭ ،
كۆزلىرىمنى قىلار بىچارە .
ئوتنى ياققان چوقۇم سەن ئۆزۈڭ ،
يۈرىكىمنى قىلىپ مىڭ پارە .

تىكىلگەندە كۆزۈمگە كۆزۈڭ ،
ھېس قىلىمەن شۇنچە بىتەلەي .
سېنى كۈندە كۆرۈپ تۇرمىسام ،
ئۈيقۇ يوقتۇر كېچىلىرى ھەي .

چۈشەنمەيتتىم نېمە ئۇ سۆيۈش؟
كۆزلىرىڭنى كۆرۈشتىن بۇرۇن .
بەلكىم ئاشۇ ئوماق كۆزلىرىڭ ،
كۆيدۇرگەندۇر مېنى يوشۇرۇن .

كۆيگەن يۈرەك سۆيىدۇ ئاخىر ،
سۆيۈش گەرچە بولسىمۇ ئازاب .
سۆيمەكتىمەن قەلبىمدە سېنى ،
كۆزلىرىڭگە ئۈن ـ تىنسىز قاراپ...

## تىرىلەركەن ئەركەكنىڭ روھى

### ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۈرك

كۆتمە قىزچاق مەندىن ئەتىرگۈل ،
بۇ ھاياتىم ئەمدى زېمىستان .
ئوقۇپ يۈرمە قەلبىمنىمۇ ھەم ،
بىر گۈللۈك ئۇ خازانغا تولغان .

نۇرۇڭنىمۇ چاچما كېچەمگە ،
ئاسمىنىمنى ئۆزۈم يورىتاي .
تىرىلەركەن ئەركەكنىڭ روھى ،
«ئوق» تەگكەندە يۈرەككە بىر پاي .

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ ، ئەركىن نۇر**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# زەينەپ

( ھېكايە )

ئابدۇكېرىم قادىر

ـــ كاككۇك ، كاككۇك ، كاككۇك!

زەينەپنىڭ كاككۇكنى چاقىرىشىدا مۇڭمۇ ، پىغانمۇ بار ئىدى.

زەينەپ غەمكىن كۆزلىرىنى ئۆرۈكلۈك باغقا تىكتى . قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . پەقەت ئاشۇ تىنىمسىز سايراشلا كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزەتتى . زەينەپ يەنە خىيال قىلدى: «كاككۇك قايتىپ كەلگەن بولسا قاۋۇلمۇ كېلەتتىمكىن؟! ئۇ شۇنداق دېگەن ، سەممىي كۆزلىرىدىن ، سىلىق ـ سىپايە تۇرقىدىن ۋەدە بەرگەن ».

زەينەپ كاككۇكنى تىنىمسىز چىللايتتى.

زەينەپنىڭ دۈپدۈگىلەك قارا كۆزلىرى ھەسرەتكە تولغان . ئۇ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ بىر پارچە سۇنۇق ئەينەكنى ئالدى . ئەينەكنى يۈزىگە تۇتۇپ چېھرىگە سەپسالدى . ئۇنىڭ ئاق ئۆرۈكتەك سۈپسۈزۈك يۈزلىرىگە داغ چۈشكەن ، قاش ـ كىرپىكى تۆكۈلۈپ ، چىرايى سەتلىشىپ قالغانىدى . زەينەپنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى . «قاۋۇل كەلمەي قالسا ، مەن قانداق قىلىمەن ، ئانامغا نېمە دەيمەن...» ئۇنى تۇيۇقسىز ھۆ تۇتتى . ئۇ ھۆ قىلىۋېتىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، باغ تېمىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان ئاراقسان ئۆرۈك شېخىغا ئېسىلدى . زەينەپ غورىغا سېزىك بولۇپ قالغانىدى.

باغ ئىچىدىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلاندى ، قۇشلار ئۈركۈپ ھەريان ئۇچۇشتى . كەپسىز باللار ئەمدى باغ ئىچىگە كىرىۋالغاندەك قىلاتتى . ئۇ جۇۋاينىمەكلەر پەيدا بولغۇدەك بولسا ، زەينەپكە ئارامچىلىق يوق . ئۇلارنىڭ بۇ بىچارىنى ئورىۋېلىپ «كاككۇك ، كاككۇك» دەپ تۇۋلىغىنى تۇۋلىغان . زەينەپ ئۇلاردىن قۇتۇلالماي قاچقان . ھېلىمۇ ياخشى ، ئۇ شۇمتەكلەر بۇگۈن باغنىڭ ئىچىدە بولغاچقا زەينەپنى كۆرمەيدۇ . خاپا قىلالمايدۇ . زەينەپ قاماپ كەتكەن چىشلىرى بىلەن غورا غاجىلىغاچ ، باغنىڭ سۆڭگۈچىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى: «ئانام بىلىپ قالسا چېچىمدىن تولاپ ئۆرۈككە ئاسىدۇ ، مېنى نومۇسقا ئۆلتۈرگۈچە تايىنلىق سەن ئۆل» دەپ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . قا... قاۋۇل كەلسە بولاتتى ، ماڭا ئىگە بولسا ، ماڭا ھېچنېمە ئېلىپ بەرمىسىمۇ ، ئانامنىڭ ئالدىدا نىكاھ ئوقۇتۇپ رەسمىي قائىدە بويىچە ئېلىپ كەتسە ھەممە ئىش ئۆز ئىزىغا چۈشەتتى . قا... قاۋۇل ، قاۋۇل يېنىمغا قاچان كېلەرسەن؟» ئۇنىڭ قاۋۇلنى چاقىرىشلىرى بەئەينى «كاككۇك ، كاككۇك» دېگەندەك ئاڭلىناتتى . بىچارە زەينەپنىڭ تىلى يوق ، سۆزلىيەلمەيتتى . ئۇ شۇنداق يارىتىلىپ قالغانىدى.

باللارنىڭ چۇرقىراشلىرى باغنى بىر ئالدى . ئۇلار بۈگۈن مەكتەپكە بارمىدىمىكىنە؟ مۇشۇ باللار مەھەللىگە يىغىلىپ قالسا ، زەينەپكە ئارامچىلىق يوق . ئۇلار بۇ قىزغا ئازراقمۇ ھېسداشلىق قىلمايدۇ . ھەممىسى بىر بولۇپ زەينەپكە ئولىشىۋېلىپ ئۇنى ئاني تاپىدۇ . باغنىڭ ئىچىدە باللارنىڭ پاتىپاراقچىلىقى ئەۋجىگە چىقتى . پىغانلىق سايراۋاتقان زەينەپ ئۈركۈپ سايراشتىن توختىدى ، بۇ كەپسىز باللار باغ ئىچىدە نېمىنىدۇر قوغلاپ ،

## تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

پاتىپاراقچىلىق چىقىرىپ زەينەپنى ئۈركۈتۈۋەتكەنىدى.

زەينەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، ئۇدۇلدىكى سۆگۈچتىن ئاۋۋال بىر ئالا قانجۇق ئىت ، ئىتنىڭ كەينىدىن تاياق ، چالما كۆتۈرۈشۇۋالغان باللار چۇۋۇلۇشۇپ چىقتى . قورقۇپ كەتكەن زەينەپ باغدىن ئېتىزلىققا تۇتىشىدىغان چىغىر يول بىلەن بەدەر قاچتى . باللار ئىتنى تاشلاپ زەينەپنىڭ كەينىدىن چاپتى.

ـــ كاككۇك ، كاككۇك ، كاككۇك!

باللار زەينەپنى كۆرگەندە مۇشۇنداق «كاككۇك» دەپ توۋلىشاتتى . زەينەپ سۆزلىيەلمىگەچكە ، گەپ قىلغاندا مۇشۇنداق «كا... كا... كۇ... كۇ...» قىلىپ كېكەچلەپ كېتەتتى . باللار «كاككۇك» دەپ توۋلىسا زەينەپنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كېلەتتىكى ، چىشلىرى كىرىشىپ ، كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولاتتى . بەزىدە ئاچچىقى پۇت ـ قولىغا يىغىلىپ باللارنى قوغلاپ ، باش ـ كۆزىگە توپا سورۇپ ، چالما ئېتىپ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتەتتى.

بۈگۈن زەينەپنىڭ ھېچبىر ماغدۇرى يوق ، رەڭگى ئۆڭگەن قىزىل تاۋار كۆڭلەك ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان پۇتلىرىنى ئاران ـ ئاران سۆرىگىنىچە قېچىپ كېتىپ باراتتى . ھە ، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنىڭ ماغدۇرى يوق ، ئەتىگەندىن بېرى پەقەت توڭ غورا يەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . كۆڭلى تاماق تارتمايدىغان ، ئۇيقۇ باسىدىغان مىجەزگە گىرىپتار بولغانىدى . بېشىدا شاپاق بۆك ، يالاڭ ئاياغ ، بەزىلىرى ئىشتانسىز ، بەزىلىرى كۆڭلەكسىز چېپىشىپ يۈرگەن بۇ باللار تېخىچە ئۇنى قوغلاپ چالما ئېتىشىپ كېلىۋاتاتتى . ھالسىزلىنىپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ قالغان زەينەپ باشاقلىرى ئالا بۆرەك بولغان بۇغدايلىق ئارىسىدىكى چىغىر يولدا نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ پالاققىدە يىقىلدى.

ـــ ئوھوي...! ـــ باللار تۇشمۇ تۇشتىن كېلىپ ، ماغدۇرسىز ياتقان زەينەپنى ئارىغا ئېلىۋالدى . بىرلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى تارتقۇچلاپ ئۆرۈپ ، ئاپئاق قورسىقىنى ئېچىپ قوياتتى . بىرلىرى ياغلىقىنى تارتىپ يېشىۋېتەتتى . بىرلىرى چۇۋۇلغان چاچلىرىغا قول سوزاتتى . بىرلىرى قولىدىكى تاياقنى پۇتىنىڭ ئالقىنىغا تەگكۈزۈپ قىچىقىنى كەلتۈرەتتى . زەينەپ بولسا ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ، تىنچ ـ ئارامخۇدالىققا ئېرىشىش ئۈچۈن تېپىرلايتتى.

ـــ ھوي دادىسى بەزا ، ئانىسى بەزا يېتىم ئوغلاقلار! ـــ تۇيۇقسىز باللارنىڭ كەينىدە بىر ئايالنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى، ـــ ئاناڭنى تارتتىمۇ شۇنچە قىلغۇدەك ، ھە... يا يەيدىغان نېنىڭنى تارتىۋالدىمۇ؟ ۋايجان ، ۋايجان! ۋاي بوينى قاتلىشىپ ئۆلگۈرلەر ، بىردەم ئارامىدا قويساڭچۇ ، ھە ، ناۋادا خۇدايىم سەنلەرنىمۇ شۇنداق يارىتىپ قويغان بولسا قانداق قىلىشاتتىڭ! بۇ بالىنىڭ يا تىلى بولمىسا ، يا بىركىمگە چىشىنىڭ قانىتچىلىك ئازار بېرىشنى بىلمىسە!

باللار ئۈركىگەن قۇشقاچتەك پىتىراپ ، كۆزدىن غايىب بولدى . ئايال قولتۇقىدىكى چۆجگۈن ئوتنى تاشلاپ ، ئېڭىشىپ زەينەپنى يۆلىدى:

ـــ قوپۇڭ قىزىم ، قوپۇڭ . ئۇ يوق قوڭ شۇمتەكلەرنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ قاچقۇچە تازا يوغان داڭگال بىلەن چوققىسىغا سالسىڭىز بولىدۇ! ـــ ئايال زەينەپنى يۆلىدى . يۈز ـ كۆزىدىكى توپا ، لاي يۇقۇندىلىرىنى سۈرتۈپ ، ئۇستىۋاشلىرىنى قېقىشتۇردى، ـــ بۇندىن كېيىن شۇنداق قوغلاپ كەلسە ، قولۇڭغا نېمە چىقسا شۇنىڭ بىلەن ئۆلىدىغان يېرىگە قويغىنا ، تازا!

ھەسرەتلىك كۆزلىرى ئايالغا تىكىلگەن زەينەپ مىسكىن ھالدا بېشىنى چايقىدى . ئۇ ئايالنىڭ ئۆگەتكىنىنى رەت قىلغانىدى.

ـــ بېشىڭنى يەيدىغان ئىنجىمارۇق! ـــ ئايال بىردىنلا تەرىنى بۇزۇپ زەينەپنى سىلكىشلىدى، ـــ مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلماي ، ئىشتانبېغىڭغا كەلمەيدىغان شۇملارنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ قاچساڭ مۇشۇنداق ھالغا قالىسەن ، بوزەك بولىسەن!

زەينەپ يەنە بېشىنى چايقىدى.

ـــ نان گادىيى گاچا ، يىگىرمە توققۇزنىڭ قارىسىنى ئالدىڭ ، يەنە قاچانغىچە خەققە ئانىي بولۇپ يۈرەرسەن؟!

ـــ ھۆ ـ ھۆ... ـــ زەينەپنى ھۆ قىستىدى . ئاغزىنى تۇتقىنىچە بۇغدايلىققا ئالدىنى قىلىپ ھۆ قىلىشقا باشلىدى.

ـــ ۋاي ئانام ، ۋاي ئانام! نېمە بالايەزىم كەلدى ، ساڭا؟ ـــ ئايال زەينەپنىڭ يېنىغا زوڭزايدى . پېشانىسىنى تۇتۇپ ، كۆزىگە قارىدى، ـــ ھۆ قىلىۋاتىسەنا ، قورسىقىڭدا يوقتۇ؟

## 2

زۇمرىخان ئۆمرى تۇللۇقتا ئۆتكەن ، دەردمەن ئايال . زەينەپ ئۇنىڭ بىر تاللا قىزى.

زۇمرىخان قىزىنىڭ قاش ـ كۆزىگە ، باش ـ ئايىغىغا گۇمان ، ئېسەنكىرەش نەزىرىدە قارىغىنىچە ، باغنىڭ

كەينىدىكى يالغۇز ھويلىغا ھەيدەپ ئەكەلدى . ئۆيگە سولاپ ، ئىشىك ـ تۈڭلۈكلەرنى تاقاپ ، ئۇنى سوراق قىلىشقا باشلىدى:

ـــ ئېيتقىنا ، قايسى ھايۋان چېقىلىپ قويىدى ساڭا ، نېمە قەي قىلىسەن؟

زەينەپ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى قىزارتىپ ئېلىنغان تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە ، يالاڭ ئاياغ پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇردى . ئۇنىڭ كۆڭلى ئېيتقۇسىز ئازابقا تولغانىدى.

ـــ گېپىمنى ئۇققۇۋاتامسەن ، تام باسقۇر گاچا ، قورسىقىڭدىكى قايسى نائەھلىنىڭ سۆيدۈكى دەيمەن؟! ـــ زۇمرىخان قاراڭغۇ ئۆي ئىچىدە بىر تەرەپتىن ۋارقىراپ قىزىنى سوراق قىلىپ ، بىر تەرەپتىن شەرمەتلەپ قىزىغا گەپ ئۇقتۇرۇشقا تىرىشاتتى . لېكىن ، زۇۋانسىز قىزىدىن ھېچبىر سادا كەلمەيتتى.

زەينەپ تىلسىز بولسىمۇ ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئۇقاتتى . كۆڭلى ئۇچۇق چاغلاردا گەپ قىلىشقا ئۇرۇنۇپ «كا... كا... كۇ... كۇ» قىلىپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى . شەرمەتلەپ دېگەندەك ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇراتتى . ھالبۇكى ، ھازىر ئۇنىڭ چىش يىرىپ بىر نېمە دېيىشكە زىنھار رەغدى يوق ئىدى.

ـــ خۇدا ھەققىدە بولسىمۇ زۇۋان سۈرە ، ئۆلگۈر!ـــ ئانا نومۇس كۈچىدىن غەزەپكە تولغانىدى، ـــ مەن سېنىڭ گەپ ئاڭلىمىغان قۇلىقىڭنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىمەن! تۇرۇق دېگەن يەردە تۇرمىغان پۇتۇڭنى ، ئوشۇقىڭنى چاقىمەن ، قارنىڭنى بۆسۈپ ، مېنىڭ يۈزۈمنى شەرمەندە قىلغان نىجاسەتنى ئۇجۇقتۇرىمەن! ـــ ئانىنىڭ قولىغا داتلىشىپ كەتكەن بىر قىڭراق چىقىپ قالغانىدى.

ـــ كا... كا... كۇ... كۇ... ـــ زەينەپ تۇيۇقسىز كېكەچلەپ يەرگە ئۆزىنى تاشلىدى . ئانىسىنىڭ ئالدىدا توغرىسىغا يېتىپ ، قولى بىلەن كانىيىنى غىرداپ ، «مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ» دېگەن مەنىدە ئىشارە قىلدى . قىزىنىڭ قىلىقىنى ، ئىپادىسىنى كۆرگەن ئانا قىڭراقنى تاشلاپ ئۆزىنى كاچاتلىدى . چاچلىرىنى يۇلۇپ نىدا قىلىشقا باشلىدى:

ـــ ئاھ خۇدا ، ئاھ خۇدا ، جىندەك سەۋەنلىكىم ئۈچۈن سالغۇلۇقنى ماڭىلا سالامسەن ، بۇ ماڭا نېمە كەلگۈلۈك ، ئۇمۇ نېمىشقا ماڭا ئوخشاشلا قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ؟ ۋاي ، مەن ئەمدى بۇ يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن...

قاراڭغۇ ئۆيدە قىزنىڭ ھالى ئايان ، ئانىنىڭ ھالى مايان بولۇپ كەتكەنىدى . ئانا ئاھ ئۇراتتى ، پەرياد چېكەتتى . ئاق ئارىلاپ چارلاشقان چاچلىرىنى يۇلۇپ ئۆزىنى كاچاتلايتتى . ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيتتى ، بۇ نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ ، تەقدىر ـ قىسمەت نېمىشقا تەكرارلىنىدۇ؟!

زۇمرىخان بىر چاغلاردا بىلىنجاپ تۇرغان ئوتتەك قىز ئىدى . ئىنچىكە بېلىدە ئويناپ تۇرىدىغان ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىنى ئىككى يانغا تاشلاپ ماڭغۇدەك بولسا ، يىگىتلەر ئەقلىدىن ئازاتتى . ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا تىپىرلايتتى . ئەلچى قوياتتى . زۇمرىخان بولسا ئۆز كۆڭلىدە ھېچكىمنى ياراتمايتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ يۇرتنىڭ ـــ باغنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى يىگىتلەرنىڭ بىرى تاز ، بىرى چوقۇر ، بىرى دوك ، بىرى قارىۋاي ، بىرى سېرىق ، بىرى چېقىر كۆز ، بىرى شىپتىلە ، بىرى ئاتىكاچا ، بىرى ئۇتامسىز ، بىرى مۆرىسەس ئىدى . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە زۇمرىخاننىڭ تەقدىرىدە تۇيۇقسىز بىر ئۆزگىرىش بولدى . ئۆزىگە ھېچكىمنى تەڭ قىلماي ناياناقلاپ يۈرگەن قىز بىردىنلا ئۆزىنىڭ خاسىيىتىنى ، كىشىلەر نەزىرىدىكى قەدرىنى يوقاتتى.

ئۇ كۈنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «يازلىق ئورمىنىڭ تەييارلىقىنىڭ غېمىنى قىلمىز» دەپ بازارغا جابدۇنغانىدى.

ـــ كەچتە بازاردىن يېنىپ چىقىشىمىزغا ئۆلگۈرتۈپ غورا سېلىپ يوبدان ئېتىڭ قىزىم، ـــ دادىسى زۇمرىخانغا ئۇنى ـ بۇنى تاپىلىغاندىن كېيىن ئېشەكنى سانجىدى، ـــ خىت قوتۇر!

ـــ قورساقتا تۇرغۇدەك زاڭ ئېتىپ قويسام بولامدۇ ، دادا؟ ـــ قىز ئاتىسىغا كۆيۈنگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى . ئۇ چاغلاردا بۇ ئائىلە ئۈچۈن زاڭ ئېسىل تاماق ھېسابلىناتتى.

ـــ زاڭ سەپەر ھاردۇقىنى باسمايدۇ . يەنىلا يوبدان ئېتىڭ، ـــ دادىسى بىلەن ئانىسى ئىككى ئۇكىسىنى ئېلىپ ئۇزاپ كەتتى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر ھازا قاراپ تۇرغان قىز ئۈزۈكلۈك باغدا سايراۋاتقان زەينەپنىڭ ئاۋازىغا بىردەم قۇلاق سالدى . كېيىن ھويلىغا يېنىپ كىردى.

زۇمرىخان دادىسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ، تۆشۈكلۈكتىكى كۆك چامغۇر ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان يىگى ئوسمىنى ئالدى . قازان بېشىدا پاكىز يۇيۇقلۇق تۇرغان چىنىنى سۈپىدىكى كىگىز ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ ، چىنىنىڭ ئويىسىمان چۆرۈكىگە ئوسما سىقتى . ئاندىن تامدىكى تەكچىدىن ئەينەك ، سۈپۈرگە

ياغىچىغا پاختىنى يۇگەپ ياساپ قويغان پەلكۇچنى ئېلىپ قېشىغا تۇجۇپلەپ ئۇسما قويدى . قاشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېكىتتەك خال چەكتى . ئۇسمىسى سىڭگەندىن كېيىن يۈزىنى يەنە بىر قېتىم يۇيۇۋېتىپ ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىدى . بېغىررەك ئەتلەس كۆڭلەك بىلەن ئوتقاشتەك قىزىل گىلەم دوپپا ئۇنى پۈرەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان بىر دەستە گۈلگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

قىز ئەينەكتىن كۆزىنى ئۈزۈپ بىرئاز قىسقا كېلىپ قالغان بولسىمۇ ، يەنىلا كۆز قاماشتۇرۇپ تۇرغان كۆڭلەكىگە قارىدى . بۇ كۆڭلەكنى ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئانىسى بايراملىق تىككۈزۈپ بەرگەنىدى . شۇ چاغدا زۇمرىخان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سەنئەت كۇرۇژۇكىدا ئىدى.

— كاككۇك ، كاككۇك ، كاككۇك!

زەينەپنىڭ خەندان ئۇرۇپ سايرىشى قىزنى خىيالدىن ئويغاتتى . «سايرا ، سايرا ، تېخىمۇ شوخ سايرا ، ئۇ كەلسۇن» . قىز ھويلىدىن چىقىپ ، باغنىڭ قاشاسىدىن تاشلىنىپ تۇرغان قويۇق ئۆرۈك شاخلىرى ئارىسىغا نەزەر سالدى . ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ياپپېشىل يوپۇرماقلار ، ئالا غورىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى . زەينەپنىڭ سايرىشى تىنىمسىز ئىدى . قىز ئۆرۈك شاخلىرىغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئاستا قەدەم بىلەن قاشا تۈۋىگە — ئۆرۈك سايىسىغا كەلدى . «ئۇ بۈگۈن يەنە كېلەرمىكىن، — ئويلىدى قىز، ئالدىنقى قېتىم ئازراق مۇڭدىشىۋالغانىنى دېمىگەندە ، ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى باغنىڭ دالدىسىدا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ ئامالسىز قايتىپ كەتتى . ئۇ كۈنى ئۆيدىكىلەر ھېچيەرگە مىدىرلىمىغانىدى . كەتمەن كۆتۈرگىنىچە سۇ ياقىلاپ كەلگەن دادامنىڭ كۆزلىرى ئۇنى چېلىقتۇرۇپ قالايلا دېدى . بۈگۈن...» قىزنىڭ كۆز ئالدىدا ئېگىز بوي ، بۇرۇتى قايقارا ، لەۋلىرى نېپىز بىر يىگىت ئايان بولدى . قىز ئۇنىڭ بىلەن گۈلسۇمخاننىڭ تويىدا تونۇشۇپ قالدى . توي بەك قىزىغانىدى ، يىگىت قىزنى ئۇسسۇلغا تارتىپ تۇرۇۋالدى . قىزنىڭ تەلپىگە دادىسى سىكرىتارىنىڭ قويلىرىنى قىرقىشقا چاقىرتىلغانلىقتىن ، تويغا كېلەلمىگەنىدى . شۇڭا ، قىز ئۆزىنى شۇنچە ئەركىن قويۇپ بېرىپ كۆڭۈلدىكىدەك ئوينىدى . تويدا قارىشىپ تۇرغان يۈرت ـ مەھەللىنىڭ يىگىتلىرى بولسا زۇمرىخاننىڭ ياقا يۇرتلۇق بىر «شادا پاچاق» بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىغا قاراپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشتى . ئەمما ، قىزنىڭ خىيالىغا ھېچنېمە كىرىپ چىقمايتتى . بۇ ئۇنىڭ مەكتەپتىن ئاجرىغان ئىككى يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئۇسسۇل ئوينىشى ئىدى . كۆز ئالدىدىكى مۇنۇ يىگىت بۈگۈن بۇ مەھەللىگە پەقەت ئۆزى ئۈچۈن كەلگەندەك...

— گۈلسۇمخاندىن كېيىن سىزنىمۇ ئەكەتسەك بولغۇدەك! — قىزغا بارغانسېرى چاپلىشىپ بېقىشىپ ئويناۋاتقان يىگىت ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ئەكېتەلەمسىز ، قۇدرىتىڭىز بارمۇ؟ — قىزمۇ بوش پىچىرلىدى . ئۇ قىزارغان ، تەرلەپ كەتكەنىدى.

— شۇڭا كەلدىم ، ئۆيىڭىز قەيەردە؟

— باغنىڭ كەينىدە.

نەغمىچىلەرنىڭ ئۈنى تۇيۇقسىز ئۈچتى . ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى . قىزغا قانات سۆرەپ يۈرگەن نوچىلاردىن بىرى ئۇلارنى «ئاپاق ـ چاپاق» بولۇشۇپ كەتكىنىگە چىدىماي ، نەغمىچىلەرگە ھۆجۇم قىلغان ، مەشرەپنى بۇزغانىدى.

قىز يىگىتنىڭ «مەن سىزنى ئىزدەيمەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلىيالىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ، نېمە ئىش قىلىدۇ ، كەتمەنگىلا قاراشلىقمۇ ياكى بىرەر ھۈنەرى بارمۇ ، بۇنى بىلمەيتتى . قىزمۇ بۇ مەھەللىدىكى باشقا قىزلارغا ئوخشاش ھۈنىرى بار يىگىتلەرنى چوڭ كۆرەتتى.

— كاككۇك!

قىز چۆچۈپ كەتتى . ئۇنىڭ بېشىدا ھېلىقى يىگىت قاراپ تۇراتتى . قىزنىڭ خىيالى ئۈركىگەن قۇشقاچتەك غايىب بولدى . يۈرىكى دۈپۈلدىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كېلىڭ ، تىنچ تۇرۇپسىز.

— تىنچ تۇردۇق.

ئىككىيلەن بىر ھازاغىچە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى ، قىز يىگىتنى يا ئۆيگە باشلاشنى ، يا مۇشۇنداق تۇرۇپ پاراڭلىشىشنى بىلمەي قالغانىدى.

— كېلىڭ ، مەشەدىلا ئولتۇرايلى، — يىگىت قىزنى ئۆرۈك سايە تاشلاپ تۇرغان قاشا ئاستىغا تارتتى . ئۇنىڭ مىجەزىدە بوشاڭلىق ئالامەتلىرى يوق ئىدى.

— مەشەدىمۇ؟ — قىز ئەندىكىپ كەينىگە داجەدى، — مەھەللىدىكىلەر كۆرۈپ قالارمىكىن.

— بۇ يەر خىلۋەت ئىكەن ، قاشا ، ئۆرۈك يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىغا بىر كىم كۆز سالمىغۇدەك . يەنە كېلىپ كۆجۈم مەھەللە باغنىڭ ئالدىدا ، بۇ يەرگە ئېزىپ قالغان قوي ، توخۇلىرىنى ئىزدەپ كەلمىسە ، باشقا بىرى

كەلمىگۈدەك.

قىز يىگىتكە يانداشىپ ئولتۇردى . قاشا تۈۋىدىن ئېقىپ ئۆتكەن ئېرىقنىڭ سۈيى بوش شوخشۇپ كىشىگە ئاراملىق بېرەتتى.

ــ سىز مېنىڭ يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈۋالدىڭىز،ــ دېدى يىگىت ئاۋۋال گەپ تېشىپ، ــ تويدا كۆرۈشكەن ئاشۇ ئۈچ ھەپتىدىن بېرى بۈگۈن تېخى سىز بىلەن ئازادە ئولتۇرۇپ مۇڭدىششقا نېسىپ بولدى.

قىزمۇ يىگىت دېگەن گەپنى دېمەكچى بولدى . ئەمما ، ئۇنىڭ تىلى تۇتۇلغان ، چاڭگىلداپ تۇرىدىغان ئاۋازى ئېچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى . ئۇ يىگىتنىڭ شۇ كۈندىكى شوخلۇقىغا قاراپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتنى ــ مەھەللىسىنى ئۇنتۇغان ھالدا يىگىتنى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . قىز غەيرەت قىلىپ يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتكە تىكىلدى . چۆچۈرە بادام دوپپا ، قارا كانۋا كۆڭلەك ئۇنىڭ چېھرىنى بىرئاز قارا كۆرسىتەتتى . كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىرئاز مۇغەمبەرلىك ، غالىبلىق چىقىپ



تۇرغاندەك... مەكتەپتىن چىققاندىن بېرى مەھەللىدىكى يىگىتلەرنى ياراتماي كەلگەن قىز قورسىقىنى كېڭرەك تۇتۇپ يىگىتكە يەنە بىر قېتىم كۆز تاشلىدى . يىگىت دېگەن بەك ئۆلۈك ، سولاش بولۇپ قالسىمۇ كۈننى كۈن ئېتەلمەيدۇ ، خوتۇننى باقالمايدۇ . مانا بۇ قىزنىڭ كۈتكەن يىگىتى ئىدى.

قىز ئۆزىنى يىگىت بىلەن تويى بولغان ھالدا تەسەۋۋۇر قىلدى . قىزىپ كەتكەن مەشرەپ ، ئۇسسۇلغا چۈشكەن يىگىت ، قىزلار... يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈش... ئۇ ئەمدى گۈلسۈمخانغا ئوخشاش بىر چىرايلىق چوكان بولىدۇ . تويدىن كېيىن ئېرىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئانىسىنىڭكىگە ئازنىلاپ كېلىدۇ . گۈلسۈمخانىمۇ شۇنداق بولدى . تېخى ئون نەچچە كۈن بولار ـ بولمايلا سۈتتەك ئاقىرىپ ھۆسنىگە تولۇپ ، قاملاشقان چوكان بولۇپ كېتىپتۇ...

ــ مەڭ ، بۇنى سىزگە ئەكەلدىم، ــ يىگىت يالتىراق خالتىغا ئورالغان بىر نەرسىنى قىزغا ئۇزاتتى . بۇ سېرىق ھېلىلە ياغلىق ئىدى.

ــ ھەشقاللا، ــ قىز يىگىتنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ياغلىقنى قولىغا ئالدى . ئەمما ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى . قىز سېرىق رەڭلىك نەرسىلەرنى ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى . سېرىق رەڭلىك نەرسە ئۇنىڭ كۆزىگە سوپسوپىياڭ بولۇپ كۆرۈنەتتى.

ئەتراپ شۇ قەدەر جىمجىت ، ئېرىقتىكى سۇنىڭ شىرىلدىشى پەسكويىغا چۈشۈپ قالغان ، ئۆرۈك يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا ئۆزىنى يوشۇرغان زەينەپمۇ سايراشتىن توختاپ قالغانىدى . كۆك قەرىدە تىكىلىنىپ تۇرغان قۇياش جانلىقلارنى سايىگە قاچۇرغانىدى . بىر ھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن ، قىزنىڭ كۆك ئۇسما سىڭىپ قالغان نازۇك قوللىرى يىگىتنىڭ تۈكلۈك قولىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ قالدى.

ــ ئۇنداق قىلماڭ ، ئۇنداق قىلماڭ! ــ قىز بوش ئاۋازى بىلەن يىگىتنىڭ ئىشتىراكىنى رەت قىلدى،ــ مېنى قويىۋېتىڭ!

لېكىن ، يىگىت ئۇنى قويۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس ، قىز جانسىز ھالسىرىغىنىچە تېپىرلايتتى . ئۇنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىغان ، كۈچ ـ مادارسىز ھالدا يىگىتنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ قالغانىدى . بىر پەس خۇدىنى يوقاتقان قىز لەۋلىرىنى چىشلەپ ئىڭراپ ، ياش ئېتىلىپ چىققان سۇلغۇن كۆزلىرىنى ئاچتى . بورانىنىڭ شەپىسى كېلىپ ، جاھان قىزىللىققا تولغان ، ئېرىقتىكى سۇ لېيىپ قالغان ، قاشتىكى يۇمران چىملار چەيلەنگەن... زەينەپ بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ سايراۋاتاتتى . باغدىكى ئىت كىمگىدۇر زەنجىر سىلكىپ ئېتىلىپ قاۋىماقتا ئىدى .

قىز پۇرلەشكەن ، قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىگە قاراپ كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى . قىزنىڭ ھالىغا قاراپ سەت ھىجىيىپ تۇرغان قۇۋ كۆزلەردە بىر خىل مەغرۇرلۇق ئۇچقۇنداپ تۇراتتى.

قىز يۈزىنى تۇتۇپ بوقۇلداپ يىغلىغىنىچە ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىردى . ئۆزىنى سۇپىغا تاشلاپ چاچلىرىنى يۇلۇپ ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلىدى . ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك قەدىرسىز ھېس قىلدىكى ، گويا ئەمدىلا ئېچىلاي دەپ تۇرغان قىزىلگۈل ئېشەكنىڭ ئايىغىدا چەيلەنگەن ، ئاسماندىكى ئاي توساتتىن يەرگە چۈشۈپ پاتقاقتا مىلەنگەن ، نۇرىنى ، جەزبىسىنى يوقاتقاندى.

پاك ، غۇبارسىز قەلبىگە داغ چۈشكەن قىز ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ياش تۆككەچ يىگىتنى كۈتتى . ئۇ ئەمدى ئۆزىنى «ئەكېتىدىغان» لەۋزىدە چىڭ تۇرسىلا ، كېيىنكى ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . دېمەكچىلىك يىگىت يەنە كەلدى . ئۇ ئۇرما ئەۋجىگە چىققان چىڭقى چۈش ۋاقتى ئىدى . قىز يىگىتكە تەلمۈردى . ئۇ «خامانى ئېلىۋېلىپلا توي قىلايلى» دېگەن گەپكە زار ئىدى . لېكىن ، يىگىتنىڭ مەغرۇر كۆزلىرىدە ئۇنداق گەپتىن ئەسەر يوق ، شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى . ئۇ قىزغا يەنە شۇنداق قول سوزدى.

ـــ قولىڭىزنى تارتىڭ، ـــ قىز بۇ قېتىم كەسكىنلىك بىلەن يىگىتتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

ـــ مەن بۇگۈن ئېغىزىڭىزدىن بىر گەپ ئاڭلاي.

ـــ قانداق گەپ ئاڭلىغۇڭىز باركىن ئاشنام؟ ـــ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە نە سەممىيەت ، نە مەسئۇلىيەتتىن دېرەك يوق ، قاشلىرىنى ئويىنىتىپ كۈلدى . قىز تىلىغا زەھەر تەگكەندەك سەسكىنىپ كەتتى . تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ ئاۋازى بوش چىقتى:

ـــ نېمە دېدىڭىز؟!

قىز ئۇنىڭ گېپىنى خاتا ئاڭلىۋالغان بولماي دەپ ، يەنە ياندۇرۇپ سورىدى:

ـــ ئاشنا دېدىڭىزما؟

ـــ ھەئە!

ـــ ئۇنداق لاۋزىلىشىپ مېنى تېرىكتۈرمەڭ ، قاچان ئەلچى ئەۋەتىسىز؟

ـــ ئەلچى؟ ـــ يىگىت يەنە كۈلدى ، ئاۋازى مەسخىرىلىك ئىدى.

ـــ مېنىڭ خوتۇن ، بالام بار ، تاتلىقىم...

ـــ يالغان گەپ قىلماڭ! ـــ قىز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى، ـــ مېنى ئالدىمىغانسىز؟!

ـــ كۆڭلىڭىزنى ئالغىنىم ئالدىغىنىم ئەمەستۇ؟

نامەردنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى . قىز ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن بىر شاپىلاق سېلىۋەتكەندى، ـــ سەن مېنىڭ قەدىر ـ قىممىتىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىڭ ، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان ھايۋان!

ـــ يىغلىماڭ ، نېمە قىلىسىز يىغلاپ؟ ـــ يىگىت يۈزىنى سىلاپ قىزارغان كۆزىنى ئۇۋۇلىدى، ـــ ئۇپراپ كېتەمتى ، يا!

ـــ مەن سېنىڭ ئەدەپ ـ جازايىڭنى بەرگۈزىمەن ، ئالا كۆڭۈل ھايۋان! ئىسمى ـ زاتىڭ نېمە؟

ـــ شەپشەك غونجىندەك بۇنداق چاپچىپ تۇرسىڭىز ، ئەمدى ئىسمىمنى دەپ بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى، ـــ يىگىت شۇنداق دەپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . ئۇلار ئېرىق بويىدا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغاندى.

قىزنىڭ خۇشاللىقى يوقالدى . قىزلىق قەدىر ـ قىممىتى چەيلىنىپ روھى سۇنغان ، تەگسىز ئازابقا مۇپتىلا بولغانىنى ئاز دەپ ، قورسىقىدا قالغانلىقىنىڭ بېشارىتى كۆرۈلۈۋاتاتتى.

زۇمرىخان ھارام بالىغا ھامىلدار بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭ جەمەتى يۇرت خەلقىنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرگۈسىز نومۇس ، ئازابقا قالدى . بېشىنى كۆتۈرەلمىگەن دادىسى بىلەن ئانىسى بىر كېچىدىلا ئۇكىلىرىنى ئېلىپ يۇرتتىن چىقىپ كەتتى . ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭدىن كەچتى . ئۆرۈكلۈك سايە تاشلاپ تۇرىدىغان قاشانىڭ تۈۋىدە كۈن ـ كۈنلەپ زەينەپنىڭ سايرىشىغا قۇلاق سېلىپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغان قىز شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى نامەردنى كۆرمىدى.

يەنە بىر كۆكلەم كەلدى . باغدا زەينەپنىڭ كاككۇكنى تىنىمسىز چاقىرىشى ئاڭلانغاندا ، زۇمرىخاننىڭ كۆزى يورۇدى . يالغۇز ئۆيدە ئۆزى تولغاق يەپ ، ئۆزى تۇغقان ، بالىنىڭ كىندىكىنى ئۆزى كەسكەن ، ئۆزى ئېغىزلاندۇرغان زۇمرىخان قىزىغا «زەينەپ» دەپ ئىسىم قويدى.

## 3

زۇمرىخان گۈزەللىك ، شوخلۇق ، نەزىرى ئۈستۈنلۈك ئۆزەڭگىسىدىن سۆرىلىپ چۈشۈپ قالدى . ئەمدى ئۇنىڭ نەپرەتلىك كۆزلەر ئالدىدا خەقنىڭ پۇتىدىن سالدۇرۇلۇپ قالغان ئەسكى كېپىشچىلىك قەدرى قالمىغانىدى . ئۇ ئايلاپ تارغاق تەگمىگەن چاچلىرىنى پېشانىسىگە چۈكۈ-

رۇپ چىگىشۋالىدىغان كونا يىرتىق ياغلىقىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ، ئۈن ـ تىنسىز ھالدا تىرىكچىلىك غېمىدە ئۆمىلەيتتى . ھېچكىمگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىمايتتى . ھېچكىمگە چىش يېرىپ گەپ قىلمايتتى . خەق ئۇنىڭ دادىسى يوق بالىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغان تۇرقىغا قانچە نەپرەتلەنسە ، ئۇمۇ جاھانغا ھۆكۈمران بولۇۋالغاندەك ئۆزىنى غالىب ھېسابلايدىغان ساقال ـ بۇرۇتلۇقلارغا شۇنچە نەپرەتلىنەتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇرۇتلۇقلار شەھۋەتخورلۇق ، تەمەخورلۇق ، ئالدامچىلىق ، نامەردلىكنىڭ بەلگىسىدەك كۆرۈنەتتى . ھە ، زۆمرىخان بۇرۇتنى لىكىلدىتىپ ئۆزىگە ئىما ـ ئىشارە قىلىدىغان ، ئۆزىنىڭ كويىدا يۈرىدىغان ئەركەكلەرگە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ بولغانىدى . ئەرلەر ئۇنى شۇنداق خوتۇن دەپ ، ئۇچرىغان يەردە كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشقا ، سۆركىلىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى . ئۇ بولسا ھەممىگە نەپرەت بىلەن ئالىيىپ ، گەپ تەشكەنلىكى ئەرلەرگە تىل ، دەشنام ياغدۇرۇپ ، قەدىرسىز كەتكەن قىزلىقى ، زەبۇن بولغان ياشلىقىغا ياش تۆكەتتى . شۇ تەرزدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، زۆمرىخان شۇنداق بىر ئايالغا ئايلاندىكى ، يۇرتتىكى ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدىغان ، ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئەكسىچە ، ئاياللار ئەرلىرىنى زۆمرىخاندىن كۈنلەيتتى . ئۇچرىغان يەردە ئاشۇ تۇل خوتۇننىڭ چاچلىرىنى يۇلغۇدەك بولاتتى . رەھىمسىز رېئاللىق زۆمرىخاننى باغرى پۈتۈن ، مىجەزى تۇك ، قەتئى ، ئاغزى ئىتتىك ، ھېچكىمگە چىراي ئاچمايدىغان بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

زەينەپ چوڭ بولغاندىن كېيىن زۆمرىخاننىڭ يەنە بىر قېتىم باغرى لەختە ـ لەختە قان بولدى . چۈنكى ، بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىز «كا... كا... كۇ... كۇ...» دېگەندىن باشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايتتى . ئۇ نېمىشقىكىن تۇغما گاچا بولۇپ قالغانىدى . زۆمرىخان قىزىغا تىل چىقىرىش ئۈچۈن بىلگەن ، ئاڭلىغان سەۋەبنىڭ ھەممىسىنى قىلدى . يۇرت ئارىلاپ ناغرا چېلىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان قەلەندەرلەرنىڭ ناغرىسىنىڭ چوكىسىنى چايقىغان سۇنى ئىچكۈزۈپ باقتى . باخشىغا ئوقۇتۇپ سەۋەب قىلدۇردى . مازار ـ ماشايىخلارغا ئاپاردى . لېكىن ، زەينەپ يەنە تىلسىز پېتى قېلىۋەردى.

— پاسىقلىق ئۇرۇقىدىن تۆرەلگەن شۇم ئاشۇنداق تىلسىز بولىدۇ!

— زىناھ ھارامدۇر ، ھارام ئارىلاشقان ھامىلە مەجرۇھتۇر!

— ھارام ئايىغى تەگكەن يەر قۇرۇپ كېتەرمىش!

— باغنىڭ ئۆرۈكلىرى يەنە ئاق توزان① بولۇپ قاپتۇ.

— بەلكىم ، بۇ يىلمۇ ئۆرۈك ئوخشىمىدى بولغاي...

«قاغا چىشقان» ئېغىزلار يۇمۇلۇپ ئۆتمەيتتى . ئاتلىنىپ تۇرۇپ دارتىملاشلار ئانىنىڭ جېنىغا تېگەتتى . لېكىن ، ناتىۋان قىز نەپرەتلىك كۆزلەردىن ، «شور تۇمشۇق» ئېغىزلاردىن بىخەۋەر ئۆرۈكنىڭ شېخىغا چىقىۋېلىپ ، زەينەپنىڭ كاككۇكنى چاقىرىشىغا قۇلاق سالاتتى . تامنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋېلىپ ، تەڭ دېمەتلىكلىرىنىڭ «ئوردىكوم» ئويىنىشىغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتى . ئەمما ، ئۇلار ئۆزىنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا ئالدى ـ كەينىگە قارىماي بەدەر قاچاتتى . ئۇ دېمەتلىكلىرىگە شۇنچە ھېرىسمەن ئىدىيۇ ، لېكىن ئۇلاردىن قورقاتتى ، ئۆزىنى قاچۇراتتى.

زەينەپ تىل مەجرۇھلۇقىنىڭ ئەكسىچە شۇنچە تېمەن ، قاۋۇل چوڭ بولدى . زۆمرىخان ئۇنىڭ ئاق ئۆرۈكتەك سۇزۇك ، پارقىراق چېھرى ، ئۆرۈك كۆتىكىدەك تەمبەل ئۇستىخىنىغا قاراپ ھېلىقى نامەرد بۇرۇتلۇقنى ئويلاپ قالاتتى . زۆمرىخان كېيىن گۇلسۇمخاندىن ئۇ نامەردنىڭ ئۆزى قانات سۆرەپ قالغان بىر ئايالنىڭ ئېرىدىن تاياق يەپ ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى.

خەقنىڭ تارتقۇلۇقى ئۆزىگە ، ئۇنداقلارنىڭ ئۆزگىلەرگە قىلىپ قويغىنى بار بولغاچقا ، ھامان ئاشۇنداق تارتقۇلۇقنى تارتىدۇ . ئەمما ، خەقنىڭ تارتقۇلۇقى بىلەن زۆمرىخاننىڭ تەقدىرى ئۆزگەرمەيدۇ . «قارا كىگىز» قارا كىگىز پېتىچە قېلىۋەردى . ئوتلۇق ھېسسىياتىنىڭ ، شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ ، تەقدىرى تۈپتىن ئۆزگەرگەن قىز نەپرەتلىك كۆزلەرنىڭ ، ئۆزىنى قاچۇرۇشلارنىڭ ، دارتىملاشلارنىڭ ، كەينىدىن تۈكۈرۈشلەرنىڭ ئىچىدە بۆگۈنگىچە تىرىك ياشىدى . ئۇ ئاشۇ قارا باسقان يەكشەنبىدىن كېيىن ، كۆزلىرىدىكى مەغرۇرلۇقتىن ئايرىلدى . خەقنىڭ كۆزىگە يېلىنجاپ تۇرغان ئوتتەك ئەمەس ، پۇرقىراپ تۇرغان تۈتۈن بولۇپ كۆرۈندى.

ئاردىن يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى . زۆمرىخان ئاتا ـ ئانىسى بىكارلاپ بېرىپ چىقىپ كەتكەن ئاشۇ كونا ئۆيدە ياشلىقى بىلەن خوشلىشىپ چارباش بولدى . كۆزى ئاجىزلاپ ، ئەلگەك كىيگۈزۈپ قويغاندەك تورلىشىدىغان

① ئاق توزان — ئۆرۈك كۆچەتلىرىگە چۈشكەن بىر خىل كېسەللىك.

بولۇپ قالدى . يۈزىگە قېرى ئۆرۈكنىڭ قوۋزىقىدەك يېرىق ـ يېرىق قورۇقلار ئىز سالدى . ئۇ ئاشۇ يىللاردا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنىمۇ قىلالمىدى . ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆزىگە قارىغۇدەك يۈزىمۇ يوق ئىدى . زەينەپ رەسىدە بولغاندىن تارتىپ بىچارە زۇمرىخانىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى ئېشىپ بارغانىدى . ئۇ تىلى بولمىسىمۇ قازان بېشى ، تۆشۈكلۈككە ئەپچىل ، ئېتىز ئىشىغا قاۋۇل چوڭ بولغان قىزىنى يۇرت ئىچىدە بىرەرسىگە هالاللاپ چېتىپ قويۇپ ، بېشىنى ساقايتىشنى ئويلايتتى . لېكىن ، بۇ كىشىلەر زەينەپتىن قاچاتتى . زەينەپكە ، باغنىڭ كەينى قاشاسىدىكى بۇ كونا هويلىغا بىر خىل سىرلىق تۇيغۇدا قارىشاتتى . زەينەپمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن شۇنداق قاراشنى بايقاپ قالغاندەك ، ئۇلار بىلەن كارى يوق ئىدى . ئۆزىنى قاچۇراتتى . كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئېتىزلىققا ئىشقا چىقسا ، مەزمۇت ئەر كىشىدەك «گۇپ ، گۇپ» قىلىپ كەتكەن چېپىپ ، ئىشنى ئۆز تەرتىپى بويىچە تۈجۈپىلەپ ئىشلەپ تۈگىتەتتى . ئۆيدە تۆشۈكلۈككە قول تىققۇدەك بولسا ، ئۆزى تېرىپ ئۆستۈرگەن ئوتياشلىرى ، كۆك پۇرچاق ، ماش ، باقىلە ، نوقۇت بىلەن يوقسۇزلۇقتىن گۆش ، ماينىڭ دىدارى بولمىغان قازاننى قويۇلدۇرۇپ ئانىسىنى تاڭ قالدۇراتتى . ئارام تېپىپ قالغان چاغلىرىدا ئىشىك ئالدىدىكى كۆتەككە چىقىپ ئولتۇرۇپ ، باغقا قاراپ زەينەپنىڭ پىغانلىق نالىسى بىلەن كاككۇكنى چاقىرىشىغا قۇلاق سالاتتى ، كەشتە تىكەتتى.

زەينەپنىڭ شۇنچە ئىشچان ، رايىشلىقىغا باقماي ، هېچكىم ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىدى . ئانىنىڭ تەمە قاچىسى توشۇپ ، ئۈمىدى ئۈزۈلدى . مانا ئەمدى بۇ قىز ئۆز پەسلىدىن ئۆتۈپ ، يىگىرمە توققۇز ياشقا كىرىپ قالغاندا ، ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بەردى . بۇ ئۆزگىرىش ئانىنىڭ ئۇنىڭغا هامىلدار بولغان ۋاقتىدىكى ئۆزگىرىشكە ئوخشايتتى . بۇ ياشقا كىرىپ قېرى قىز بولۇپ قالغاندا ، ئۇنىڭغا كىم چېقىلىپ قويغاندۇ؟!

ئانا چاچلىرىنى يۇلۇپ ، ئۆزىنى كاچاتلىدى . ياشلىقىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغىنى ئۈچۈن تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئۆزىنى بۇ قەدەر جازالىغانلىقىغا ئۆيدىن تالاغا چىقماي دۇم يېتىپ يىغلىدى.

4

— كاككۇك ، كاككۇك ، كاككۇك!

زەينەپ تىنىمسىز سايراپ كاككۇكنى چاقىراتتى . ئۇنىڭ سايراشلىرىغا ئاچچىق نالە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى .

باغنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى كىشىلەر زەينەپكە ئۆچ ئىدى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە زەينەپ تاشلىۋېتىلگەن شۇم جانىۋار ئىكەن . ئەگەر زەينەپ تاشلىۋېتىلمىگەن بولسا ، جۈپ ـ جۈپى بىلەن دانلىشىپ يۈرگەن ئۈچار قاناتلار ، هېچبولمىغاندا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا جۈپتىنى قوغلاپ يۈرگەن پاختەكچىلىك بولسىمۇ ئۆز قەدرى بىلەن ياشار ئىكەن . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، زەينەپ يەنە ئۆزگىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرارمىش . شۇڭا ، قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىغا مۆكۈۋېلىپ نالە قىلارمىش . ئۇنىڭ سىماسىنى ئاسانلىقچە چېلىقتۇرغىلى بولماسمىش . ياز بويى نالە قىلىپ كاككۇكنى چاقىرغان زەينەپنىڭ ئۆرۈك غازاڭ بولغاندا نەپىسى بوغۇلارمىش . ئۇنىڭ كاككۇكنى تېپىشقا كۆزى يەتمەي ، قايسىبىر پاسىق قۇشقا قانات ئاچارمىش ، شۇڭا زەينەپ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى بولغان ئەمەسمىش.

يامان كۆزلەرنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ ، ئۆرۈكنىڭ چاتىقىغا چىقىۋالغان زەينەپ تۆت تەرەپكە شاخلاپ تۇرغان چاتاقلار ئارىسىدا ئەپلىشىپ ئولتۇردى . يانچۇقىدىن ئاددىي خەسە قولياغلىق ، يىپ ـ يىڭنىسىنى ئېلىپ كەشتە تىكىشنى داۋاملاشتۇردى . ئۇ ياخشىراق رەڭلىك يىپ تاپالمىغانلىقتىن ، كونا باش ياغلىقتىن سۇغۇرۇۋالغان ئىككى ـ ئۈچ خىل رەڭدىكى يىپ بىلەن ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى . زەينەپ بىر هازا ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلدى . قىز شاخقا قونۇۋېلىپ تۇمشۇقىنى ئۇلۇغ ئېچىپ سايراۋاتقان بىر قۇش بىلەن يىراقتىن بۇ قۇشقا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان يەنە بىر قۇشنىڭ رەسىمىنىڭ شەكلىنى چۈشۈرگەنىدى . قىزنىڭ كۆزى قولياغلىقتا ، ئۆزى شېرىن بىر تۇيغۇ ئىلكىدە كۈلۈمسىرىگىنىچە خىيالى قانات قاقتى.

— كىم سىز ، بۇ سۆگەت شاخلىرىنىڭ دالدىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇۋاپسىز...؟

— كا... كا... كۇ... كۇ...

— هوي ، سىزنىڭ تىلىڭىز يوقما؟

— كا... كا... كۇ... كۇ...

— تووۋا ، قاش ـ كۆزى جايىدا ، ئۆزىمۇ شۇنداق بېجىرىم بىر ئايال زاتى... تىلىڭىزغا نېمە بولغان؟ — ئەر ئۇنىڭ يېنىدا زوڭزايغان ، زەينەپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ ، قويلىرىنىڭ يېنىغا قېچىۋالغانىدى.

— هەي... هەي قاچماڭ ، مەن ئەسكى بەندە ئەمەس!

زەينەپ بار ـ يوقى ئۈچ تۇياق قويىنى ئالدىغا سېلىپ قوغلاپ ئۆيگە يېنىپ كېلىۋالغان ، يۈرىكى دۈكۈلدەپ ئاغزىغا تىقىلىپ قالغانىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ سەزگۈر قۇلىقىدا «مەن ئەسكى بەندە ئەمەس» دېگەن گەپلەر ئەكسىلىنىپ تۇراتتى . قىز ئەتىسى چىڭقى چۈشتە بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ئۆستەڭ بويىغا يەنە كېلىپ قالدى . چۈش ۋاقتىدا ھاۋا ئىسسىق ، ئېتىز ئىشىدا ھېرىپ چارچىغان كىشىلەر ئۆيىگە تىقىلىۋالغاچقا ، مەھەللىدىن خېلى چەت بولغان ئۆستەڭ بويى جىمجىت ئىدى . كېلىشىپ قويغاندەكلا ھېلىقى ئەر ئۆستەڭ بويىدا يەنە پەيدا بولدى . بۈگۈن ئۇنىڭ مۈرىسىدە كەتمەن يوق ئىدى . ئەر تىلى كەمتۈك قىزنى چۆچۈتۈۋەتمەي دېگەندەك مودۈر ـ چوقۇر ، كۆرۈمسىز يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، نوتىلىرى سۇ يۈزىگە تېگىپ تۇرغان سۆگەت سايىسىدىكى قىزنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ مېنىڭ ئىسمىم قاۋۇلاخۇن ، سىزنىڭچۇ؟ ــ ئەر بۈگۈن شەرەت بىلەن گەپ تەشتى . ئۆزىگە گەپ قىلغانلار شەرەتلەپ مەقسىتىنى ئۇقتۇرسا ، قىزنىڭ چىرايىغا كۈلكە يامىشاتتى . ئۆزىمۇ شەرەت بىلەن تىلىنى ئۇقتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى.

ــ كا... كا... كۇ... كۇ... ــ زەينەپ بىرنېمىلەرنى دېدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىغا تىلى كەلمەيتتى.

ــ ئاش ئېتەلەمسىز ، ئاش؟ ــ ئەر ئاۋۋال يىڭنى شىمايلاپ خېمىر يۇغۇرۇش ھەرىكىتىنى ، ئاندىن ئاغزىغا بىر نەرسە سېلىپ ، تەمىنى تېتىغان قىلىقنى ئىپادىلىدى.

ــ ئېھە... ــ قىز ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىچىدە بېشىنى لىڭشىتتى ھەم نېپىز لەۋلىرىنى جۇپلەپ «تاتلىق» دېگەندەك ئاۋاز چىقىرىپ قويدى.

ــ ۋاي تېخى! ــ ئەرمۇ خۇشال بولغان ھالدا ئاغزىنى ئېچىپ قالدى، ــ ياماقچۇ ، ياماق يامىيالامسىز؟ــ ئۇ شۇنداق دەپ قولتۇقى يىرتىلىپ كەتكەن كونا كۆڭلىكىنى ئىشارە قىلدى.

ــ ئېھە... ــ قىز تېخىمۇ خۇشال بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى . تولا يۇيغانلىقتىن رەڭگى ئۆڭگەن توپا رەڭ پىلاتىنىڭ يانچۇقىدىن بىر جۇپ قىزىلگۈل كەشتىلەنگەن ياغلىقنى ئېلىپ كۆرسەتتى.

ــ ۋاي تېخى! ــ ئەر قىزنىڭ سۇس خېنە قويغان تىرناقلىرىغا قاراپ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى، ــ ئېرىڭىز يوقتۇ ، مۇنداق ئېرىڭىز؟ ــ ئۇ ئوڭ قولىنى ئېڭىكىگە چەنلەپ «ساقال» دېگەن مەنىنى ئىشارە قىلدى.

ــ ئېھە... ــ قىز تېخىمۇ قىزىرىپ ، بېشىنى چايقاپ يەرگە قارىدى.

ــ ماڭا تېگەمسىز ، ماڭا؟ ــ ئەر بىگىز بارماقلىرىنى جۇپلەپ گېپىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلىدى . قىز يۈزىنى تۇتۇۋالدى.

ــ ئىزا تارتماڭە ، ھەي... ــ مەنمۇ چا ، پۇشۇدا ① يامان خوتۇنغا يولۇقۇپ قاپتىكەنمەن . ئۇ خوتۇن ماڭا ئاش بولماي ، بىر ـ بىرىمىزگە ئارقىمىز بولۇشۇپ قالغان . كېيىن ئاجراشتۇق ، تازا... ھازىر ئەمدى خوتۇن ئالاي دېسەم ، پۇلنىڭ تايىنى يوق . نەچچە ۋاقىنىڭياقى سۇ ياقىلىغاچ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سىزگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ، قارىسام ، ناھايىتى جىمغۇر ، ئوڭلۇق كۆرۈندىڭىز ، شۇڭا قىچىقلاپ گەپ ئېلىپ باقاي دەپ ، گەپ سوردىشىم، ــ ئەر شۇنداق دەپ قىزنىڭ ئۇزۇن بارماقلىرىنى تۇتتى...

ئۆستەڭ بويى مەھەللىدىن چەتتە ئىدى . ئۆستەڭ سۈيى تىنچ ئاقاتتى . سۇ بويىدا ياشىرىپ تۇرغان باراقسان سۆگەتلەر ئۆستەڭ قىرغىقىغا زىچ سايە تاشلاپ تۇراتتى . چىڭقى چۈشتە سۆگەت يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇغان قۇياش نۇرى قىزنىڭ گۈلگۈن چېھرىدە بىر خىل ئالا ـ بالداق نۇرنى ھاسىل قىلغانىدى... قىز كۆزىنى يۇمغىنىچە چىملىق ئۇستىگە تاشلىنىپ يەنە بىر پەس ياتتى . ئۇ پۈتۈن بەدىنىگە تارىغان شېرىن تۇيغۇنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكىنى ئىستەيتتى . ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ، ئەر ھەم ھاياجان ، ھەم ئەندىشە ئىچىدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

ــ سىز گەپ قىلالمىغىنىڭىز بىلەن بېجىرىم قىز ئىكەنسىز ، ئەمەسمۇ! ماڭا بىر جۈپ ئوغۇل تۇغۇپ بېرىڭ ، ماقۇلمۇ!

قىز لەۋلىرىنى چىشلەپ بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇنىڭ كۆز چانىقى ياشقا تولغانىدى . بۇ كۆزلەرگە بايىقى شېرىنلىكنىڭ ئورنىدا قانداقتۇر بىر خىل قورقۇش ، ئەندىشە پەيدا بولۇپ قالغانىدى.

ــ يىغلىماڭ ، يىغلىماڭ . مەن سىزنى ئالىمەن . بىز ئەر ـ خوتۇن بولىمىز . ئۆستەڭدىكى ئۇلۇغ سۇ بۇنىڭغا گۇۋاھ، ــ ئەر سۆزلىگەچ ئۆستەڭنى ، ئۇلۇغ ، ئەمما تىنچ ئېقىۋاتقان سۇنى ئىشارە قىلدى.

شۇ كۈنى قىز ئەر بىلەن ئۆستەڭنىڭ ئاياغ تەرىپىگە بېرىپ تامبال بىلەنلا بويىنى سۇغا سالدى . كەچتە ئانىسى

① پۇشۇ ــ تۇنجى ، بىرىنچى قېتىم دېگەن مەنىدە بولۇپ ، جەنۇبتىكى دېھقانلار كۆپ قوللىنىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ هۆل تۇرغان تامبىلىغا قاراپ گۇمان قىلغىنىچە: «سۇغا چۈشۈپ كەتتىمۇ ، كۆزۈڭ ساق بولغاندىكىن ، قاراپ ماڭساڭ بولمامدۇ!» دەپ قالدى.

زەينەپ كەشتە تىكىشتىن توختاپ ، ئۆرۈك يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆستەڭ تەرەپكە قارىدى . ئۇنىڭ خۇمارلىق كۆزلىرىدە بىر خىل ئىشەنچ نۇرى جىلۋە قىلاتتى . هە ، ئۇ ئەرنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . ئۇ بۇ ئىشەنچىنى ئەرنىڭ تاۋۇز ئۇرۇقىدەك كۆرۈمسىز، ئەمما سەممىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ، هاياجانلىق ئاۋازىدىن هېس قىلغانىدى.

توساتتىن باللارنىڭ چۇرقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى ، چۆچۈپ كەتكەن زەينەپ بويۇنداپ پەسكە قارىدى . ئۇلار بىر تاغىل مۈشۈكنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . قېچىپ كېلىۋاتقان مۈشۈك ئۇدۇل ئۆرۈككە ياماشتى . مۈشۈك چاتاقتا ئولتۇرغان زەينەپنى كۆرمىگەندەك ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، باش تەرىپىدىكى شاخقا يامىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى . چۇرقىراشقىنىچە يۈگۈرۈپ كەلگەن باللار «پەش ، كاپىر» دېيىشكىنىچە ، ئۆرۈك شاخلىرىغا چالما ئېتىشقا باشلىدى . ئۆرۈكتىن ئالا غورىلار تۆكۈلدى . مۈشۈكنىڭ قازىسىنى يىتتۇرۇپ قويغان باللاردىن بىر ـ ئىككىسى ئۆرۈككە يامىشىپ ئۈلگۈردى.

ـــ ئوهوي... زەينەپ بۇ يەرگە چىقىۋاپتۇ! ـــ ئۇنى كۆرۈپ قالغان باللار چۇرقىرىشىپ كەتتى.

ـــ كېنى... كېنى؟

ـــ ئەنە ، ئاۋۇ شاختا!

ـــ ئوهوي!

باللار مۈشۈكنى ئۇنتۇپ زەينەپكە ئولاشتى . قولىغا چىققانلىكى نەرسە بىلەن ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە ئېتىشقا باشلىدى . زەينەپ يۈز ـ كۆزىنى دالدا قىلىپ ، چالما ـ كېسەك ، توڭ غورىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى . «ئۇنداق قىلماڭلار» دېگەندەك ئىلتىجالىق كۆزلىرى بىلەن باللارغا يېلىناتتى . لېكىن ، بۇ باللار ئۆزىگە ئويۇن تېپىلغىنى ، كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ئىشنىڭ هەممىنى قىلاتتى ، ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتمەيتتى . كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تىنچلىقى بۇزۇلغان ، باش ـ كۆزىگە چالما تېگىپ ئۈلگۈرگەن زەينەپ ئامالسىز يەرگە چۈشۈشكە تۇتۇندى . كۆڭگەن چەبدەسلىكى بىلەن ئۆرۈك غولىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى . باللار تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ قاچتى . ئەمما ، زەينەپنىڭ ئۆزلىرى بىلەن كارى يوق ئۆستەڭ بويىغا قاراپ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى.

ـــ هۇ ئانىسى بەزا ، دادىسى بەزا توخۇ پوقىلار! ـــ قاياقتىندۇر پەيدا بولغان زۇمرىخان باللارغا قاراپ ئېتىلدى . قولىدىكى سۆگەت چىۋىقى بىلەن بىر ـ ئىككىسىنىڭ يالىڭاچ تېقىمىغا ساۋاشقا ئۈلگۈردى . باللار چىرقىراپ يىغلىغىنىچە قاچتى، ـــ مېنىڭ قىزىم ئاناڭنىڭ ئارپىسىنى خام ئورۇغانمىدى ، هوي هاراملىقلار... ۋايجان ، ۋايجان جاق تويدۇم بۇ ۋاره ـ ۋۇرەكلەردىن... مەكتەپ تەتىل قىلىپ بەرمىسىمۇ بوپتىكەن ، بۇ ئوت قويدىلارغا!

## 5

ئۆرۈك غازاڭ بولدى . زەينەپنىڭ ئۇنى بوغۇلدى .



باغىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكىلەر زەينەپتىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ قالدى.

ـــ زەينەپ بوغۇلۇپ تۇزۇك سايرىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ـــ نېمە بولدىكىن ، ئۇ شۇم پېشانە قۇشقا؟

ـــ پەيلىرى تۇزۇپ ، تاز چىراي تۇسكە كىرىپ قاپتۇ.

ـــ شاخقا قونۇۋالغان يېرىدە مۈگدەپ ئولتۇرىدىكەن.

— تۇرقى بۇرۇنقىدىن كاداڭلىشىپ قاپتۇ.

— جۇپتىنى تاپقان چېغى.

— جۇپتىنى تاپمىقى ئاسان ئەمەس . كاككۇك زەيىنەپنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن تېزىپ شور دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۇچۇپ كەتكەنمىش . شۇڭا ، بىچارە زەينەپ ئاشۇنداق يېگانە هالدا كاككۇكنى چىللاپ ، ئاخىر ئۇنى بوغۇلارمىش.

— ئىسىت ، بارچە قۇشلار جۇپ ـ جۇپى بىلەن شوخ سايرىشىدۇ ، پاسىق زەينەپ ۋاپاسىزلىقنىڭ ۋابالىدا ئىكەن ـ دە!

— شۇ ، پاسىقلىق زەينەپنىڭ ئانىسىدىن ئۇدۇم قالغان، — باغنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكىلەرنىڭ ئەس ـ يادى زەينەپكە مەركەزلىشىپ قالغانىدى . ئۇلار ئۆرۈكنىڭ شىپىخىدا ئاندا ـ ساندا بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ سايراپ قويىدىغان زەينەپ بىلەن ئۆرۈك چاتىقىدا خىرامان كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان زەينەپ توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئارلاشتۇرۇپ سۆزلەيتتى . ئاڭلىماققا بۇ زادى قايسى زەيىنەپنىڭ گېپى ، بۇنى ئاڭقىرىپ بولغىلى بولمايتتى . ئەمما ، كۆڭلى نازۇك زۇمرىخان بۇ گەپنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقىنى بىلەتتى . ئاهانەتكە چىدىمىغان زۇمرىخان سۆزمەنلىكتە ئۇچىغا چىققان توختىخان بىلەن تىللىشىپ قالدى . ئىرىنى زۇمرىخاندىن كۇنلەپ يۈرگەن بۇ خوتۇن ئاغزىنى يار ئالغان ئېچىقتەك قويۇۋەتتى:

— باغنى چىللە قىلغان قېرى دەللە ، جالاپلىقنىڭ ئەمدى قىزىڭغا ئۇدۇم بولدىما؟!

زۇمرىخاننىڭ گېپى ئۇنىڭدىن سېسىق ئىدى . هېچقانداق چاغدا قىلدەك ئۆتكۈزمەيتتى . يامان يېرى كەلسە چاچ يۇڭدىشاتتى . لېكىن ، ئۇ بۇ قېتىم گەپ قىلمىدى . خەقنىڭ قىزىنى قاماپ ـ قوشۇپ قىلغان ئاهانىتى ئىچ ـ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى . زۇمرىخان بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى . ئۇ زەينەپنىڭ غەيۋەتكە چۈشكەن ئاشۇ شور تۇمشۇقلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى . ئۇ قىزىنى ئۇرمايتتى ، تىللىمايتتى . پەقەت كۆزلىرىدىن هىيلىگەرلىك چىقىپ تۇرغان هېلىقى نامەرد بۇرۇتنى كۆز ئالدىدىن يىراق قىلىشقا تىرىشاتتى . زۇمرىخانغا بۇ دۇنيا تار كېلىپ قالغانىدى.

بىر جۈمە كۈنى ئەتىگەندە ئالاقزادە بولغان زەينەپ پالاقلاپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيىمۇ ئۆي چېپىپ ئادەم چاقىردى . بىر كىم گېلىنى بوغقاندەك ئىما ـ ئىشارەتلەرنى قىلىپ كىشىلەرنى ئەنسىزچىلىككە سالدى . كىشىلەر زەينەپنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىشكەندە ، زۇمرىخاننىڭ ئۆزىنى ئېسىۋالغانلىقىنى كۆردى . هاياتنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتكەن رەهىمتى باغنىڭ قاشاسىدىن ئارتىلىپ تۇرغان ئۆرۈك شېخىغا سىرتماق سېلىپ ئۆزىنى ئېسىپ ، رەهىمسىز دۇنيا بىلەن خوشلاشقانىدى . ئادەم مەيلى ياخشى بولسۇن ، مەيلى ئەسكى بولسۇن ، يورۇق دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان كۈنى ، هايات قالغانلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇنىڭ ياخشىلىق تەرىپى زاهىر بولىدىغان گەپ ئىكەن . «هە ، زۇمرىخان تېگىدىن ئەسكى ئايال ئەمەس ئىدى . ئۇ پەقەت ئالدانغان ، ئالدىنىشىنىڭ دەردىنى تارتقان ئايال ئىدى . ئۇ بىر ئۆمۈر باغنىڭ كەينىدە ياشاپ ، باغنىڭ ئىچىگە ئاياغ بېسىپ باقمىغانىدى» . قارىشىپ تۇرغانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يىغا ياماشتى . رەهمەتلىك پاك كېتىشكە تىرىشقانمىكىن قانداق ، يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بېشىغا يېلىم چېپىپ ئاق ياغلىق چىگىۋالغان ، ئۇچىسىغا كونا بولسىمۇ پاكىز يۇيۇلغان ئاق كۆڭلەك كىيگەنىدى . سۈكۈتكە چۆمگەن كىشىلەر باغدىكى قۇشلارنىڭمۇ سايراشتىن توختىغانلىقىنى هېس قىلدى.

زۇمرىخاننىڭ ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلگەن يەتتە ، قىرىق نەزىرىسىدىن كېيىن كىشىلەر زەينەپنى كۆرمىدى . ئۆز تىرىكچىلىكىدە يۈرگەن بۇ ئادەملەر بارا ـ بارا هەممىنى ئۇنتۇشقانىدى.

يەنە بىر ياز كەلدى . «كاككۇك ، كاككۇك!» دەپ سايرىغان ئاۋاز زەينەپنى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سالدى . «كىمنى ئويلىسا شۇ كەپتۇ» دېگەندەك ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا زەينەپ پەيدا بولدى . باغنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكىلەرنى هەيران قالدۇرغىنى شۇ ئىدىكى ، زەينەپ ئەمدى يېگانە ئەمەس ، بىر ئەر بىلەن بىردىن ئىككى ئوغۇلنى كۆتۈرۈۋالغانىدى . ئۇ قوشكېزەك تۇغقان ، باللىرىنىڭ دادىسى ئۆستەڭ بويىدا زەينەپنى باغرىغا باسقان هېلىقى كىشى ئىدى.

تونۇش كۆزلەر زەينەپنىڭ گۈلدەك ئېچىلغان چېھرى ، بېشىل هېلىلە ياغلىق ئىچىدىن چىقىپ ئويناپ تۇرغان بىلەكتەك توم ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى ، تولغان ئۇستىخىنىغا قاراپ:

— زەينەپكە قاراڭلار ، تەمبەل جۇۋان بوپتۇ! — دېيىشتى.

زەينەپ ئېرى بىلەن كونا هويلىدا ياغ پۇرىتىپ ، ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىدى . كېيىن يەنە ئۇن ـ تىنسىز غايىب بولدى . ئۇ قانداق تۇيۇقسىز كەلگەن بولسا ، شۇنداق جىمجىتلا كەتكەنىدى.

تەهرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**


# ئەدەبىيات ۋە مائارىپ ، ئەدەبىياتىمىزدىكى كەم يەرلەر

رەتلىگۈچى : **ئالىم خالىدىن**

*__مۇھەررىردىن:__ مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىمىزدىمۇ زور ئۆز- گىرىش بولدى . بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېڭىدىن ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى تۈزۈشكە قاتناشقان بەزى مۇتەخەسسىسلەرنى زىيارەت قىلغانىدۇق ، ئۇلارنىڭ بۇ دەرسلىك تۈزۈش جەريانىدىكى ئوي ـ پىكىر ، تەسىراتلىرىنى كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ، شۇنداقلا مەسئۇلىيەتچان ئەدىبلىرىمىز بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە رەتلەپ چىقتۇق.*

**ئالىم خالىدىن:** بۇ قېتىمقى دەرسلىك ئىسلاھاتىنىڭ ئەھمىيىتى قانچىلىك؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** بۇ قېتىمقى دەرسلىك ئىسلا- هاتىنىڭ ئەھمىيىتىنى «ئىسلاھات» داۋامىدا چۈشىنىمىز . دەرسلىك ئىسلاھاتى قارىماققا بىرلا دەرسلىك ئىسلاھا- تىدەك بىلىنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە مائارىپنىڭ كۆپ ساھەلىرىگە تۇتىشىدۇ . مەسىلەن ، ئورگاننىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ، مائارىپ باشقۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە شەكلىدىكى ئىسلاھات ، ئىمتىھان سوئاللىرىدىكى ئىسلاھات ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجە كۆرسەتكۈچىدىكى ئىسلاھات... دېگەندەكلەر . ئەگەر بۇ قېتىمقى دەرسلىك ئىسلاھاتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بار دېسەك ، ئۇ دەل ئۇ- چۇرلىشىش ۋە يەر شارىلىشىشنىڭ تۈرتكىسىدە كونا دەرسلىكلەر دەۋرنىڭ تەلپىگە ماس كەلمىگەنلىكىنى تونۇپ يېتىشتىن ئىبارەت . دەۋر ئۆزگەردى ، ئادەملەرنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر مۇھىتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى . دەرسلىك بولسا قاتمال ھالىتىدە قېلىۋەردى ، نەتىجىدە ، ئەۋلادلارنىڭ دۇنيانى ۋە ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى ، پارلاق مىللىي ئەنئەنىسىنى بىلىشتىن ئىبارەت مەنپەئىتى كا- شىلىغا يولۇقتى . يېڭى دەرسلىكنىڭ يۈزلىنىشى تە- رەققىياتنىڭ خەلقئارا ئېقىمىغا كىرىشكە باشلىغان جۇڭگو ئەۋلادلىرىنىڭ مەدەنىيەتتىكى شاللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلدى . دېمەك ، يارقىن مىللىي روھتىن ئايرىلغان تەرەققىيات خۇدىنى بىلمەيلا هالاك بولۇشتىن ئىبارەت . بۇ دەرسلىك ساھە- سىدىكى مۇتەخەسسىسلەرگە بەش قولدەك ئايان بولدى . ئەمدىكى مەسىلە ، مائارىپ تۈزۈلمىسى ۋە ئاپپاراتلىرىنىڭ دەرسلىك ئىسلاھاتىنىڭ تەلپىگە لايىق كېلىشتە . كې- سىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، هازىرقى مۇتلەق كۆپ سان- دىكى مائارىپ مەمۇرىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت مې- خانىزمى دەرسلىك ئىسلاھاتىنىڭ تەلپىنى چۈشەنمەيدۇ ، نەتىجىدە ئاكتىپ ، قىزغىن پوزىتسىيىدىكى ئوقۇتقۇ- چىلارنىڭ تىرىشچانلىقى چۈشىنىلمەي زەربىگە ئۇچرايدۇ . مەن ھەر قېتىم دەرسلىك ئىسلاھاتى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگىنىمدە ، ئوقۇتقۇچىلاردىن: «بۇ گەپلەرگە ياخشى ئىكەن ، بىزگە ساپ هاۋادەك ياقتى ، ئەمما بۇ گەپلەرنى مەكتەپ مۇدىرلىرى ، مائارىپ مەمۇرلىرى بىر ئاڭلاپ قويغان بولسا بوپتىكەن . بىز يېڭى ئىشلارنى قىلىمىز دەپ ، رەھبەرلەرنىڭ قېقىۋېتىشىگە ئۇچراپ ، زەردە گۆش بولۇپ كېتىدىكەنمىز» دېگەن پىكىر چۈشتى . ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى راست . ئەگەر نوپۇزنى ۋە ھوقۇقنى پەش قى- لىۋالىدىغان رەھبەرلىك ئىستىلىنىڭ ئورنىنى ئىلمىي رەھبەرلىك ئىستىلى ئىگىلىمىسە ، ھوقۇقنى توتېم قى- لىۋالغان رەھبەرنىڭ ئورنىنى بىلىمنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىدىغان رەھبەر ئىگىلىمىسە دەرسلىك ئىسلاھاتى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەسرىتىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن . يەنە بىر مەسىلە بار ، ئۇ بولسىمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سا- پاسى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازا- رىتى بېكىتكەن پۈتۈن كۆنۈلۈك مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ «تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى»دىكى دەرس نىشانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل كىتاب ئوقۇش قابىلىيىتى ھەققىدە بىر تەلەپ بار ، ئۇنىڭدا توققۇز يىللىق دەرس- لىكلەردىن سىرت ، ئوقۇغۇچىلار 8000 بەتتىن ئارتۇق كىتاب (32 فورماتلىق بەت) ئوقۇشى لازىم دېيىلگەن . بۇ



500 بەتلىك كىتابتىن جەمئىي 16 پارچە كىتاب ئوقۇش دېگەنلىك بولىدۇ . شۇنداق بولغاندا بۇ يىلىغا (تەخمەنەن) ئىككى پارچە كىتاب ئوقۇش دېگەنلىك بولىدۇ . ئەگەر دەرسلىك كىتابتىن باشقىسىنى كۆرمەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ خېلى بارلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك ، دېمىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كېتىدۇ . مىللىي مائارىپىمىزنىڭ نېنىنى يەپ تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ لەۋۋالىقى بىلەن مىللىي مائارىپىمىزغا شۇملۇق چىللايدىغان ئادەملەر غۇرۇرلۇق ، مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايىغىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان شېغىل تاش بولۇپ ، بۇلارنىڭ كاشىلىسىدىن ياخشى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئاقساپ قېلىۋاتىدۇ.

**يالقۇن روزى:** بۇ قېتىمقى دەرس ئىسلاھاتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ، مەقسىتى ، نىشانى ، ئىدىيىسى ، كۆلىمى ۋە دەرىجىسى ھەققىدە يېتەرلىك چۈشەنچىسى يوق كىشىلەر بۇ ئىسلاھاتنى بىر قېتىملىق ئۆتكۈنچى ھەرىكەتمىكىن دەپ سەل چاغلاۋاتىدۇ ياكى بولمىسا ، داۋراڭ قىلىپ كەتكۈچىلىكى يوق ئادەتتىكى ئىسلاھات دەپ ئېرەنسىزمەيۋاتىدۇ . بىر قىسىم كىشىلەر بولسا ، يېڭى دەرس ئىسلاھاتىنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ چۈشەنچىسى بويىچە پەرەز قىلىپ يۈرۈشۈۋاتىدۇ.

مېنىڭ ئۆگىنىشىم ، كۆزىتىشىم ۋە چۈشىنىشىمچە ، بۇ قېتىمقى دەرس ئىسلاھاتى جۇڭگونىڭ مائارىپ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر قېتىملىق ئىسلاھات دولقۇنى . ئۇ گويا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرى بىلەن خوشلىشىپ بازار ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويغىنىدەك تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە . بۇ خىل ئەھمىيەتنى شۇنىڭدىن ھېس قىلىش مۇمكىنكى ، بۇ قېتىمقى دەرس ئىسلاھاتى جۇڭگونىڭ ئاساسىي مائارىپىدا ئۇزاقتىن بېرى شەكىللەنگەن مائارىپ ئىدىيەسىنى تۈپتىن يېڭىلاشقا يول ئاچتى . يەنى پەننى ئاساس قىلغان مائارىپ قارىشىدىن ئادەمنى ئاساس قىلغان مائارىپ قارىشىغا يۈزلىنىش خاھىشى شەكىللىنىشكە باشلىدى . مائارىپتا «بىلىم بېرىشنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ ، ئادەم تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئىككى خىل مائارىپ قىممەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۈپ مەسىلە . چۈنكى ، بىرىنچى خىل قاراش بويىچە ئادەم قورال ھەم ۋاستە . ئىككىنچى خىل قاراش بويىچە ئادەم مەقسەت ۋە مەركەز . جۇڭگونىڭ ئاساسىي مائارىپى نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان «ئىمتىھان مائارىپى» قارىشىنىڭ ئاسارىتىدە مائارىپنى سانائەت ئەندىزىسى بويىچە مەكتەپ «زاۋۇت» ، ئوقۇتقۇچى «ئىنژېنېر» ، ئوقۇغۇچىلار بولسا «خېرىدار» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان «خام ماتېرىيال» دەپ قارىدى . ئوقۇتۇش ۋە تەلىم - تەربىيىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان «سۈپەتنى كونترول قىلىش ئۆلچىمى»گە ئاساسەن «مەھسۇلات» ئىشلەپ چىقىرىشتىن ئىبارەت بولدى . ئادەمنى قورال ، ۋاستە سۈپىتىدە چۈشىنىدىغان بۇ خىل مائارىپ قارىشى نۆۋەتتە دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تۈرتكىسىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش ياساپ ئادەمنىڭ گۇمانىتارلىق قىممىتىنى تولۇق تەن ئالدى . شۇڭا ، ھاياجانغا چۆمگەن مۇتەپەككۇرلار ، پېداگوگلار ۋە مائارىپچىلار بۇ قېتىمقى دەرس ئىسلاھاتىنى «جۇڭگودىكى يېڭى مائارىپ بورىنى» ، «جۇڭگودىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك مائارىپ ئىنقىلابى» دەپ خاراكتېرلەۋاتىدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، بۇ قېتىمقى دەرس ئىسلاھاتىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

**كامىل رەھىم:** دەرس ئىسلاھاتى ھەققىدە بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تېلېۋىزور ، گېزىت - ژۇرناللاردا خېلى كۆپ مۇنازىرە ۋە پىكىر ئورتاقلىشىشلار بولۇپ ئۆتتى . شۇڭا ، ئەھمىيىتى ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلاي.

ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا مائارىپنىڭ تۇتقان ئورنى ھەممىمىزگە بەش قولدەك ئايان . شۇڭا ، مائارىپنى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەددەس ئانىسى دەپ تونۇساق ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز . ئەنە شۇ مۇقەددەس ئانىدىن ئىبارەت مائارىپ مەلۇم قورشالغان دائىرە ئىچىدىكى سىنىپ ئىمارەتلىرىگە ئىگە بولغان قۇرۇلۇش بولماستىن ، دەل شۇ قۇرۇلۇش ئىچىدە يېتەكچىلىك رول ئويناۋاتقان دەرس ۋە دەرسلىكتۇر .

بىز ئۇچقاندەك تەرەققىيات ئىچىدىكى ئۆتكۈر رىقابەت دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز . نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى تەسەۋۋۇردىن تېز بولۇۋاتقان بۇ دەۋر مائارىپتا زور دەرس ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغدۇردى . جەمئىيەت مائارىپتىن ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارغا ئىگە كۆپ تەرەپلىمە يېتىشكەن ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنى ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيەتچان ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشنى تەلەپ قىلغانىكەن ، تەلىم - تەربىيە نىشانىمىز شۇ يۆنىلىشكە بۇرۇلۇشى كېرەك . نۆۋەتتىكى دەرس ئىسلاھاتىمىز دەل شۇ يۆنىلىشكە بۇرۇلدى . بۇرۇنقى تەلىم - تەربىيە نىشانى (دەرس) يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان بولۇپ ، قۇرغاق ئوقۇتۇش تۈسىنى ئالغان . يەنى ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۆمۈر بويى بىر قېتىم ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدىغان نەزەرىيىۋى بىلىملەر ، تەتقىقاتچىلارغا خاس بىلىملەر كۆپ ، زورمۇ زور ئۆگىتىلىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئەمەليەتتىن ، تۇرمۇشتىن ، تەبىئەتتىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن . مەسىلەن ، تىل - ئەدەبىيات دەرسىدىكى ئەلاچىلارمۇ ئۆز تۇرمۇشىدا «چۈشتىن كېيىن» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا

«چۈشتە» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ يۈرۈۋەرگەن . گېئومېترىيىگە ئۇستا ئوقۇغۇچى بىر قېتىم ئىسخىما سىزىشقا ئىگە بولالماي بارلىق ئۆگەنگەنلىرىنى كاللىسىدىن يوقاتقان...

نۆۋەتتىكى دەرس ئىسلاھاتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ، ئوقۇغۇچىلارنى ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا ، مەسىلىنىڭ قارشى تەرىپىدىن چىقالايدىغان جۈرئەتكە ، ئىزدىنىش روھىغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشتۇر . مەسىلەن ، بۇرۇن باللارغا خاس مۇنداق بىر تېپىشماق بار ئىدى : «بىر دەرەخكە 10 قۇشقاچ قونۇپتۇ ، بىر ئوۋچى مىلتىقى بىلەن چەنلەپ بىرنى ئېتىپتۇ ، سىزنىڭچە دەرەختە قانچە قۇشقاچ قالدى؟» دەپ سورىغاندا ، باللار 10 دىن بىرنى ئېلىپلا «توققۇز قالدى» دەپ جاۋاب بېرەتتى . بەزىلىرى «بىرىمۇ قالمىدى» دەپ جاۋاب بېرەتتى . بىز ئالدىنقى جاۋاب بەرگەنلەرنى ئەيىبلەپ ، كېيىنكى جاۋاب بەرگەنلەرنى ماختايتتۇق . شۇڭا ، پۈتۈن باللىرىمىز كېيىنكىدەك جاۋاب بېرىشنىلا ئۆگىنىپ بۇ خىل جاۋابنىڭ خاتا بولۇش ئېھتىماللىقى ئۈستىدە ئەسلا ئويلىنىپ كۆرگەن ئەمەس ھەم ئويلىنالمىغان . يەنى ئوقۇغۇچى «مۇئەللىم ، ئۇ ئوۋچى مەرگەنمۇ ئەمەسمۇ؟ قۇشقاچلار ئىچىدە ئۇچالمايدىغانلارمۇ بارمۇ ـ يوق ، ئوۋچىنىڭ مىلتىقى چاچما ئوقلۇقمۇ ياكى بىر تال ئوقلۇقمۇ؟ دەرەخ ئوۋچىدىن قانچىلىك يىراقلىقتا...» دېگەندەك سوئاللارنى سوراشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ، خىيالىغا كەلسىمۇ ئۇنى بىمەنىلىك دەپ تەنقىد يېيىشتىن قورقۇپ ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن . بۈگۈنكى كۈندە دەل ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق شاخلاپ ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا ، كاللىسىغا نېمە كەلسە شۇنى سوراپ ئايدىڭلاشتۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ.

**ئالىم خالىدىن:** تىل ئەدەبىيات دەرسلىكى نېمە ئۈچۈن قايتا تۈزۈلدى؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** كونا دەرسلىكنىڭ مۇھاكىمە تەلپى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ، ئۆز تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئەنئەنىلەرنى ، مەشھۇر ئالىم ، مۇتەپەككۇرلارنى ، شائىر ـ يازغۇچىلار ، ھۈنەر ـ تېخنىكىلارنى ھەقىقىي سۆيىدىغان ، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش بىلەن باشقا مىللەتلەرنىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان ، دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتەك ھازىرقى زامان تەلپىگە دېگەندەك لايىقلىشىپ كېتەلمىدى . ئەدەبىياتنىڭ قائىدىلىرىنى يادلىۋېلىپ تۇرۇپ ، ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىدىن خەۋەرسىز قالغان ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا ئىككى ئېغىز گەپنى جايلاپ قىلالماي ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ گۈمبىزىنى چېقىپ تۈزلەپ ، رېستوران سالدىغان ، ئانىسىدىن قالغان تەۋەرۈكنى خوتۇنىنىڭ ئەگلىكى ئۈچۈن سېتىۋېتىدىغان ئەۋلادلارنىڭ پەيدا بولۇشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش كەسكىن تۈس ئېلىۋاتقان شارائىتتىكى خەتەرلىك بېشارەت . مەملىكەت ئىچىدىن مەملىكەت سىرتىغا ئوقۇش ۋە سودىغا چىقىدىغان جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن باشقىلارنى چۈشەنمەي تۇرۇپ شىلتىڭ ئاتىدىغان مەمەدانلىق ئەمەس ، بەلكى باشقىلاردىكى ئارتۇقچىلىقنى كۆرۈپ ھەمكارلىشالايدىغان خەلقئاراچە روھ زۆرۈر بولدى . «ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ، بۈگۈنكى دەۋر تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ، كۆپ خىل مەدەنىيەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان ، ئىنسانىيەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان قىلىش» بۇ قېتىملىق تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىك ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم بىر نىشانى.

**يالقۇن روزى:** ھازىرقى يېڭى قاراش بويىچە بىر دۆلەت ، بىر مىللەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ مائارىپىنىڭ قاپلىنىش كۆلىمى ۋە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچەپلا ئۈمىدۋار باھالاشقا بولمايدۇ . ئەڭ مۇھىمى مائارىپ قارىشىنىڭ يېڭى ، ئىچكى سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا قاراش كېرەك .21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان جۇڭگو ئاساس مائارىپى دەل مۇشۇ مەسىلىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى . دېمەك ، مائارىپ قارىشىدا يېپيېڭى ئەقىدە تۇرغۇزۇلۇشقا باشلىدى . بۇ ئەقىدە دەل ئادەمنى ئاساس قىلغان مائارىپ ئەقىدىسىدۇر . شۈبھىسىزكى ، ئىلگىرىكى بىلىمنى ئاساس قىلىدىغان مائارىپ ئەقىدىسى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان «ئىمتىھان مائارىپى» شارائىتىدا تۈزۈلگەن دەرسلىكلەر يېڭى تەلەپكە ھەرگىزمۇ ئۇيغۇن كەلمەيتتى . شۇڭا ، بارلىق پەنلەرنىڭ دەرسلىكىگە ئوخشاشلا «تىل ـ ئەدەبىيات» پېنىنىڭ دەرسلىكلىرىمۇ قايتا تۈزۈلۈشى زۆرۈر بولۇپ قالدى . چۈنكى ، ئىلگىرىكى «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكلىرىدە تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنىڭ قوراللىق خاراكتېر بىلەن سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش خاراكتېرى زىيادە گەۋدىلەندۈرۈۋېتىلگەن . گۇمانىتارلىق قىممىتى ئاساسەن ئۇنتۇلۇپ قالغان . ئادەمنى ئاساس قىلغان يېڭى دەرس ئىدىيىسى تەبىئىي ھالدا قوراللىق خاراكتېر بىلەن گۇمانىتارلىقنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان يېڭىچە تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى شەرت قىلدى . چۈنكى ، دەرسلىك ئىدىيىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان مۇھىم ۋاستە . ئىدىيە يېڭى بولۇپ ، دەرسلىك كونا بولسا زىددىيەتلىك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ .

**ئالىم خالىدىن:** تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىنى تۈزۈش جەريانىدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە قانداق چۈشەنچىگە كەلدىڭىز؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** ئەدەبىياتىمىزدىن شېئىرىيەت

ۋە پروزىغا ئائىت نەمۇنىلەرنى يەتكۈچە تاپالىدۇق . لېكىن ، دىيارىمىزدىكى ۋە تارىخىمىزدىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى سوغۇققان ، ئىلمىيلىك بىلەن چۈشەندۈرىدىغان ئەسەرلەرنى تېپىشتىن قىينالدۇق . ئەدىبلەر مەۋھۇم ھېسسىياتلار ھەققىدە چالا ـ پۇچۇق سۆرەتلەرنى كۆپ سىزىپتۇ ، ئەمما ئۇلارنى سىزىشتىكى ئەقىدىسى توغرىلانماپتۇ . ئارىمىزدا ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىگە كونكرېت ، ئەمەلىي مۇھەببەت قويغانلار يوق ھېسابتا ئىكەن . بىزدە نان ھەققىدە شېئىر ـ نەسرلەر بار ئىكەن . لېكىن ، نان ھەققىدە ئىلمىي ئەسەر يوق ئىكەن ، بىزدە ناخشا بار ئىكەن ، ناخشا ھەققىدىكى ھېكمەت يوق ئىكەن ، بىزدە گۆھەردەك زېمىن بار ئىكەن ، لېكىن زېمىندىكى گۆھەرلەرنى تونۇماپتۇق . بىزدە كۆڭۈل قويۇق ئىكەن ، ئەقىل شالاڭ ئىكەن . بىزگە پەننىي ئەدەبىيات ، پەننىي مەدەنىيەت جىددىي لازىم ئىكەن . بىزدىن گېگىلگە ، ئېيىنشتېيىنغا ، بىن لادىنغا ، بوشقا ، «تاپقۇر» (بايقاش) ناملىق ئالەم كېمىسىنىڭ ھەرىكىتىگە... مۇستەقىل مەۋقەدە باھا بېرەلەيدىغان تۇرلۇك ئەسەرلەر بەك لازىم.

**يالقۇن روزى:** ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دۇنيادىكى نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان مۇقىم ، ئىزچىل تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن . تەرەققىي تاپقان دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا ، شۇنداقلا نوپۇس سانى ناھايىتى كۆپ بولغان چوڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا سېلىشتۇرغاندا تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى ، ئىدىيە يۈكسەكلىكى ، ئىپادىلەش ماھىرلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە قېلىشقۇچىلىقى يوق بولسىمۇ ، تېما جەھەتتە ئالاھىدە نامراتلىقى مېنى ئۈركۈندۈردى . قارايدىغان بولساق ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا مەنسۇپ ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىدىكى ئەسەرلەر ئىكەن . رېئال ، ئوبيېكتىپ تېمىلار ھەققىدىكى ئەسەرلەر ئاز سالماقنى ئىگىلەيدىكەن . 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەسەرلىرىمىزدە رېئال ، ئوبيېكتىپ تېمىلارنى بېرىش ، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ، مىللىي ئاڭغا ئەھمىيەت بېرىش خاھىشى كۈچلۈكرەك بولغاچقا ، كلاسسىك ئەدەبىيلىرىمىزگە قارىغاندا 20 ـ ئەسىر ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى دەرسلىككە كۆپرەك كىرگۈزۈلدى.

**ئالىم خالىدىن:** تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى قانداق ئىدىيە بويىچە تۈزۈپ چىقىلدى؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** بۇنىڭ جاۋابى بۇرۇنقى جاۋابلاردىنمۇ ئايان . قىسقىچە قىلغاندا ، مۇنداق ئىدىيە — ئەدەبىيات ھەققىدىكى ساۋاتلارنى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۆزىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىش ، بۇ جەرياندا ئوقۇتقۇچىنىڭ زاپاس بىلىمىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ، تەبىئەت ، جەمئىيەت ، مىللەت ھەققىدىكى بىلىملەرنى تېكىست بەرگەن يىپ ئۇچى ئاساسىدىكى ئوقۇغۇچىلار مەشغۇلاتىغا سىڭدۈرۈش ، ئەۋلادلارنى باشقىلارغا چوقۇنۇش ئەسەبىيلىكى ، ئىقتىسادىي ئەسەبىيلىك ، شان ـ شەرەپ ئەسەبىيلىكىدىن ساقىت قىلىپ ، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى مۇۋاپىق قەدىرلىيەلەيدىغان نورمال ئىنسان روھىغا ئىگە قىلىش.

**يالقۇن روزى:** ئاساس مائارىپ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش خىزمىتى 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا باشلانغان . ھازىرغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 1 ـ ، 2 ـ ۋە 3 ـ يىللىقلىرىنىڭ ئالتە قىسىم دەرسلىكى ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالتە قىسىم دەرسلىكى تۈزۈلۈپ بولدى . دەرسلىك تۈزۈشتە ئىدىيىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ . بىز بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكلەرنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن «تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى»دىكى ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق . بۇ ئىدىيە ئەلۋەتتە «ئاساس مائارىپ دەرس ئىسلاھاتى پروگراممىسى»دىكى ئىدىيە ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان . بىز ئالدى بىلەن «تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى»دىكى ئىدىيىنى پۇختا ئىگىلەپ شۇ ئاساستا تۈزۈش خىزمىتىگە كىرىشتۇق . مۇئەييەن ئېنىق ئىدىيىنى يېتەكچى قىلمىغان ئەمەلىيەت قارىغۇ ئەمەلىيەت بولۇپ قالىدۇ . بىز ئاساسلانغان ئىدىيە ئاساسلىقى: دەرسلىكتە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ۋە ھازىرقى زامان ئېڭىنى گەۋدىلەندۈرۈش ، ئىنسانلارغا ، تەبىئەتكە ئەھمىيەت بېرىش ، كۆپ خىل مەدەنىيەتنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا توغرا دۇنيا قاراش ، ھايات قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش ، ئۇلارنىڭ مىللىي غۇرۇرى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى كۈچەيتىش.

بىز مۇشۇ ئىدىيە ئاساسىدا «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ، «ئادەم ۋە مۇھىت» ، «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ، «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ، «مەشھۇر شەخسلەر» ، «مېھىر ـ مۇھەببەت» ، «كۆركەم تاغ ـ دەريالار» ، «شەيئىلەرگە مۇھەببەت» ، «ئىلىم ـ پەنگە ئەھمىيەت بېرىش» ، «قېرىنداشلىق مېھرى» ، «سىرلىق ئالەم» ، «نۇتۇقلار» ، «ھايات تەسىراتلىرى» ، «بالىلىقتىكى ھەۋەسلەر» ، «بىناكارلىق سەنئىتى» ، «ھايۋانات دۇنياسى» ، «شېئىرىيەت جەۋھەرلىرى» ، «ئاخبارات ۋە ئۇچۇر» قاتارلىق بۆلەكلەرنى تەسىس قىلىپ ، شۇ تېمىلار ئاساسىدا ئەسەر تاللىدۇق ۋە مۇھاكىمە ، مەشىق سوئاللىرىنى لايىھىلىدۇق . يۇقىرىقى تېمىلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، (بۇلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى بۆلەكلەر) دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى ئىنتايىن كەڭ . بۇ تېمىدىكى ئەسەرلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ

جىسمانىي ، پسىخىك تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە ، بىلىش سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەجرىبە ، كەچۈرمىشلىرىگە ۋە تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا زىچ باغلىنىشلىق ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ھەۋىسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى قوزغاشقا پايدىلىق . مۇشۇنداق ئىدىيە بويىچە تۈزۈلگەن يېڭى دەرسلىكلەر ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى يېپيېڭى بىر بوشلۇققا ئېرىشتۈردى . بۇ بوشلۇق تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنى «بىلىمنى چۈشەندۈرۈش + سوئاللارنى مەشىق قىلىش» دەپ چۈشىنىدىغان كونا قاراشنى بىتچىت قىلىپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش تەشەببۇسكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ، چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرۈش ، تەسىراتىنى ئىپادىلەش ، گۇمانتار ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ، ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇش ، قىممەت قارىشىنى تىكلەش پائالىيىتىگە ئايلاندۇردى . ئەلۋەتتە ، بۇ جەرياندا دەرسلىك بىردىنبىر ئامىل ئەمەس.



**ئالىم خالىدىن:** تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىنى تۈزۈشتە كۆرۈلگەن قىيىن مەسىلە قايسى؟

**كامىل رەھىم:** ئەڭ زور قىيىن مەسىلە دەرسلىككە مۇۋاپىق ئەسەر تېپىش . بۇنداق دېسەم بەزىلەر «ئوقۇپ ئۆلگۈرۈپ بولالمايدىغان دەرىجىدە شۇنچە كۆپ ئەسەرلىرىمىز بار تۇرۇپ ئەسەر تاپالمىدۇق دېگىنىڭ نېمىسى» دېيىشى مۇمكىن . دەرسلىك ئادەتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشىمايدۇ . دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بىر ئەسەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ تۆۋەندىكىچە:

①ئەسەردە بايان قىلىنغان ۋەقە باسقۇچ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك (بىر كىتاب دەرسلىكتە 5 ـ 6 باسقۇچ بولىدۇ . ھەر بىر باسقۇچتا شۇ باسقۇچنىڭ پۈتۈن نىشانى بېكىتىلگەن تەلەپ بېرىلگەن بولىدۇ).

②ھەجىم جەھەتتىن قىسقا ، ئىخچام بولۇش . پىكىر شۇ ياشتىكى باللار ھەزىم قىلالايدىغان ھالدا بولۇشى كېرەك.

③نوقۇل ئەدەبىي بىلىم بېرىش ئەمەس ، باللارنى تەبىئەت ، تۇرمۇش قوينىغا سۆرەپ كىرەلەيدىغان ، بەدىئىي ئوبراز ، بەدىئىي توقۇلمىلاردىن ھۇزۇرلاندۇرالايدىغان بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

④ئەسەردە ھەممە مەسىلىنى ئاپتورلا ھەل قىلىش ئەمەس ، كىتابخانلارنىڭ (ئوقۇغۇچىلارنىڭ) ئويلىنىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرۇلغان ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولۇشى كېرەك . شۇنداق بولغاندا ئەسەر ئاخىرىغا بېرىلىدىغان كۆنۈكمە جانلىق ، مەلۇم ئويلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ.

⑤مەزمۇن جەھەتتىن ئادىمىلىك ئۆلچەمدە بەلگىلىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

⑥ئەسەر ئاپتورلىرى ۋەتەننى ، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان ، پارتىيىنىڭ چاقىرىقىنى ھىمايە قىلىدىغان شەخس بولۇشى كېرەك.

⑦تونۇلمىغان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىمكان بار ئېلىنماسلىقى كېرەك.

مانا مۇشۇنداق شەرتلەرگە تولۇق چۈشىدىغان ئەسەرلەرنى تاپماق بەك مۈشكۈل . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، تەرەققىي قىلغان ئەللەردە مەخسۇس دەرسلىك ئۈچۈن ئەسەر يازىدىغان يازغۇچى ـ شائىرلار بولارمىش . خەنزۇلاردا بولسا دەرسلىك تۈزگۈچىلەرنىڭ زاكاس قىلىشى بىلەن ئەسەر يېزىپ بېرىدىغان يازغۇچى ـ شائىرلارمۇ بارمىش . بىزنىڭ يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز ئەسەر يازغاندا دەرسلىك ئۆلچىمىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ . ئۇلار جەمئىيەتنى نىشان قىلىپ يازىدۇ . شۇڭا ، نۇرغۇن مەسىلىلەردە دەرسلىك تەلىپى بىلەن قارشىلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ . قارشىلاشقان ئورۇن ، مەزمۇننى چىقىرىۋەتسەك ئەسەر مەزمۇن ، پىكىر جەھەتتىن مەجرۇھلىنىدۇ.

بىزنىڭ بىرنەچچە ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى دەرسلىك تەلىپىگە ناھايىتى ياخشى ماس كېلىدۇ . مەسىلەن ، زۇنۇن قادىر ، ئا . ت ئۆتكۈر ، ئەخمەت ئىمىن ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ، ئابدۇقادىر جالالىدىن دېگەندەك . شۇڭا ، بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەرقايسى قىسىملارغا كۆپرەك ئېلىندى . مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئەسەر مەنبە جەھەتتە نامراتلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

**يالقۇن روزى:** گەۋدىلىك قىيىن مەسىلە ھەر بىر بۆلەك تېمىسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەسەرنى تاللاشتا كۆرۈلدى . تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈشتە 1980 ـ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان بىر پرىنسىپ: دەرسلىككە تاللانغان ئەسەرلەر ئىچىدە چەت ئەللىك ئاپتورلار بىلەن خەنزۇ ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %40 ئەتراپىدا ، ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ

ئەسەرلىرى 60% ئەتراپىدا بولۇش . بىپايان خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلەن چەت ئەل ئەدەبىياتى دىڭىزىدىن مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەسەرلەرنى تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتى كەڭ بولغان بىلەن ، مىللىي ئەدەبىيات خەزىنىمىزدىن ھەر بىر بۆلەك تېمىسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەسەرلەرنى تاللاش ئىمكانىيىتى ھەقىقەتەن چەكلىك . ئەمما ، بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزغا بولغان قەدىرلەش ھېسسىياتىمىز چەكسىز . شۇڭا ، چەكلىك خەزىنىمىزدىن ئەستايىدىل قىدىرىپ ، ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ، تاپالمىغاندا بۇيرۇتۇپ بولسىمۇ ئۆز نىسبىتىمىزنى ئىگىلىدۇق . شۇڭا ، قىينالساقمۇ قاقشىمىدۇق . پەقەت ئۆكۈندۇق ، ھەل قىلىدىغان تەرەپنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** بىرىنچى ، تېكىست تاللاشتا قىيىنچىلىق بولدى . تاللانغان تېكىستلەر ئەدەبىيلىك جەھەتتە ئۆلچەملىك بولۇش بىلەن بىرگە ، تېپىكلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاپتورلار سىياسىي جەھەتتە ساغلام بولۇشى ، ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ساغلام بولۇشى كېرەك . ئۆتمۇشتىكى ئاپتورلارمۇ ھازىرقى سىياسىي تەلەپكە لايىق بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى ، تاللانغان تېكىست دەرسلىك ئۆلچىمىنىڭ كونكرېت ، باسقۇچلۇق تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

ئۈچىنچى ، مائارىپ نەشرىياتىنىڭ ماتېرىيال ئىسكىلاتىدا يېتەرلىك ماتېرىيال بولمىغاچقا ، لازىملىق نەرسىلەرنى تېپىش تەس بولدى . بىر قىسىم زۆرۈر ماتېرىياللارنى شەخسىي خىراجىتىمىز بىلەن ھەل قىلدۇق . مۇرەككەپ ئاتچوت رەسمىيەتلىرىگە قاراپ ئولتۇرمىدۇق.

تۆتىنچى ، كۆنۈكمە سوئاللىرىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغايدىغان دەرىجىدە ئاممىباب ، چۈشىنىشلىك قىلىپ چىقىرىش لازىم . بۇ ئۆز نۆۋىتىدە خېلىلا مۇرەككەپ ئىش . دەرس ئۆلچىمىنىڭ نىشان ۋە تەلەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

بەشىنچى ، بۇ قېتىمقى دەرسلىك ئايرىم بىر شەخسنىڭ تۈزۈپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلماستىن ، بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ تۈزۈشىگە تاپشۇرۇلدى . پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق يارىتىشمۇ ئاڭلىقلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولۇپ ، قاملاشقان شەخسىي پىكىرلەردىن مۇۋاپىق ۋاز كېچىشمۇ ئاسان ئەمەس.

**ئالىم خالىدىن:** تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەدەبىيات بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپتۇ . نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىندى؟

**يالقۇن روزى:** بۇنداق قىلىش تامامەن دەرس ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپى بويىچە بولدى . «تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى»نىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ، پەن مەركىزىدىن بۇسۇپ ئۆتۈشنى تەكىتلەشتە كۆرۈلىدۇ . بۇ ئالاھىدىلىك بويىچە مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدە ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش فۇنكسىيىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە گەۋدىلەندۈرۈلگەن . مۇشۇ مەنىدىن ، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدە ئوقۇش مىقدارىنى ۋە ئاغزاكى ئالاقە ھالقىلىرىنى كۈچەيتىشكە ، تىل تۇيغۇسىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى . گراممatikا ، ئىستىلىستىكا ۋە لوگىكىغا بولغان تەلەپ تۆۋەنلىتىلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانا تىل ۋە ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىت ۋە شارائىتى كۈندىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ھەر ۋاقىت مەۋجۇت دەپ قارالدى . يەنە بىر جەھەتتىن ، دەرسلىكلەردە ئۆلۈك نەزەرىيىۋى بىلىملەر ، قىيىن ، مۇرەككەپ چۈشەنچىلەر بولماسلىقى كېرەك ، دەپ تەكىتلەندى . تىل ۋە ئەدەبىياتنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆگىنىش ، ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىش لازىم ، دەپ كۆرسىتىلدى .

قىسقىسى ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئۆزئارا بىرىكتۈرۈلۈشى ، يەنى «تىل ـ ئەدەبىيات» دېگەن نامدىكى بىرلا پەنگە ئايلاندۇرۇلۇشى ، دەل يېڭى دەرس ئىسلاھاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «توققۇز يىل ئىزچىل ئوقۇلىدىغان دەرس تۈرى ۋە دەرس سائىتى نىسبىتىنى بىر پۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇش ، دەرس قۇرۇلمىسى جەھەتتە تارماق تۈرلەر كۆپ بولۇش ۋە بىرىكتۈرۈش يېتەرلىك بولماسلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش» ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلى.

**ئالىم خالىدىن:** سىزنىڭچە ، يېڭى تۈزۈلگەن تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى ئىلگىرىكى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىمىزدىن قايسى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** بۇرۇن ئۇيغۇر تىلى قائىدىلىرى ئايرىم بىر دەرسلىك ، ئەدەبىياتمۇ ئايرىم بىر دەرسلىك ئىدى . بۇ قېتىم ئىككى دەرسلىك بىرلەشتۈرۈلۈپ تۈزۈلدى . ئەمما ، ئۇيغۇر تىلى قىسمى ھېچقانچە گەۋدىلەنمەي ، دەرسلىكنىڭ پەگاسىغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى . بۇرۇنقى دەرسلىك بىلىمنى ساۋات شەكلىدە بېرىشنى ئاساس قىلاتتى ، ئەمدىكى دەرسلىك تەپەككۇرغا ئايلانغان بىلىمنى تەۋسىيە قىلىدۇ . بۇرۇنقى دەرسلىكتە نەزەرىيە كۆپ ئىدى ، بۇ نۆۋەت مەشغۇلاتقا كۆپلەپ ئورۇن بېرىلدى . بۇرۇنقى دەرسلىك ئوقۇتقۇچىلاردىن يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى ، ئەمدىكى دەرسلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەپەككۇر مارشىدىكى دېرىژور بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئوقۇتقۇچى چۈشىنىشى كېرەك ، لېكىن نوپۇز ئىگىسى بولۇۋالماسلىق كېرەك . بۇرۇن دەرسلىكنى سۆمۈرۈۋالغان ئوقۇتقۇچى چانمايتتى ، ئەمدى زاپاس بىلىمى مول ئوقۇتقۇچى بولمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر تىلى قائىدىلىرىنىڭ مۇپەسسەل دەرسلىك

هالىتىدىن قېلىشىغا قارىتا كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نارازىلىق پىكرى كۆپ . مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەر بۇ پىكىرلەر ھەققىدە ئىلمىي نۇقتىسىدىن ئويلاپ بېقىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

**يالقۇن روزى:** بۇ پەرق كۆپ جەھەتتە كۆرۈلىدۇ . ئالدى بىلەن ئېيتساق ، ئىلگىرىكى دەرسلىكلەرنى شەخسلەر تۈزگەن ، كوللېكتىپ باھالاپ بېكىتكەن . بۇ قېتىم دەرسلىكلەرنى ئىزچىل ھالدا 5 ـ 6 كىشىلىك كوللېكتىپ بىر يەرگە جەم بولۇپ تۈزدى ھەم كوللېكتىپ باھالاپ بېكىتتى . دەرسلىكنى تۈزۈشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن دېموكراتىيىسى قارىشى كۈچلۈك ، پىسخىكىلىق ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغاچقا ، باشتىن ـ ئاخىر باراۋەر ، ئىتتىپاق ، ماسلاشقان ھالدا تۈزۈپ چىقتى . ئەڭ مۇھىمى ، ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلەن قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىچىلىك ، يېڭىلىق كۆپ . بۇنى تۆت سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ① گۇمانتارلىقنى قەدىرلەش؛ ②ئاساسنى تەكىتلەش؛ ③ ئۇنىۋېرساللىققا ئەھمىيەت بېرىش؛ ④ ئېچىۋېتىشنى گەۋدىلەندۈرۈش.

گۇمانتارلىقنى قەدىرلەش دېگەندە — دەرسلىكتە گۇمانتار ئىدىيە مول ھەم ئادەمنى ئاساس قىلىش ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك يېڭى ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلگەن . قارايدىغان بولساق ، بۇ يېڭى دەرسلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ، مەزمۇنى مول ، دائىرە كەڭ ، قاپلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى . بەزىلىرىدە ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى نامايان قىلىنسا ، بەزىلىرىدە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ پۇرىقى كۈچلۈك پۇراپ تۇرىدۇ . بەزىلىرىدە ئېكولوگىيە مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈنسە ، بەزىلىرىدە تارىخىي ئىشلار ئەسلىنىدۇ؛ بەزىلىرىدە مەشھۇر شەخسلەرگە مەدھىيە ئوقۇلسا ، بەزىلىرىدە مىللىي روھ كۈيلىنىدۇ . بەزىلىرىدە ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق تەشەببۇس قىلىنسا ، بەزىلىرىدە قېرىنداشلىق مېھرى ئەكس ئېتىدۇ . ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي غۇرۇرى ۋە ئىپتىخارىنى كۈچەيتىش ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈشكە شارائىت ھازىرلاپ بېرىلگەن.

ئاساسنى تەكىتلەش دېگەندە — دەرسلىكتە «ئازايتىش تەپەككۇرى»نى قوللىنىپ ، ئاساس نىشانى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن . مۇرەككەپلىك ئاددىيلاشتۇرۇلغان ، چۇۋالچاقلىق ئىخچاملاشتۇرۇلغان . ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەققىياتى ، بولۇپمۇ ئۆمۈرلۈك تەرەققىياتىغا زۆرۈر بولغان مەزمۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان . يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ، ئاغزاكى ئالاقە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ، تەپەككۇرنى مەشىقلەندۈرۈپ مۇستەقىل پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئالاھىدە ئىمكانىيەت ھازىرلانغان.

ئۇنىۋېرساللىققا ئەھمىيەت بېرىش دېگەندە — پەننىڭ ئۆزلۈكىنى زىيادە تەكىتلەشتەك ئەنئەنىۋى قاراشنى تاشلىۋېتىپ ، پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىڭىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ، شۇنداقلا پىلانلىق ھالدا بىرقىسىم ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش پائالىيىتى ۋە تەتقىقاتلىق ئۆگىنىش مەزمۇنلىرىنى لايىھىلەشنى كۆرسىتىدۇ . بۇ خىلدىكى مەزمۇن ۋە پائالىيەتلەر ، مۇھاكىمە ۋە مەشىق سوئاللىرى ھەم تېكىستلەر بۇ قېتىمقى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىدە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئېچىۋېتىشنى گەۋدىلەندۈرۈش دېگەندە — دەرسلىكنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئىلگىرىكى تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىمىزدا ئادەتلەنگەن پروگراممىدا بەلگىلەنگەننى ئۆتۈش ، دەرسلىكنى ئاساس قىلىش دەيدىغان تار ئىدىيىدىن ھالقىپ ، دەرسلىكتىن ئىبارەت كىتابنى ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت كىتاب بىلەن بىرلەشتۈرۈش ، دەرسخانا ئىچىنى دەرسخانا سىرتى بىلەن زىچ باغلاش قارىشى بويىچە دەرسلىككە مۇئامىلە قىلىشنى چۈشەندۈرىدۇ . «ئىمتىھان مائارىپى» شارائىتىدا دەرسلىك مۇتلەق نوپۇزلۇق ئورۇنغا ئىگە ئىدى . دەرسلىكتە نېمە بولسا ، قانچىلىك بولسا ، قانداق بولسا شۇ پېتى ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش مەقسەت قىلىناتتى . ھازىر بولسا يېڭى دەرس ئىدىيىسى ئوقۇتقۇچىلاردا «دەرسلىك تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنىڭ مۇھىم بىر دەرس بايلىقى ، لېكىن بىردىنبىر بايلىق ئەمەس . ئوقۇتقۇچى دەرسلىكنى ئىشلەتكۈچىلا ئەمەس ، يەنە دەرس بايلىقىنى ئاچقۇچى ۋە پايدىلانغۇچى» دېگەن قاراشنى تۇرغۇزدى . ئېچىۋېتىشنى گەۋدىلەندۈرگەن يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى ، ئوقۇغۇچىلار دەرسلىكنىڭ «ئىشىكى»نى ئېچىپلا تۇرمۇشقا ، دۇنياغا ، بىلىم خەزىنىسىگە ، تەسەۋۋۇر بوشلۇقىغا تۇتىشىدىغان يولنى تېپىپ ، كەڭ شارائىتتا تىل ـ ئەدەبىياتنى ئۆگىنەلەيدۇ . دەرسلىكتە يەنە ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇشى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە بەلگىلىك بوشلۇق قالدۇرۇلغان.

**ئالىم خالىدىن:** دەرسلىككە تېكىست تاللاشتا قانداق شەرتلەر بار؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** يۇقىرىقى جاۋابىم كۇپايە بولسا كېرەك.

**يالقۇن روزى:** دەرسلىككە تېكىست تاللاشتا ئالدى بىلەن مەزمۇنىنىڭ ساغلاملىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت قاتتىق شەرتكە دۇچ كېلىمىز . ئۇنىڭدىن كېيىن بۆلەك تېمىنىڭ چەكلىمىسىگە دۇچ كېلىمىز . بۇنىڭدا «ھايۋانات دۇنياسى» ، «رەڭدار تۆت پەسىل» ، «بىناكارلىق سەنئىتى» ، «ئادەم ۋە مۇھىت» ، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ، «ۋەتەنپەرۋەرلىك» دېگەندەك مەخسۇس تېمىلىق بۆلەكلەر 80 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ . ئاز مىقداردا «ھېكايىلەر» ،

uyghurkitap.com



«سەھنە ئەسەرلىرى» ، «شېئىرىيەت جەۋھەرلىرى» دېگەندەك ژانىر چەكلىمىسىگە ئىگە بۆلەكلەرمۇ بار . بىز ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپ: «تاللانغان تېكىستلەر ئۆلگىلىك ، نادىر ۋە گۈزەل ، مول مەدەنىيەت مەزمۇنى ۋە دەۋر روھىغا ئىگە؛ تېمىسى ، ژانىرى ، ئۇسلۇبى مول ۋە كۆپ خىل؛ ئاسان ـ قىيىنلىقى مۇۋاپىق؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم» . بۇ پرىنسىپ «تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى»دە بەلگىلەنگەن . بىز تېكىست تاللاشتا مۇشۇنى شەرت قىلدۇق . ئىچكى جەھەتتە ، مەشھۇر ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى تاللاشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدۇق . ھەرگىزمۇ تەڭ تەقسىماتچىلىق ، دوست تارتىشىش ، يۈز قاراش ، كۆڭۈل ئاياش دېگەندەك ئىلمىي پوزىتسىيىگە يات چاكىنا ئادەتلەرگە يول قويمىدۇق . مىللەتكە ، ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسىنى ئەلا بىلدۇق . تېكىستلەرنى كوللېكتىپ ئوقۇپ پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن تاللىدۇق.

**ئالىم خالىدىن:** تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىنى تۈزۈش جەريانىدا ئەدىبلىرىمىزگە دېگۈدەك قانداق تەسىراتلارنى توپلىدىڭىز؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** بىزدىمۇ ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىلىرى ، رازۋېت يازغۇچىلىرى ، سىياسىي ئانالىز يازغۇچىلىرى ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەدىبلىرى بولۇشى كېرەك . فرانسىيە يازغۇچىسى فابىر ھاشاراتلار ھەققىدە ئون توملۇق كىتاب يازغان ، بۇ ئەسەر ھەم لىرىك ، ھەم ئىلمىيلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە . بىزدە يەنە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تۆھپىسى ، ھاياتى ۋە پەلسەپىسىنى قازىدىغان بىئوگرافىيە يازغۇچىلىرى بولۇشى كېرەك . بىز ئەمدى «ئېھ ، ۋەتەن ، مەن سېنى سۆيىمەن ، تاشلىرىڭ گۆھەر ، سۇلىرىڭ شەربەت» دەپ يۈرۈۋەرمەي ، ئۇنى ئەمەلىي، ئەقلىي ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك . بىزدە شىنجاڭدىكى ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى ، ھايۋانلار قامۇسى ، مەدەنىيەتلەر قامۇسى ، تائاملار قامۇسى ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قامۇسى... دېگەندەك ئابىدىلەر ۋۇجۇدقا كېلىشى كېرەك . شۇ چاغدىلا ۋەتەننى ئەقلى بىلەن سۆيىدىغان ئەۋلادلار بارلىققا كېلىدۇ . ئۆيىمىزدىكى ئاپتوۋا ـ چىلاپچىنىڭ ئەخلاقىي قىممىتى توغرىسىدا مەخسۇس كىتاب يېزىش مۇمكىن ، نان ھەققىدە توم ـ توملاپ ئەسەر پۈتىدۇ ، خورجۇن توغرىسىدا تالاي ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىش مۇمكىن . ئاختۇرۇپ كەلسەك ، ئۇ نەرسىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ـ پېنى بار . نۆۋەتتىكى دۇنيادا يەرلىك بىلىملەر ئۆزىنىڭ بىباھا قىممىتىنى ئىسپاتلايدۇ.

**يالقۇن روزى:** بۇ جەھەتتىكى تەسىرات دەرسلىك تۈزۈشكە قاتناشقان بارلىق مۇتەخەسسىسلەرگە ئورتاق . بىز دەرسلىك تۈزۈش جەريانىدا مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا تەرجىمىھال ئەدەبىياتى ، ساياھەت ئەدەبىياتى ، ئىلىم ـ پەن ئەدەبىياتى ، فانتازىيە ئەدەبىياتى دېگەندىن سۆز ئېچىشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلدۇق . تەبىئەت لىرىكىلىرى ، ھايۋانلار توغرىسىدىكى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ تولىمۇ قىسلىقىنى چۈشەندۇق . تارىخىي ھېكايىلەرنىڭ ساندنىڭ ئازلىقىدىن ئۆكۈندۇق . قىسقىسى ، تېما جەھەتتىكى نامراتلىق بىزنى خېلىلا ئويغا سالدى . بىزگە ئەڭ ئەسقاتقان ، بىزنى ئەڭ سۆيۈندۈرگەن ئەدىب ــ ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولدى . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ھەقىقەتەنمۇ بىر بىباھا خەزىنە ئىكەن . مەيلى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە ، مەيلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە بولسۇن ، ھەرقانداق بۆلەكنىڭ تېمىسىغا «قۇتادغۇبىلىك»تىن پارچە تېپىلدى . بۇ ئەھۋال باشقا كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزدە كۆرۈلمىدى . شۇڭا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بولغان ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىمىز دەرسلىك تۈزۈش جەريانىدا ھەسسىلەپ كۈچەيدى . 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزدىن ئەسەرلىرى ئېھتىياجىمىزغا كۆپلەپ ماس كەلگەنلىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، زۇنۇن قادىرى ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ، زوردۇن سابىر ، قۇربان بارات ، ئەخمەت ئىمىن ، مەمتىمىن ھوشۇر ، مۇھەممەت باغراش ، خالىدە ئىسرائىل ، ئەختەم ئۆمەر ، ئابلىكىم ھەسەن قاتارلىقلار . گەرچە باشقا يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ دەرسلىككە تاللانغان بولسىمۇ ، لېكىن يۇقىرىقى يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى تەلىپىمىزگە ھە دېگەندىلا چۈشۈپ بىزنى بەكلا خۇرسەن قىلدى . بىزنىڭ ، جۈملىدىن مېنىڭ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزغا دەيدىغىنىم شۇكى: تىل ـ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى دىيارنى قۇرۇش ، گۈللەندۈرۈش ، قوغداش ھەم دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش يولىدا تېما ، ئۇسۇل ، ئىدىيە جەھەتتىكى موللۇقنى ۋە خىلمۇخىللىقنى چوقۇم ھەل قىلىش كېرەك ئىكەن . بولۇپمۇ ، بىز نۆۋەتتە تېما نامراتلىقىنى يېڭىدىغان بىر مەيدان جىددىي خىرىسقا دۇچ كەلگەندەك تۇرىمىز . بۇ جەھەتتە بىزنى خەنزۇ ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتى ئالاھىدە سەگىتتى . مۇشكۈل يول تېخى ئالدىمىزدا.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

# مۇختار بۇغرا شېئىرلىرىدىكى ھالقىش

**بۇغدا ئابدۇللا**

ئادەتتە ناچار مىسرالىق شېئىرلار بىلەن مۇنەۋۋەر شېئىرلار ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى روشەن بىر سېلىشتۇرما، بۇ نۇقتىدا چوقۇم كېيىنكىسى كىشلەرنى ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ .

مۇختار بۇغرانىڭ بەدىئىي يۇزلىنىشگە دىققەت قىلغاندا، تەپەككۇر ۋە تېمىسىنىڭ كېڭىيىپ، مەنە جەھەتتە، بولۇپمۇ ئىچكى دۇنيانى ئىپادىلەشتە ئۆزگىچە يول تۇتۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن .

دەسلەپكى يىللاردا ياش شائىرنىڭ ناخشا تېكىستلىرىنى، كېيىنرەك بولسا شېئىر ـ نەسرلىرىنى مەتبۇئات يۇزىدە كۆرۈپ، خاسلىق بىلەن مەيدانغا چىقىۋاتقانلىقىنى بايقاپ تۇردۇق . ئۇنىڭ «ئاۋارە ھايات»، «5 ـ پەسىل»، «نابۇت بولغان كېچە»، «ئادەم ۋە ئېشەك»، «سۆيگۈسىز كوچا»، «سائەت نۆلدە»، «ئىچ ـ ئىچىدىن يىغلاش»، «بۇ ھايات» قاتارلىق شېئىرلىرىنى قوۋۇرغىسى بار ئەسەرلەر قاتارىدا سانىغىلى بولىدۇ .

كۆزىتىش ۋە ئىپادىلەش جەريانى بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ ئىجادىيەت مەنزىلىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىر مەنزىل ئۇنىڭ ئۆزىنى قانداق يېڭىلاپ تۇرغانلىقىنى ھەم قانچىلىك ھالقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ .

مۇختار ئۆز دىمەتلىكلىرىگە ئوخشاش ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ كەلدى ۋە بەلگىلىك تەجرىبىگە ئىگە بولدى .

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەملەرنىڭ كۆپىنچە ۋاقتى بېھۇدە، ئەھمىيەتسىز ئۆتۈپ كېتىپ بۇ جەرياندا ئۇلار ۋاقىتنىڭ نەقەدەر قىممەتلىكىنى ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن . ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېكىنى بايقاپ قالسا، ئۇ چاغدا قىلىپ بولالمىغان نۇرغۇن ئىشنىڭ بارلىقىنى دۇنيا ۋە تەكرارلانماس ھەربىر دەقىقىنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك، گۈزەل ئىكەنلىكىنى يۈرىكى بىلەن ھېس قىلىدۇ .

شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئادەتتىكى بىر نەرسىمۇ شۇ كىشىگە باشقىچە تۇس بىلەن كۆرۈنىدۇ . ھەقىقىي ھاياتنىڭ نىمىلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ .

بىر قىسىم سەنئەتكارلار ۋە باشقىلار شۇنداق پەيتلەردە ئۆتكەن ھاياتىدا يارىتالمىغان ئەسەرلىرىنى، قىلالمىغان ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى مۇمكىن .

دەرد كىشىنى ھەقىقەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ نىمىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

شائىر مۇنداق ھالىتىنى تەسۋىرلەيدۇ:
بىلدۇرۇپ قويغاندەك يۈرەكلىكىمنى،
ئىسقىرتىپ بارىمەن قەبرىستان ئارا...

قەلبىتىكى مۇڭ بىرخىل ئاۋازسىز ئىسقىرتىش، ئىسقىرتىش ھەرقانداق بىر ئىبارە ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان مۇڭ .

ئىنسان ھاياتى كۆپىنچە پۇشايمان بىلەن تولغان بولىدۇ . ھەركىم مۇراد ئىستەيدۇ .

لېرىك قەھرىمان كۆز ئالدىدىكى شۇنداق بىر سەرگۈزەشت ـــ كىرمىسە بولمايدىغان قاراڭغۇلۇققا ھېچقانداق يۆلەنچۈكسىز ھالدا، باتۇرلۇق بىلەن ئىسقىرتىپ يۈزلىنىدۇ...

رەھىمسىز كېسەللىك شائىر ۋۇجۇدىنى قاتتىق لەرزىگە سېلىۋەتكەن بولسا، ھايات ـ مامات بىلەن تولغان قىلدىن ئىنچىكە شۇ دەقىقىلەر ئۇنىڭ بەشەرىيەت ۋە ئۆزى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى ۋە يۈكسەلدۈردى . بۇ خىل مىنوتلار گەرچە قاتتىق قەلب جاراھىتى پەيدا قىلسىمۇ، بىراق، ئىجادىيەتكە نىسبەتەن سەكرەش ھاسىل قىلىشتا تولىمۇ مۇھىم ئامىل .

فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق سىمۋولىزمچى شائىرى پاۋل ۋالېرى ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە تەبىئەتتىكى گۈل ـ چېچەكلەرگە بولغان مۇھەببىتىنى ئالاھىدە، تەسىرلىك بايان قىلىپ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانىكەن .

مۇختار بۇغرامۇ مۇشۇنداق ئەينەن بىر كەچۈرمىشنىڭ ئىگىسى . بىراق، تەقدىر ـ قىسمەت سىناقلىرىدىن كېيىن، بىر ئىلاھىي سۇبھى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى .

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىياتلىق، ساپ، ھېكمەتلىك بولۇپ، مەيلى ياشلار، چوڭلار بولسۇن ياكى باشقا مىللەتلەر بولسۇن ھەممىسىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ .

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**

## ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرى ۋە باشقىلار

شېن ۋېي

**ئەيبۇ ياقۇپ** تەرجىمىسى

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا «تەڭرىتاغ» ژۇرناللار نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ نەشر قىلىنغان بۈگۈنكى دەۋر ياش ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىر توپلىمى «سالغا تېشى»نى ئوقۇغىنىمدا ، بوغدا ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى . مەزكۇر شېئىرلار توپلىمىغا ئۇنىڭ «سالغا تېشى» ماۋزۇلۇق شېئىرىنىڭ نامى قويۇلغانلىقىدىن بۇ شائىرنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى ، مەن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان شېئىرلىرى ئارقىلىقلا بۇ شائىرنى بىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگىمەن . تەرجىمىدە هامان بەزى نەرسىلەر يوقىلىپ كېتىدۇ . شېئىرنىڭ تەرجىمىسىدە بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەن بۇ شائىرنىڭ توققۇز پارچىلا شېئىرىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم . شۇڭا ، تومتاق تەسىراتلىرىمنىلا ئوتتۇرىغا قويالايمەن.

مېنىڭچە ، «سالغا تېشى» قايناق ھېس ـ تۇيغۇلارغا تويۇنغان ، تەپەككۇر كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك لىرىك داستاندۇر . ئۇ ھاياتلىق ۋە ئانا زېمىننى باش تېما قىلغان بولسىمۇ ، بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، يەنە تارىخ ، ئېتىقاد ، مۇھەببەت ، نەسىل قالدۇرۇش قاتارلىق كەڭ جەھەتتىكى تېمىلارنىمۇ بىللە يورۇتقان . بۇ داستاننى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ، خۇر ئېيتىلىۋاتقاندەك ھەم ھەيۋەتلىك بىر ئوركېستىر مۇزىكا ئورۇنداۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىمىز . شېئىردا تارىم ئويمانلىقى ، تەكلىماكان قۇملۇقى روشەن ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن نىل دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى ، يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالەتتىكى ياۋروپا ، ئافىنا ئىلاھلىرى ، بايرون قاتارلىقلارمۇ قەلەمگە ئېلىنىپ ، تەسەۋۋۇر ھەم ھېس ـ تۇيغۇلار ئازادە مۇھىت ئىچىدە ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن ، كۆرۈشكە بولىدۇكى ، بوغدا ئابدۇللا ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۇپراققا سادىق ھەم كەڭ نەزەر دائىرىگە ئىگە شائىردۇر . شېئىردىكى تارىخىي تەسەۋۋۇرلار ، ۋاقىت ھەققىدىكى سوراق ، خىتابلار كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ ھەم بىر خىل ئىچكى چوڭقۇرلۇققا يۈزلىنىپ بارىدۇ . شېئىردىكى :

«ھەمراھىڭدۇر يوقىلىۋاتقان ئاۋازلار»

«قەدىم دېگەن سىرلىق بىر ئۇقۇم.
تەلەپ قىلماس ھېچبىر ئىزاھات،
بەلكى قالغان يىلىكلەر ئارا».

دېگەن مىسرالار تەپەككۇر كۈچىگە ئىنتايىن باي بولۇپ ، شائىر بىزنى ۋاقىت ھەم زېمىندىن ئىبارەت يىلتىزىمىزغا قايتىشقا يېتەكلەيدۇ.

«ئانا» ئىنتايىن تەسىرلىك شېئىر بولۇپ ، ئۇنىڭدا توقسان ياشقا كىرگەن بىر ئانا يېزىلغان . ئەمەلىيەتتە بولسا شېئىر بارلىق ياشانغان ئانىلارغا بېغىشلانغان . مېنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى:

«ئوغلى بولمىسا ئوغلى بول!
قىزى بولمىسا قىزى بول!
يۈيۈپ قوي،
چاچلىرىنى تاراپ قوي.
دۈمبىسىنى سىلاپ قوي
پۇتىنى تۇتۇپ قوي»

دېگەن مىسرالار بولۇپ ، بۇ قۇرلار ئاددىي ، سەمىمىي ھەم تەسىرلىك يېزىلغان . مانا بۇنى بىز ھەقىقىي شېئىر دەيمىز . بۇلاردىن باشقا ، يەنە بىرقانچە شېئىرلار ، ئالايلى: «لاھور» ، «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» قاتارلىقلاردىمۇ خەلق قوشاقلىرىنىڭ گۈزەللىكى بار بولۇپ ، ئۇلاردىن ھەسرەت ، ئۈمىد ۋە مەدھىيە يالقۇنلىرى پارلاپ تۇرىدۇ . مېنىڭ نەزىرىمدىكى بوغدا ئابدۇللا شېئىرىيەتتە كۆپلىگەن ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى تولۇق ئىگىلىگەن ،

## ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭ

كۆپ قىرلىق شائىردۇر.

مەن بوغدا ئابدۇللانىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تېخىمۇ كۆپ شېئىرلىرىنى كۆرۈش ئۈمىدىدىمەن. شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى شېئىرلىرىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. چۈنكى، مەن ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى ۋە بۈگۈنكى دەۋر شېئىرىيىتىگە ئىزچىل دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. كۆپ مىللەت ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭ ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتى مېنىڭ بەھرىلىنىش ھەم ئۆگىنىش ئوبيېكتىم بولۇپ، ئۇلار ماڭا پايدىلىق ئوزۇقلۇقلارنى بېرىپ كەلدى.

تۆۋەندە مەن بىرنەچچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. بىز دائىم ئۇيغۇر مىللىتى شېئىر مىللىتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىمۇ ئاساسەن شېئىرىيەت تارىخى دەپ قارايمىز. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. مېنىڭچە، بۇنى كارامەت ئەدەبىيات ئەنئەنىسى دېيىشىمىز كېرەك. ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرسەك، دۇنيادىكى قايسىبىر مىللەت شېئىرىيەت مىللىتى ئەمەس؟ خەنزۇ مىللىتىنى ئالايلى: شېئىرنامە، چۇ نەزمىلىرى، تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى، سۇڭ، يۈەن دەۋرى نەزمە ـ مۇزىكىلىرى ۋە يېقىنقى يۈز يىللىق يېڭى شېئىرىيەت ئەنئەنىسى ھەم باشقىلار. خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى سېلىشتۇرساق، خەنزۇلاردا نەسرىي ئەدەبىيات سەل بۇرۇنراقلا بارلىققا كەلگەن، خالاس. خەنزۇ شېئىرىيىتىنىڭ كىتابىيلىققا يۈزلىنىشكە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىسى تۇرمۇش ھەم ئېغىزاكىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شۇ زامان، شۇ ماكاندىكى تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلىگەن. شېئىر ئىنسانىيەتنىڭ بالىلىقىغا، تۇنجى يىغىسىغا، تەمتىلەپ ماڭغان تۇنجى قەدىمىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ يوقىلىشى بىلەن يوقىلىدۇ. مەن ئىزچىل تۈردە «شېئىر يوقالدى نەزەرىيىسى»گە پەرۋا قىلماسلىق پوزىتسىيىسىدىمەن. شېئىر بۈگۈنكى كۈندە قەدىمكىگە ئوخشىمايدىغان مۇئامىلە ۋە تەقدىرگە دۇچ كېلىپ، يېڭى ئەھۋال ۋە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتى. لېكىن، بىر پۈتۈن شېئىرىيەتنى دەپنە قىلىۋېتىشتىن تېخى تولىمۇ يىراقمىز.

2. شىنجاڭ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىر ۋەھىينامىدۇر. شىنجاڭدا ئەدەبىيات كەڭ نەزەر دائىرە، زور سىغىمچانلىققا ئىگە قەلب، ئالىيجاناب روھ ھازىرلىشى كېرەك. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە مەن «ئۇنىۋېرسال لىرىكا»لىقنى، «شالغۇتلاشقان شېئىر»نى قوغلىشىپ كەلدىم. بىر يازغۇچى «ئۇنىۋېرساللىق»قا يۈزلىنىشى، شائىر تېخىمۇ «شالغۇتلىششقا» يۈزلىنىشى، ئۇ ـ روھ، قەلب، مەنىۋى تەربىيىلىنىش، يەككە ساپا جەھەتتىكى «شالغۇتلىشىش» بولۇشى كېرەك. 2005 ـ يىلقى «دۇنيا ئەدەبىياتى»نىڭ 2 ـ سانىدا مېنىڭ «ياقا يۇرتنىڭ تەلىمى» ناملىق ماقالەم ئېلان قىلىندى. مەن ماقالەمدە ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىسىنى يازدىم. ماقالەمدە مۇنداق جۈملىلەر بار: «شىنجاڭدىكى يىگىرمە يىللىق تۇرمۇشۇم ماڭا مۇنداق ئىككى نەرسىنى ئۆگەتتى: بىرى، ئېچىۋېتىلگەن نەزەر دائىرە ـــ سىغىمچانلىق، قىزىققاقلىق، ئىزدىنىش روھى، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئېلىش قاتارلىقلار. يەنە بىرى، تارىخىي نەزەر، بۈگۈنكى شىنجاڭدا ياشاش، مۇشۇ دەمدىكى زامان، ماكاندا تۇرمۇش كەچۈرۈشلا يېتەرلىك بولمايدۇ. شائىر بولغۇچىدا جەزمەن ‹ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ كۆزى› بولۇشى، تارىخىي تەسەۋۋۇر ۋە باشقا بىر رېئاللىققا چوڭقۇرلاپ بارالايدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك».

3. شىنجاڭ ئەدەبىياتى ـــ بىر پۈتۈن جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ دائىرىسىدە چەت ـ ياقا بەلۋاغدا تۇرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىمۇ بىر پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىياتى دائىرىسىدە مەركەز بولۇشتىن تېخى يىراقتا. لېكىن، 20 ـ ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتى بىلەن شەرقىي ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى كۆزگە روشەن چېلىقىدۇ. ئۇلارمۇ ئەسلىدە چەت ـ ياقا بەلۋاغدىكى ئەدەبىيات ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ چەت ـ ياقىدا بولۇشى، ئۇلارنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى، دۇنياۋى ئەدەبىياتقا ئايلىنىشى ئۈچۈن توسقۇنلۇق قىلمىدى. ئەدەبىيات ئۆز ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا مەلۇم رايونغا مەنسۇپ بولماي، بەلكى ۋاقىت ھەم ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ بولىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىياتتا چەت ـ ياقىلىق «ئاجىز»لىق بولماستىن، يەنە بەزى چاغلاردا «ئۈستۈنلۈكمۇ» بولۇپ قالىدۇ. ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالدىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، 21 ـ ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتى ئەسىرى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى زور. ئەمەلىيەتتە سۇسان سانتاگ، سەيىد قاتارلىق غەرب ئىلىم ئەھلىلىرى بۇنداق يۈزلىنىشنى ئالدىن كۆرەلىدى. مەن كۆپ مىللەتلىك شىنجاڭ ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىنىڭ كۈتۈلمىگەن ئەرزىگۈدەك ئىستىقبالىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن.

(ئەسكەرتىش: مەزكۇر ماقالە 2005 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بوغدا ئابدۇللا ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان.)

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

# «ئاقيول» نىڭ تۇنجى جۇلاسى

ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن ئاخىرقى مەنزىلى چەكسىزلىك ئىچىگە يوشۇرۇنغان يولدا كېتىپ بارغان سىرلىق كارۋانغا ئوخشايدۇ . بىز بۇ ھەقتە كۆپ گەپ قىلمىساقمۇ ، ئاشۇ سىرلىق كارۋاننىڭ قانچىلىغان داۋان ۋە ئۆتكەللەردىن ھالقىپ بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم . ئۇ ماڭغان يوللارنىڭ ئاقىرىپ نۇرلانغان چاغلىرىمۇ ، قارىيىپ خىرەلەشكەن چاغلىرىمۇ بولغان . لېكىن ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئانىسى بولغان خەلقىمىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئاق يول تىلەپ كەلدى . شۇڭا ، بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز ئالۋۇنلۇق يوللاردا يۇلتۇزدەك جىلۋىسىنى يوقىتىپ قويمىدى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە يېڭى بىر جىلۋىلىنىش ، يېڭى بىر نۇرلىنىش بارلىققا كەلدى . ئاشۇ جىلۋىلىنىش ۋە نۇرلىنىشتىمۇ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ رولى ھەقىقەتەن چوڭ بولدى . شۇ چاغدا بىز «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى بىر ئاق يولىنى كۆرگەندەك بولغانىدۇق . شۇ چاغدا دادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن بىر تۈركۈم ياش شائىرلىرىمىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدىكى بىكىنمىلىك ، تۇرغۇنلۇق ، تەقلىدچىلىك ، شوئارۋازلىق ، تەكرارلىق قاتارلىق پاسسىپ ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ ، يېڭىچە بىر سادانى ياڭراتقانىدى . ئەنە شۇ سادا دەسلەپتە تېڭىرقاش ، يېتىرقاش ، ئىشەنچسىزلىك ھالەتلىرىدىن ئۆزۈل ـ كېسىل قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ ، ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يېڭى بىر يۈكسىلىش ، يېڭى بىر نۇرلىنىش ئېلىپ كەلدى . ياش شائىرلىرىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى جاسارىتى پېشقەدەم ۋە ئوتتۇرا ياش شائىرلىرىمىزغىمۇ ئۆزلىرى يېزىۋاتقان شېئىرلىرى ھەققىدە ئويدانىراق ئويلىنىپ بېقىش سىگنالىنى چالدى . شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى ، شۇ چاغدا بىر تۈركۈم شېئىرلار ئۆزىنىڭ خاسلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى . تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى قاتماللىق ، سۇنئىيلىك ، زورۇقۇش ، تەكرارلىق ، ياسالمىلىق قاتارلىقلار چۆرۈپ تاشلىنىپ ھەقىقىي شېئىرىي مۇھىت ۋە بەدىئىي مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈردى . بۇ شېئىرلاردىكى جەزبىدار ئۆزگىچىلىك بىزنىڭ پېشقەدەم ۋە ئوتتۇرا ياش شائىرلىرىمىزغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەسر ، ھېكايە ۋە باشقا ژانىرلارمۇ يېڭى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىگە يېڭىچە يول تېپىشقا باشلىدى . 80 ـ يىللاردا باشلانغان ئاشۇ بىر تۈركۈم شېئىرلار ئۆزلىرىدىكى ئىچكى ئىزچىللىقنى ساقلاپ ، شائىر ۋۇجۇدىنى چۇشەپ قويىدىغان خىلمۇخىل قاتماللىقلارنى چۆرۈپ تاشلاپ ، خەلققە بېغىشلانغان يېڭى شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۈگۈنىنى بارلىققا كەلتۈرەلىدى.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ «ئاقيول» رېستورانى بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ قېتىمقى «ئاقيول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلىش پائالىيىتى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى يارىتىش ئۈچۈن ئىزلىنىۋاتقان خاسىيەتلىك ئىشلىرىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر . مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا بېرىلىۋاتقان «ئاقيول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەرنى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى شېئىرلارنى ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن . مەن ئۇنىڭدىكى بەزى شېئىرلاردىن شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئاق يولدا يېڭى شېئىرىي مەنزىلگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . مەسىلەن ، شائىر مۇختار بۇغرانىڭ «سۆيگۈسىز كوچا» ناملىق شېئىرىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

بىر چاغدىكى غالجىر ئىتلارمۇ،
يول بويىدا ئالار شېرىن دەم.
ۋىسال قۇچتۇق دەيسەنۇ ئەمما،
ئۇچرىمايدۇ ئادەمدەك ئادەم.

بۇ مىسرالار «سۆيگۈسىز كوچا»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېتى بولسىمۇ ، بىز ئۇنىڭدىن شائىرنىڭ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىققان ئاچچىق لىرىكىنىڭ مەسخىرىلىك ساداسىنى ئاڭلايمىز . شائىر شېئىردا تىلغا ئالغان كوچا بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزگە تۇتىشىپ تۇرغان سىرلىق كوچا ، ئۇنىڭدا بىز تەشنا بولغان ئىنسانىي سۆيگۈ ، ئادىمىلىك ، ۋاپادارلىق ، ئىزگۈلۈك قاتارلىق ئىنسانىي

خىسلەتلەر كۆرۈنمەيدۇ . كۈندىن ـ كۈنگە ياتلىشىپ ، ئۆز ئەسلىنى يوقاتقان مۇھەببەتلىك قەلبنىڭ لەنتىگە ئۇچراۋاتقان ئاشۇ «سۆيگۈسىز كوچا» ئوقۇرمەنلەرنى ئادىمىيلىك ، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ . مەن بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ شېئىرنىڭ «ئۇچرىمايدۇ ئادەمدەك ئادەم» دېگەن ئەڭ ئاخىرقى مىسراسى خۇددى ئېسىل بىر مۇزىكىنىڭ ياڭراق ئەۋجىدەك قەلبىمنى ئۇزۇنغىچە لەرزىگە سېلىپ ، بىزنىڭ ياتلاشقان روھىمىزغا تىغ ئۇرىدۇ . مەن ئىشخانىدا ئىشلەۋاتقاندىمۇ ، كوچىلاردا كېتىۋاتقاندىمۇ ۋە يەنە باشقا يىغىلىشلاردا يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ قەلبىمدە ئاشۇ مىسرا ياڭراپ ، مېنى «ئادەمدەك ئادەم» بولۇشقا ئۈندەيدۇ . مۇختار بۇغرا قەلبىدە يارىتىلغان شېئىرىي كوچا ، شېئىرىي مۇھىت مېنى ئادىمىيلىكنىڭ تەبىرى ھەققىدە يېڭى بىر نۇقتىدىن قايتىدىن ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

شېئىرىي مۇھىت — شائىر قەلبىدىكى مۇھىتنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن چىرمىشىش ئاساسىدا يېڭىدىن تۈرلەنگەن مۇھىتنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزى ئەمەس ، شېئىرىي مۇھىتنى شائىر قەلبىدىكى مەڭگۈ پىنھان مۇھىت بىلەن تەڭلەشتۈرۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس . بىز ئېيتىۋاتقان شېئىرىي مۇھىت شائىر قەلبىدىكى مەڭگۈلۈك پىنھانلىقتا قانچە يېقىنلاشسا ئۇ ئۆزىدىكى شېئىرىي يارقىنلىقنى شۇنچە نۇرلاندۇرالايدۇ.

مەن ئەمدى ياش شائىر ئاسىمجان ئوبۇلقاسىمنىڭ «سۇ تالىشىش» ناملىق شېئىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

سۇ — يەر شارىدىكى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسە . ئۇ بىزنىڭ ھاياتلىقىمىزنىڭ مەنبەسى . سۇ بولمىسا بىزنىڭ ھېچنەرسىمىز بولمايدۇ . مەن بۇرۇن سۇ ھەققىدىكى نۇرغۇن شېئىرلارنى ئوقۇغان بولسامۇ ، ياش شائىر ئاسىمجان ئوبۇلقاسىمنىڭ «سۇ تالىشىش» ناملىق شېئىرىدىن ئۆزگىچە بىر بەدىئىي لەززەتكە ئىگە بولدۇم.

تالاشقاندەك ئىككى قەبىلە،
ئۇن تۆت ياشلىق رەسىدە قىزنى.
بىر توپ تەلۋە زوراۋانلاردىن،
تالىشىمەن بىر ئېچىق سۇنى.
... ...
ئېرىق بويلاپ بارىمەن تەنھا،
يۈرىكىمدە ئاقىدۇ دەريا.
ئاشىق بولدۇم بىر ئېچىق سۇغا...
... ...
سەن زېمىننىڭ ئەمەس مېنىڭكى،
دەريا ئەمەس ، بىر تامچىدۇرسەن.
ئوردىسىدا سۇ شاھىنىڭكى.
... ...
سۇ چاچىدۇ
چېچىشىدۇ گۈل
مەن ئالماقچى بولغان گۈزەللەر.

گەرچە يۇقىرىقىلار «سۇ تالىشىش» شېئىرىنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يەرلىرىدىن ئۈزۈۋېلىنغان مىسرالار بولسىمۇ . مەن بۇ شېئىردىكى ھەربىر مىسرانى ئوقۇغىنىمدا سۇ ھەققىدىكى يېڭى بىر مۇزىكىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم . شېئىرنىڭ تىلى بەدىئىي ۋە راۋان ، خەلق تىلىدەك ئاددىي ۋە جانلىق ، مۇزىكىدەك ياڭراق ۋە سېھىرلىك . مەن بۇ شېئىرنى ئوقۇش ئارقىلىق شېئىرلىرىمىزنى خەلقنىڭ جانلىق تىلى بىلەنمۇ بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

يېقىندىن بېرى بەزى ياش شائىرلىرىمىزدا شېئىرىي تىلنى خەلق تىلىدىن يىراقلاشتۇرۇش ، سۈنئىيلەشتۈرۈش ، زورلاپ يالتىراقلاشتۇرۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ . بۇ خىل ھادىسە شېئىرىيىتىمىزنى خەلقتىن يىراقلاشتۇرسا يىراقلاشتۇرىدىكى ، يېقىنلاشتۇرالمايدۇ . شېئىرىيەت ئۆز خەلقىگە قانچە يېقىنلاشسا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى شۇنچە نامايان قىلىدۇ . چۈنكى ، ھەربىر مىللەت شېئىرىيىتىنىڭ يىلتىزى ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىدە بولىدۇ . خەلقتىن ئايرىلىش شېئىرنى يىلتىزسىز دەرەخكە ، سۈنئىي گۈلگە ئوخشىتىپ قويىدۇ.

مېنىڭچە ، ياخشى بىر شېئىردا سىتېرېئولۇق كۈي بولغاندىن باشقا ، خەلق قەلبىگە سىڭىپ كېتەلەيدىغان سېھىرلىك چۆچەكمۇ بولۇشى كېرەك . چۆچەكلىك خۇسۇسىيەت شېئىرىيەتنى مەڭگۈلۈك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ . يۇقىرىقى شېئىرنىڭ تۆۋەندىكى كۇپلېتىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئىككى ئېرىق ، ئىككى قەبىلە،
بىر ـ بىرىنى قىلىدۇ قەتلە.
ئېرىقتىكى قىزنى دېمىسە،
ئەپ ئۆتەتتى مەڭگۈ ـ مەڭگۈگە.

بۇ كۇپلېتتىن بىز خۇددى بىر چۆچەكنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاڭلىغاندەك بولىمىز . بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ تىلى ، روھى ئۆز خەلقىمىزنى مەنبە قىلسا بۇ ھەقىقەتەن كارامەت ئىش بولىدىكەن . بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شېئىرىي تىلنى جانلاندۇرىدۇ.

«شائىرنى شائىر قىلىدىغان تىل ، ئۇ مىللەتنىڭ روھىدىن كېلىدۇ» . شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ بۇ سۆزى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى ، بىز شېئىرىي تىلنى خەلق تىلىدىكى تەبىئىيلىككە قانچە يېقىنلاشتۇرساق ئۇنىڭ بەدىئىي كۈچى شۇنچە ئاشىدۇ.

«ھەقىقىي مەنىدىكى شائىر پەقەتلا خەلق . ئۇ گۈزەل ئەپسانە ، رىۋايەت ، بېيىت ـ قوشاق ، داستانلىرى بىلەن زاماندىن ـ زامانغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . خەلق مەۋجۇتلا بولىدىكەن ، ئۇنىڭ تىلى ھايات بولىدۇ . شېئىرىيەت تىلى خەلقتىن كېلىدۇ . خەلق تىل خەزىنىسى ،

شائىرنىڭ ئۇنى بىر ـ بىرلەپ ئىزدىشىگە ، بىر ـ بىرلەپ يىغىشىغا ، مەنىلەرنى ئىنچىكىلەپ پەرقلەندۈرۈشىگە ، تاۋلىشىغا ، يۈكسەك بەدىئىي پەللىگە كۆتۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ . بۇ جەھەتتە شائىر دېگىزدىن مەرۋايىت ئىزدە-گۈچى غەۋۋاسقا ئوخشايدۇ» . مەن «سۇ تالىششىش» ناملىق شېئىرنى ئوقۇپ ، شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنىڭ دەلىلىنى كۆرگەندەك بولدۇم . «سۇ تالى-شىش»تا سۇنئىي ، ياسالما سۆز بىرىكمىلىرى مەۋجۇت ئەمەس . ئۇنىڭ تىلى خەلق قوشاقلىرىدەك ئاددىي ۋە تەبىئىي ، يېقىشلىق ۋە يېقىملىق . خەلقنىڭ ساددا تى-لىنى شېئىرىي تىلغا ئايلاندۇرۇش شائىرنىڭ ماھارىتىگە ۋە خەلققە بولغان ساداقىتىگە باغلىق . ئەمدى بىز «سۇ تالىشش»نىڭ بىرىنچى كۇپلېتىنى ئوقۇپ باقايلى:

شۇنچە مەرغۇل ، شۇنچە لىۋەنسەن،
شۇنچە شېرىن ، نازۇك بەدەنسەن.
ئويناقششىڭ دۇلدۇلدۇر گويا،
كۈيلەشلىرىڭ بۇلبۇلدۇر گويا.

تەبىئىي ئېقىننىڭ شىلدىرلىشىنى ئەسلىتىدىغان بۇ مىسرالاردا ، خەلق تىلىدىكى پاساھەت شائىرنىڭ ماھارىتى بىلەن بىرلىشىپ ئۆزگىچە شېئىرىي قىممەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن . بۇنىڭ ئەكسىچە بەزى شائىرلىرىمىزدا بە-دىئىي قىممەتنى سۇنئىي ، ياسالما سۆزلەردىن ئىزدەيدى-غان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت . ئۇ شېئىرىي تىلنىڭ تەبىئىي-لىكىنى بۇزۇپلا قالماي ، شېئىرنى خەلقتىن يىراقلاشتۇ-رىدۇ . ھازىر ئېلان قىلىنىۋاتقان بەزى شېئىرلاردا «تەلۋە ساداقەت» ، «تىۋىشسىز جىمجىتلىق» ، «مۇجۇلغان يال-غۇزلۇق» ، «غازاڭنىڭ چۈشى» ، «سارغۈچ كۈلكە» ، «بېشىل چۈش» ، «ھازىدار موھتاجلىق» ، «مۇقەددەس ھاياجان» ، «قاقشال يۈرەك» ، «باراقسان تىلەك» دېگەن-دەك پۇراقلىق يېڭى ئىبارىلەر پەيدا بولۇپ قالدى . بۇ خىل سۆز بىرىكمىلىرى دەسلەپكى چاغلاردا شېئىرىي تىلىمىزغا يېڭى تۈس بەرگەندەك قىلغان بولسىمۇ ، ئا-شۇنداق ياسالمىلارنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىشى شەكىل-ۋازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ھازىر بۇ خىل ياسالمىلار-نىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان يېڭى تۇيغۇسى تۈگەپ كونا قاتماللىقنى نامايان قىلىدىغان بولدى . ئەگەر بۇ خىل ھالەت ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە ئۇ شېئىرىي تىلىمىزدىكى يېڭى بىر نۇقسانغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

ئەمدى غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتنىڭ «دۇتارچى ئا-يال» دېگەن شېئىرىدىكى بەزى مىسرالارنى كۆرۈپ با-قايلى:

بارمىقىڭ چاپتۇرۇپ كېلەر قىقاسلاپ،
تارلارنىڭ ئۈستىدە ساناقسىز ئاتتى.
... ...
ھېلىقى كوچىغا باشلىدىڭ يەنە،
يارىمنىڭ كۆڭلىكى قىپقىزىل ئىدى.
... ...

مۇھەببەت دۇنيادا ئەڭ يامان ئوغرى،
تۇتۇلماي كەلگەن ئۇ ناخشا ئىچىدە.

گەرچە يۇقىرىقى مىسرالارمۇ بۇ شېئىرنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يېرىدىن يۇلۇۋېلىنغان بولسىمۇ ، دۇتارچى ئايال ۋە ئۇ ياڭراتقان سېھىرلىك كۈيگە ھايات ۋە مۇھەببەتنىڭ ئۆل-مەس ئەقىدىسى سىڭىپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز . شېئىردىكى دۇتار شېئىرنى روشەن مىللىيەتكە ئىگە قىلغان . شۇڭا ، شۇ شېئىردىن پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا خاس بولغان جەزبىدار كۈي تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ . ئاشۇ كۈي زوق-لانغۇچىلارنى بۇ شېئىردا ئالۋۇندەك جىلۋىلىنىۋاتقان شېئىرىي مەنە ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ.

ئۆزگىلەي ئاسماندا ئايىڭ بولمىسا،
قايتمايمەن تېمىگنى ئۆرۈپ كېچىدە.

بۇ مىسرالار شېئىرنى مەڭگۈلۈك چۆچەك دۇنياسىغا چېتىپ ، ئۇنى ئۆلمەس بەدىئىي قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ . بۇ شېئىرنىڭ بىر ئۇچى ھايات ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى كۈيگە تۇتاشسا ، يەنە بىر ئۇچى ھايات ھەققىدىكى مەڭ-گۈلۈك چۆچەكلەرگە تۇتىشىدۇ.

بىر چىنە قىزىق چاي ، ھور ئۆرلەپ تۇرغان،
كېلەر ئېبە ، كۆپپىدە ئىچكۈم ھاياتنى.

شائىرنىڭ ھاياتقا بولغان سۆيگۈسى تولىمۇ يېقىش-لىق ، مەرى ئىسسىق سۆزلەر بىلەن يارقىن ئىپادىلەنگەن . «بىر چىنە قىزىق چاي» بۇ بىز ھەر كۈنى ئىشلىتىپ تۇرىدىغان ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان دېھقانمۇ يۈزدەيۈز بىلىدىغان ئاددىي سۆز . لېكىن ، ئۇ شائىرنىڭ ماھارىتى ئارقىلىق كۆپ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە شېئىرىي تىلغا ئايلانغان . بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدىكى ، خەلق تىلى شېئىرىي تىلنىڭ ئانىسى.

«ئۇقۇم قانچە ئاددىي ۋە ئېتىبارسىز قارىلىپ كەلگەن ھالەتتىمۇ ، مىسرادا تېگىشلىك جايىنى تاپسىلا كىشى-لەرنى نېمىشقا مېنىڭ خىيالىمغا كەلمىگەندۇ دېگۈزۈۋې-تىدۇ . سۆز ھېسسىياتتىن ئېقىپ چىقىدۇ . ئۇ قانچە تەبىئىي بولسا شۇنچە يارقىن بولىدۇ . خەلق تىلىنى بىر خىل يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك» . شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ بۇ سۆزىمۇ شائىرنىڭ خەلق تى-لىنى ئۆزىگە خاس بولغان بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆ-تۈرۈش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش ھەققىدە بېشارەت بې-رىدۇ . دېمەك ، مەن «دۇتارچى ئايال» دېگەن ئۈچ كۇپلېت شېئىرنى ئوقۇغىنىمدا خۇددى دۇتار بىلەن ئورۇندالغان ياخشى بىر كۈينى ئاڭلىغاندەك بولدۇم . بۇ قېتىمقى مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتلانماي قالغان يەنە بىر مۇنچە شېئىرلار بار . ئۇلاردىمۇ مەن بايا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بەدىئىي يارقىنلىقلار چاقناپ تۇرىدۇ . مەن سۆزۈمنى تۆۋەندىكى تىلىكىم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

شېئىرىيىتىمىز ئاق يوللۇق بولسۇن!

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**




**مۇھەررىردىن:** شىن ۋېي 1965 ـ يىلى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇجۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان . 1987 ـ يىلى جېجياڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . 1988 ـ يىلى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ خەيىنەنگە بارغان ، ئاندىن شىنجاڭغا كەلگەن . 1990 ـ يىلى «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» ئىدارىسىدە ، 2000 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە .

ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «قىسقا ئارىلىقتا توختاش» ، «ئېگىزلىكتىكى ھاڭ» ، «تورنىكىم ، يولۇم» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى ، «چۈش مەزگىلىدىكى شېئىر ئىلاھى» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى ، «شىنجاڭ ئاتالغۇلار لۇغىتى» ناملىق نەسرلەر توپلىمى ۋە «شىنجاڭ زىياپىتى» ناملىق ساياھەت خاتىرىلىرى توپلىمى قاتارلىقلار بار . ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تۇنجى نۆۋەتلىك «لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ، 7 ـ نۆۋەتلىك «مەملىكەتلىك ياشلار ئوقۇشلۇقلىرى مۇكاپاتى» ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن . شىن ۋېي ئۆزىنىڭ رايون سالاھىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى «ئىككى يۇرت»نىڭ جىسمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ، گاھ كۆرۈنۈپ ، گاھ كۆرۈنمەي تۇرىدىغان ئاشۇ چوڭ مۇھىت ئىچىدە لىرىكىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بارىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مەۋجۇدىيەت ، زامان ، ئۆلۈم ، مۇھەببەت قاتارلىق تېمىلار ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر يۇرگۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا تەجرىبىلەرگە نەزەر ئاغدۇرۇلۇپلا قالماستىن ، تېخىمۇ مۇھىمى ئىلاھىي تۇيغۇلاردىن ئەيمىنىش ھەم ئۇنىڭغا ئەگىشىشمۇ بار . ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا يوشۇرۇنغان سېھرىي كۈچتە كەڭلىك ۋە ئازاب تەركىبلىرىمۇ بار بولۇپ ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ تىلى بىلەن يېزىقچىلىقنى بىر خىل يۇنىلىش خاراكتېرلىك «ئۇنىۋېرسال لىرىكىلىق»قا يۈزلەندۈرىدۇ .

## قىزلار ھۆپپىدە ئېچىلىپتۇ دالىدا


قىزلار ھۆپپىدە ئېچىلىپتۇ دالىدا ،
قوللىرىدا زورلۇقلۇق ئوخشاپ قالار ئانارغا .
چىشلىۋالساڭ ، ئىچىگە لىپىلىق تولغان مۇھەببەت ،
ئۆلگىنى شۆھرەتنىڭ مىنگىنىچە ئېگەرلەپ ،
كېلەر ئۇلار زۇمرەتتەك سۈزۈك ئېقىن بويىغا .

نازۇك ، يۇمران ، ئۇز گۈللەر ھەسرىتىمنى قۇچماقتا ،
ئۇلۇغ ئاچتىم روجەكنى ،
شېئىر ۋە قۇش ساماغا لەرزان ـ لەرزان ئۇچماقتا .

بارماقتىمەن مەن ئۆرلەپ بويلىغانچە مۇنارنى ،
پورەك ئاچقان گۈللەردەك شۇنچىلىك كۆپ قىزلارنى ،
يىغماقتىمەن ئورمىلاپ قەلبىمدىكى ئورغاقتا .

## نېمە مەنىسى بار شامالنىڭ

نېمە مەنىسى بار شامالنىڭ ،
ئۇ ھەر تامانغا ئۇچۇپ يۈرىدۇ ،
ھەممە يەرنى قۇچۇپ يۈرىدۇ .
نېمە مەنىسى بار شامالنىڭ ،
ئۇ كەلگىنىچە سايدىن ، جىلغىدىن ،
ئۇچۇرىدۇ قىزنىڭ چېچىنى ،
تاراملىتار مۇزدەك يېشىنى .
نېمە مەنىسى بار شامالنىڭ ،
ئۇنىڭ بىلەن قىقىلىدۇ مېۋىلەر باغدا ،
ئېتىز ـ قىرلار قالىدۇ داغدا .
نېمە مەنىسى بار شامالنىڭ ،
سەرسان يۈرەر ياپراقلار بۇندا ،
قىچىپ يۈرەر توزانلار ئۇندا .



نېمە مەنىسى بار شامالنىڭ ،
يوللار كەتتى شامالنى تاشلاپ ،
ياتار ئۇ كۆل قوينىدا كۆزنى ياشلاپ .
نېمە مەنىسى بار شامالنىڭ ،
تاغ ئۈستىدە ئۆچتى بىر چىراغ ،
مۇھەببەتنىڭ چاقنىغىنىدەك بىردىن ، تۇيۇقسىز
ھەم ئۆچكىنىدەك شەپىسىز ، ئۈنسىز .

## قۇملۇق ھوسۇلى

يامغۇر سۈيى سىڭدى قۇملۇققا ،
قىزىق ئاپتاپ تىندى قۇملۇققا .
ئاپئاق قارلار چۆكتى قۇملۇققا ،
تۆت پەسىل ۋاقتىنىڭ تۆت پاي ئايىغى ،
كونىرىغانچە قالار قۇملۇقتا .

ئۇچقان قۇشلار مۆكتى قۇملۇققا ،
بۇلۇتلارمۇ يىتتى قۇملۇقتا .
قەدەملەرمۇ چۆكتى قۇملۇققا ،
كالاملارنى تامالاپ پىرلار ،
تارقىلىشتى ، پۈتتى قۇملۇقتا .

سۈكۈت ، سۈكۈتكە سىڭمەكتە ئاستا ،
چىقىۋاتقان ئۇ سۇسقىنە ئاۋاز ،
ئوخشار بىر كىمنىڭ ،
ئەڭ ئاخىرقى خورسىنىشىغا .

## شەيخ ۋە ئۇنىڭ قىزى

تىمتاسلىق ،
مازارنىڭ كۆپكۆك قۇببىسى ئۆزرە ،
ئۆگدەپ تۇرماقتىدۇر بىر جۈپ ئاق كەپتەر .
ئوقۇغاندەك مەرسىيە ياكى قەسىدە ،
چۆچۈپ ئاي نۇرىدىن بۇقۇلدار ، ئۈنلەر .

پەيدا بولار شەيخ ھەم شەيخنىڭ قىزى ،
شام كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلەر لەھەت ئىچىگە .
سوغۇق شامال كېلىدۇ ئۇدۇل ،
باقىنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوققاندەك ،
ئەلەڭشىپ تۇرىدۇ ئىككى كۆلەڭگە .

سۈكۈت ،
تەزىم ،
شەيخ ھەم شەيخنىڭ قىزى
خۇددى بۆشۈكتىكى بوۋاقنى باققانغا ئوخشاش ،
ئاۋايلاپ سۈرتەر گۈمبەزدىكى توزاننى .
توققۇز قەبىلىنىڭ بېگى ياتىدۇ بۇندا ،
شان ھەم سەلتەنەتنىڭ يارى ئەينىدە .
قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا يەم بوپتۇ بوگۈن ،
قارىماس زىنھار ئۇلار ئەمدى كەينىگە .

تۆككەنچە ئاپئاق نۇر بوۋايغا ، قىزغا ،
ھالقىپ تىمتاسلىقتىن شۇنداق خىرامان ،
تولۇن ئاي ئېسىلغان مازار ئۈستىگە .
قايتار شەيخ ھەم شەيخنىڭ قىزى ،
چۈشىدە بۇقۇلدايدۇ بىر جۈپ ئاق كەپتەر ،
ئوقۇغاندەك مەرسىيە ياكى قەسىدە .

## پالنامە

—تۈرك يازمىلىرىغا تەقلىد

1

دەيدۇ:
ئالا ـ چىپار شوڭقارمەن پۈتۈن ،
تىتىلىپ كەتكەن گىلەمدىن كۆچكەن .
توي ئۈزۈكى ، پەيلەرمۇ يىتتى ،
ياتماقتىمەن دەرەخ ئۈستىدە ،
چىرايىمدىن غەملەرمۇ ئۆچكەن .
... چۈشىنىڭلار بۇنى شۇنداق دەپ .

2

دەيدۇ:
قىزىل چاچلىق زالىم شاھ ، بىر كەمپىرنىڭ چۈشىدە ،
باقار ئىككەن يۈز مۈشۈك بارخانلارنىڭ چېتىدە .
چەللىسىنى بورانلار كەتكەن تامام ئۇچۇرۇپ
بۇردا نانغا زارۇ زار يۈرسىمۇ گەر ئاھ ئۇرۇپ ،
قۇتۇلۇپتۇ ئۆلۈمدىن
ساپلىقىنى يالىغاچ ئولتۇرغانچە ئۆيىدە .
... چۈشىنىڭلار بۇنى شۇنداق دەپ .

3

دەيدۇ:
قاناتلىرى قاغىنىڭ توسۇۋالغاچ ئاسماننى ،
قېرى بۆركۈت زېمىندا سەيلە قىلىپ يۈرىدۇ .
ئامان قالماس قوناقلار ، بالىلارمۇ ھەم چاشقان ،
قېرى بۆركۈت بۇلارنى قاغىلاردىن كۆرىدۇ .
قېنى سىلەر ئېيسىڭلار قاغىلارنى شاخلارغا ،
قانىتىدىن چىڭ باغلاپ دەرەخلەرگە ئېيسىڭلار .
... چۈشىنىڭلار بۇنى شۇنداق دەپ .

4

دەيدۇ:
يولۋاستۇرمەن ھالسىز ، مادارسىز ،
باش ــ كۆزۈمگە سانجىلغان تىكەن .
ئالا بالداقلىرىم نۇرغا چۆمۈلگەن ،
چۈشكۈرسەممۇ سوغۇق تەگكەندەك ،
يالقۇن ھەيكىلى ، ئالتۇننىڭ كۆلىدۇرمەن ،
يولۋاستۇرمەن ، يولۋاس مەن دىگەن .
... چۈشىنىڭلار بۇنى شۇنداق دەپ .

5

دەيدۇ:
بەردە تۇپراق ، ئاسماندا تۇمان ،
قۇش ئاداشتى ئۇچقانچە بىردىن .
كېتىۋېتىپ يوقالدى بالا ،
ئانا ئايرىلىپ قالدى كۆزىدىن .
خۇدا ساقلىغاچ ،
ئۇچىرىشىپتۇ قەشقەردە ئۇلار ،
شۇندىن ئۆزگە يەتتە يىل كېيىن .
خۇشاللىقتىن كۆزلەردە لىق ياش ،
بالا يىغىدا ، مۇسەللەس ئىچىشىپ ساماغا چۈشكەن
سەمەرقەنتلىك چىرايلىق كېلىن .
... چۈشىنىڭلار بۇنى شۇنداق دەپ .

## تاش ئۈستىدىكى ساكلار

ئەمچەكلەر ھەم ساغرىلار ، جان بېرىنى سىزغانچە ،
ئۆزلىرىنى ساقلاپتۇ ساكلار تاشنىڭ ئۈستىدە .
كۆز ياپرىقى شامالدا ئۇچقان كەبى پايانسىز ،
يات چىرايغا ئۆزگەردى ئۇچ مىڭ يىللار ئۆتكەندە .
كوچىلاردا ھازىرمۇ ئۆتسەڭ ئەگەر سۈركىشىپ ،
تاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، چاچرار كۆپكۆك ئۇچقۇنلار .
چۈنكى تاشقا ئايلانغاچ بۇندا ئوتلاق ، دەريالار ،
پادىلىرى ئۇلارنىڭ يايرىبالماس يايلاقتا .
موزىيىغا بۇغىنىڭ ئۈسۈپ قاپتۇ قوش تۇمشۇق ،
غايىۋانە كۈچ بىلەن بوشلۇق ئۆزرە پەرۋازدا .

## تىمساھ

تىمساھنىڭ بەتبەشىرە گۈزەللىكىنى چۈشىنىش كېرەك ،
ھاياجان ھەم خاتىرجەملىكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ،
تۇتىدۇ ئۇنىڭ قانخورلۇقى ، قان خۇمارلىقى .
ئۇنىڭ كالچايغان ئېغىزىدىن شۈركەنسىمۇ تەن ،
«قەبىھ»لىك ئاتىقىنى بەرمەيلى ئاڭا ،
ئويىنىشى ، يىيىشى كۆلچەكتە ئۇنىڭ ،
مېھرىمىزنى ئۆزەلمەسلىكىمىزگە ئوخشايدۇ تامام ،
ئاۋارە بولغىنىمىزغا خىرە ئارزۇغا .

## ئىككى يۇرتۇم

يۇرتۇم قەبرە ئىدى تۇغۇلغاندا مەن ،
قۇياش ھەم دالا كۆمگەن مېنى ئۇنىڭغا .
يىغلىغانتىم ئەلەمدە قاقشاپ ،
كەتكەنىدىم يۇرتۇمنى تاشلاپ ،
سەرسان بولۇپ چەت ــ يىراقلارغا .

كۆردۈم ،
قارلىق چوققا ھەم قىزىللارنى ،
قۇملۇق يەنە غۇنچە ــ قىزلارنى ،
قايتتىم بوگۈن ئاق چاچلىرىم يول باشلاپ كەلدى ،
كەلدىم قايتىپ ، ئېيە ئاشۇ بۆشۈكۈم ،
تەۋرەشلەردىن توختاپتۇ ئەمدى .

## ياز پەسلى

چىلاپ ئولتۇرىدۇ پۇتلىرىنى كارىزغا ،
تاشپاختا رەخت يېپىنغانچە ياز پەسلى .
ئۈچ تىلەمچى قەشقەردىن كېلىپ ،
قېقىشتۇردى ئۈستى ــ بېشىنى ،
ئاڭا تەگكەش
پىتلار باشلىدى جۇل ــ جۇل ناخشىنى .

قار سۇلىرى ئېقىپ كېلىپ پامىردىن ،
چاپار قۇملۇققا
ئۆلتۈرگەندەك خۇددى ئۆزىنى .

چەكسىز ئېرۇر بۇندا كۆك ئاسمان ،
بۈركۈت پەرۋاز ئەتمەي ئۆگدەپ تۇرار .
قارا رەڭلىك ئۇندەش بەلگىسى ،
ئۇنىڭ يۈرىكىگە تىنماي سانجىلار .

قەلبىنىڭ قاق بولمىقى تېخىمۇ دەھشەت ،
كۆيمەكتە تۆگىنىڭ قوۋۇرغىسى ، يىلىكى ئەدەپ .

ئوت ۋە نۇر ، قۇملۇق ھەم كۆلەڭگە ،
يالىڭاچ بىر ئىلاھ تۇرغاچقا ساقلاپ ،
گېلىنىڭ① ئىشكى مەھكەم ئېتىلگەن .

زېمىن ، كائىناتتا لەيلەپ يۈرگەن چاق ــ چۇق تاۋاقتۇر ،
ئۈستىدە ئانار ، ئۈزۈم ، قوزا باردۇر نالە قىپ تۇرغان .

(ئاپتورنىڭ «توزىڭىم ، يولۇم» ناملىق توپلىمىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

① گېلى ــــ قوش قاسراقلىق قۇلۇلە.



TANGRITAG LITERATURE

# ژۇرناللىرىمىزنىڭ 2006 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولغايسىزلەر!

**«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 5 ـ ساندىن باشلاپ يېڭى قىياپەتتە نەشر قىلىنىشنى باشلىدى!**

❖ «ئىجادىيەت مەركىزى»مىز ھەر ساندا ئۇيۇشتۇرۇپ بارىدىغان تەخىرسىز تېمىلاردىكى ئەسەرلەر سىزنى چوقۇم رازى قىلىدۇ.

❖ ھازىرقى قايناق، مۇرەككەپ تۇرمۇش ۋە كەچۈرمىشلەر تەسۋىرلەنگەن «تۇرمۇش تەسۋىرلىرى» سىزگە ھايات ھەققىدە ھېكمەت، تېگىرقاشلىرىڭىزغا يول كۆرسىتەلەيدۇ.

❖ قىزىقارلىق پاراڭ ئاڭلىماقچى بولسىڭىز، سوئاللاردىن ئىزدەپ يۈرمەڭ. ژۇرنىلىمىزنىڭ «راست ئىشلار خاتىرىسى» سىزگە ئەتراپىڭىزدىكى رېئاللىق، ئادەملەر ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ قىلىپ بېرىدۇ.

❖ سەردار ياشلىرىمىز تونۇشتۇرۇلىدىغان، ياشلارغا ياشاش ۋە چىقىش يولى ھەققىدە مایاك بولۇۋاتقان «ياشلىق» سەھىپىسى ئۆز جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ نامايان قىلىدۇ.

❖ داڭلىق مۇتەخەسسىس، ئەدىبلىرىمىزنىڭ يىغىلىشدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەدەبىيات ھەققىدىكى نەق پاراڭلار سىزنى ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە مۇپەسسەل چۈشەنچە ۋە قاراشلارغا ئىگە قىلىدۇ.

❖ ئانا يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى «ئانا يۇرت تەسۋىرلىرى» سەھىپىسى ئارقىلىق تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىۋالالايسىز.

❖ تىرىكچىلىك ۋە ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرگە ئەڭ ياخشى، ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئەمەلىي مەسلىھەت بېرەلەيدىغان «بازار ۋە بىز» سەھىپىسىدىن ئۆز يولىڭىزنى ئىزدەپ كۆرۈڭ.

❖ «ئاياللار كۆڭلى» سەھىپىسى ئاياللارنىڭ مەخپىي قەلب سىرلىرى ۋە ئويلىغانلىرى ئارقىلىق بۇ پىنھان دۇنيانى ئالدىڭىزدا ئاشكارىلايدۇ.

❖ ئەڭ يېڭى ئەدەبىي ئۇچۇرلار، سەنئەت ئۇچۇرلىرى ۋە يېڭى كۆزقاراشلارنى ژۇرنىلىمىزدىن ئىزدەڭ.

❖ جۇڭگو ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن بەھرە ئېلىڭ.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ يىللىق باھاسى: 42.00 يۈەن، پارچە باھاسى: 7.00 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83_58

---

❖ بازار ئۇچۇرىنى ياخشى ئىگىلەپ، كومپيۇتېر سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، يەنىلا «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلىغا نەزەر ئاغدۇرۇڭ.

❖ «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلى سىزنى تېز سۈرئەتتە كومپيۇتېر ئۆگىنىش مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزىدۇ.

❖ ژۇرنىلىمىز ئارقىلىق كومپيۇتېر رېمونت قىلىش سەۋىيىسىگە يېتەلەيسىز.

❖ ئەڭ تەخىرسىز، بازارلىق بولۇۋاتقان كومپيۇتېر مەشغۇلاتلىرىنى ژۇرنىلىمىز ئارقىلىق بايقاڭ ۋە ئۆگىنىڭ.

❖ ژۇرنىلىمىزدا كومپيۇتېر دۇنياسىدىكى يېڭىلىقلار، قىزىقارلىق ھېكايىلەر ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنۇلىدۇ.

❖ ژۇرنىلىمىز ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئويناش، توردا زۆرۈر ماتېرىياللارنى ئىزدەش، توردا ئالاقىلىشىش، پاراڭلىشىش، تور بەت تۈزۈش قاتارلىق بىلىملەر ئارقىلىق تۇرمۇشىڭىزغا تېخىمۇ رەڭ قوشىدۇ.

**ئۇيغۇر تىلىدىكى كومپيۇتېر بىلىملىرىگە ئائىت بىردىنبىر ژۇرنال «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلى 2006 ـ يىلىدىن باشلاپ ۋاقتىدا، سۈپەتلىك نەشر قىلىنىدۇ!**

يىللىق باھاسى: 30.00 يۈەن، پارچە باھاسى: 5.00 يۈەن، پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 44 ـ 58

---


ژۇرناللىرىمىزغا ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى ياكى تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق مۇشتەرى بولسىڭىز بولىدۇ.
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي شىخۇڭ يولى 52 ـ نومۇر ئالاقىلاشقۇچىلار: ئىمىرھەسەن مەخمۇت، شاۋكەت شۆھرەت.
پوچتا نومۇرى: 830063 تېلېفون نومۇرى: 0991 4658897، 0991 ـ 8151072


GoTone
未 来 在 我 手 中
畅享移动新生活
مۇلازىمەت مەخسۇس رايونى مەخسۇس سىز ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ۋاقتىڭىزنى تېجەپ قالدۇ .
1860 ئابونتچىلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسىنىڭ 24 سائەتلىك مەخسۇس ئورۇن مۇلازىمىتى ، ئالمىكېزەر تور
پونكىتىنىڭ مەخسۇس رايون مۇلازىمىتى ، تىجارەت زالىنىڭ تىجارەت مەخسۇس رايون مۇلازىمىتىدىن مەخسۇس
سىز ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بوشلۇقنى تولۇق ھېس قىلالايسىز.
بىر بوشلۇقنى ئۈلۈغلاپ مەخسۇس ئورۇنىنى بەھرى ئېلىڭ
ئالەمكېزەرنىڭ ئېخسۇ كۆپ مۇلازىمەتلىرى :
دۆلەت ئىچى ، خەلقئارا كەزمە مۇلازىمىتى
رايون ئاتلىغان مۇلازىمەت
12590 ھەقسىز كاتىپلىق مۇلازىمىتى
ھېسابات تالونىنى پوچتا ئارقىلىق ھەقسىز ئەۋەتىش مۇلازىمىتى
يېڭى كەسپىنى ئالدى بىلەن ئېچىش ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىش
ئىنتىپاق تۈزگەن شىركەتلەرگە ئېتىبار بېرىش پائالىيىتى
قالدۇق تېلېفون ھەققىنى ئەسكەرتىپ قويۇش مۇلازىمىتى
تېلېفون توختىتىشنى ئېيتىپ قويۇش مۇلازىمىتى
تېلېفون ھەققىنى سۈرۈشتۈرۈش ، ھېسابات تالونىنى چىقىرىپ بېرىش مۇلازىمىتى
中国移动通信
CHINA MOBILE
移 动 通 信 专 家
www.x.chinamobile.com
采智广告全面代理2841226

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

SHiFT_the future

## شەرق شاملى ـ نىسسان جوخۇي مەخسۇس سېتىش ئورنى



# شىركەتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

شىنجاڭ جوخۇي ئاپتوموبىل سېتىش ـ مۇلازىمەتلىق قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2004 ـ يىلى قۇرۇلغان ، ئورنى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ ئالتۇن ـ كۆمۈش يولىدا (شەرقىي ئايلانما يولى بازىرىنىڭ ئۇدۇلىدا) بولۇپ ، كۆلىمى 6210 كۋادرات مېتىر بولغان ئاپتوموبىل سېتىش ، سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتلىق ، زاپچاس بىلەن تەمىنلەش ، ئۇچۇر قايتۇرۇش بىر گەۋدىلەشكەن نىسسان ئاپتوموبىلىنىڭ يەر شارى بويىچە ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن 4S مەخسۇس سېتىش ئورنى.

مەخسۇس سېتىش ئورنىنىڭ تىجارەت تۈرلىرى: شەرق شاملى — نىسسان ئاپتوموبىل چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ پۈتۈن يۈرۈش مەھسۇلاتلىرى ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن نىسسان لەنىياۋ . مەرتىۋە ، ياڭگۇاڭ ، تيەنلەي ، جىڭجۇ نىسسان ئاپتوموبىل چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشلەپ چىقارغان پالادىن ۋە پىكوپ قاتارلىق پۈتۈن يۈرۈش مەھسۇلاتلىرى بار . مەخسۇس سېتىش ئورنىمىز يەنە خېرىدارلارنى تېخنىكىلىق تەربىيىلەش ، يېڭى ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرۈش ، قەرەللىك ئاسراش قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ . ئورنىمىز ھازىر غەربىي شىمالدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ، ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل ، ئەسلىھەلىرى ئەڭ تولۇق بولغان نىسسان ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ئۆلچەملىك ئاپتوموبىل سېتىش مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

مەخسۇس سېتىش ئورنىمىز تىيانشان رايونىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئالتۇن ـ كۆمۈش يولى ، تاشقى ئايلانما يولىغا تۇتاش . ئارقا تەرىپىدە خەلقئارا چوڭ بازار ، تىنچلىق يولى بار ، قاتنىشى ئىنتايىن قۇلايلىق بولغان ئاۋات شەھەر رايونىدىكى ئاپتوموبىل رېمونت مۇتەخەسسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەخسۇس سېتىش ئورنىمىزدا نىسسان ئاپتوموبىللىرىنى تەكشۈرىدىغان ، رېمونت قىلىدىغان مەخسۇس ئۈسكۈنىلەر بار ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە تويوتا ، بېنز ، BMW قاتارلىق كۆپ دۆلەتلەردە ئىشلەپ چىقىرىلغان ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىدىغان كومپيۇتېرلىق تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكلار بار بولۇپ ، خېرىدارلارنى يۇقىرى سۈپەتلىك رېمونت ۋە ئاسراش مۇلازىمەتلىقى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

# ئەڭ يېڭى باھا جەدۋىلى

| ئاپتوموبىل تىپى | مەرتىۋە ھەشەمەتلىك (MT)<br>EQ7200DIQ | مەرتىۋە ھەشەمەتلىك (AT)<br>EQ7200DIR | مەرتىۋە ھۆزۈرلۈق (AT)<br>EQ7200DIB | مەرتىۋە چەكلىك مىقداردا سېتىلىدىغىنى (AT)<br>EQ7200ID | مەرتىۋە بايراقچى<br>EQ7200DIC |
|---|---|---|---|---|---|
| بازار باھاسى | 158800 | 168800 | 185800 | 193800 | 199800 |
| ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى | 154800 | 164800 | 181800 | 189800 | 195800 |
| ئاپتوموبىل تىپى | تيەن لەي 230JK<br>EQ723023V | تيەن لەي (ئۈستى دېرىزىلىك)230JK<br>EQ723023S | تيەن لەي 230JM<br>EQ723023W | تيەن لەي (ئۈستى دېرىزىلىك) 230JM<br>EQ723023X | تيەن لەي 350JKVIP<br>EQ735035Y |
| بازار باھاسى | 249800 | 256800 | 292800 | 299800 | 349800 |
| ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى | 244800 | 251800 | 294800 | 294800 | 344800 |
| ئاپتوموبىل تىپى | شىن ياڭگۇاڭ (AT)EMT<br>EQ7202HU | شىن ياڭگۇاڭ (MT)EAT<br>EQ7202HV | شىن ياڭگۇاڭ (MT)LEAT<br>EQ7202HW | شىن ياڭگۇاڭ (MT)LSAT<br>EQ7202HY | شىن ياڭگۇاڭ (MT)LSAT<br>EQ7202HZ |
| بازار باھاسى | 143800 | 153800 | 159800 | 166800 | 183800 |
| ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى | 139800 | 149800 | 155800 | 162800 | 179800 |
| ئاپتوموبىل تىپى | يىدا 1.6JMT | يىدا 1.6JAT | يىدا 1.6 JEAT | يىدا 1.6JSAT | |
| بازار باھاسى | 119800 | 129800 | 139800 | 159800 | |
| ئاپتوموبىل تىپى | سىدا 1.6GMT | سىدا 1.6GAT | سىدا 1.6 GEGE | سىدا 1.6GSAT | |
| بازار باھاسى | 119800 | 129800 | 139800 | 159800 | |

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتۇن ـ كۆمۈش يولى نىسسان ماركىلىق ئاپتوموبىللار كۆرگەزمە زالى تېلېفون:2880118 2880116 ـ 0991 مۇلازىمەت تېلېفونى:2880168 2880888 ـ 0991